

KASHGAR LITERATURE

# قەشقەر ئەدەبىياتى

4

1990



«كۇلالچى» (ماي بوياق) (مەمەت ھېيىت سىزغان)



قوغۇن بولسا شۇنداق بولسا (ئابدۇقېيۇم تۇرسۇن تارتقان)

# قەشقەر ئەدەبىياتى

( قوش ئايلىق ژۇرنال )

4
1990

19 - يىل نەشرى

( ئومۇمىي 95 ـ سان )

«قەشقەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى

## نەسرىي ئەسەرلەر


تىلىۋالدى ئېيسا ………… سىرلىق قاسىراق ………… 2
مىرزاھىد كېرىمى ………… شىرىن چۈشتىكى قارا كۆلەڭگە ………… 14
ئىمىنجان رەھىملى ………… مومای ۋە ئۇنىڭ كېلىنى ………… 22
قۇندۇز مۇھەممەت ………… جان ھەلقۇمىدا ………… 24
مېھرىنسا ماموت ………… ئىزسىز جاراھەت ………… 55
مۇھەممەتتۇرسۇن ئەھەت ………… ئاق لالە ………… 63
ئابدۇمىجىت سابىر ………… بىچارە ………… 77
مۇھەممەتتۇرسۇن ئىبراھىمى ………… ئىككى ئەسىر ………… 85
ئەسئەت ئابدۇقادىر ………… ئەسەرلەر ………… 90
روشەنگۈل تۇرسۇن ………… ئەسەرلەر ………… 92
ئەمتىمىن رەھمەتۇللا ………… ئەسەرلەر ………… 94


## شېئىرىيەت گۈلزارى


قاۋۇل ساۋۇر ………… شېئىرلار ………… 27
ھوشۇر ئىبراھىم ………… شېئىرلار ………… 31
قادىر ئۆلاق ………… ئىككى شېئىر ………… 34
ئابدۇرشىت سەلەي ………… رەڭلەر لەززىسى ………… 35
ماموت زايىت ………… سۆيگۈ غەزەللىرى ………… 37
ئابلا ئەخمىدى ………… شېئىرلار ………… 39
ئابدۇللا ياقۇپ ………… شېئىرلار ………… 40
مۇھەممەت روزى ………… شېئىرلار ………… 42
سەييار، قادىر سىدىق، ئوسمانجان زۇنۇن، مۇخ-
تەر قادىر، ئابدۇرېھىم قاۋۇل، ئابلىجان ھېيت،
ئەنۋەرجان مۇھەممىدى، ئوسمانجان مۇھەممەت،
تەلئەت جېلىل، قەھرىمان روزى، ئەمەت يولداش،
تۇرسۇنجان ھەسەن، نۇرمۇھەممەت ياسىن، ئىپتىخار،
تۇرغۇن سادىر، مەخمۇت ماموت، ئالىم ياۋا،
بۇخەلچەم ماموت، يۈسۈپجان بارات، ئابدۇرۇ-
سۇل ئىمىن ………… شېئىرلار ………… 45


## ئەدەبىي ئىجادىيەتكە دائىر مۇلاھىزىلەر


كېرىمجان ئابدۇرېھىم ………… ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىلىرى نەزەرىدىكى ئۇيغۇر پىروزىچىلىقى ………… 80


## ساتىرا ۋە يۇمۇر


يالقۇنجان ئىسلام ………… تاۋۇس بىلەن تورغاي ………… 97
ئەمەتجان قەييۇم ………… كونا - يېڭى لەتىپە ………… 101


## بالىلار ئەدەبىياتى


ئابامەت تۇختى ………… قۇتلۇق قەدەم ………… 103


## ئەدەبىي ئىجادىيەت كۇرسى


پەرھات سېيىت ………… ھېكايىنىڭ تۈزۈلۈشى توغرىسىدا ………… 108
كۇرسانتلار ئىجادىيىتىدىن ………… ………… 112


## قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن


شائىسياز كەپەل ………… پامىر كۆيلىرى ………… 116
قەدەم دىربەن ………… قەبرە تاختىسى ………… 116
باتۇرجان ئاتىخان ………… ئېقىنلار ………… 117


## خەزىنە


………… ئاتا ۋەسىيىتى (چۆچەك) ………… 118
………… ئەقىللىق ئەزىمەت (چۆچەك) ………… 120


## ئەجداد ۋە ئەۋلاد


قۇتلۇق ھاجى شەۋقى ………… …………
ئابلەھمەت ھاجى ………… …………


(بۇ ساندىكى ئىستۇرما رەسىم ۋە ھۆسنىخەتلەرنى جۇمە ئابدۇللا، ئەنۋەر ھاشىم ئىشلىگەن)

ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش — ھەم ئەدەبىيات – سەنئەتنىڭ يۆنىلىشى ھەم ئەدەبىيات – سەنئەتنىڭ مەقسىتى. بىزنىڭ ئەدەبىيات – سەنئەت خادىملىرىمىز خەلق ئاممىسىنىڭ ھوزۇرلىنىش ئادىتىنى قاتتىق كۈچ سەرپ قىلىپ تەتقىق قىلىشى، قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى زور كۈچ بىلەن ئىجاد قىلىشى لازىم. ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلارغا ئېھتىياجلىق بولغان، ئۇلار ياخشى كۆرىدىغان، جۈملىدىن دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى جان – جىگەر قېرىنداشلار ۋە چوڭ قۇرۇقلۇق سىرتىدىكى مۇھاجىر قېرىنداشلار ئېھتىياجلىق بولغان، ئۇلار ياخشى كۆرىدىغان ئەسەرلەرنى قېزىش، رەتلەش، پىششىقلاپ ئىشلەش، ئىجاد قىلىش، ئويناش ۋە تارقىتىش مەسئۇلىيىتىمىز بار.

«ئېچىلىش – سايراش» فاكچېنى — سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات – سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ تۈپ فاكچېنى: بۇ فاكچېننى ئىزچىللاشتۇرۇش بىزدىن تىرىشىپ ئەدەبىيات – سەنئەت خادىملىرىغا دېموكراتىك، ئىناق، ئىتتىپاق، ئالغا ئىنتىلىدىغان مۇھىت يارىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. كۆپ يىللاردىن بۇيانقى ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، «ئېچىلىش – سايراش» فاكچېنىدا قايسى ۋاقىتتا چىڭ تۇرۇلسا ۋە ئۇ ئىزچىللاشتۇرۇلسا، شۇ چاغدا سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات – سەنئەت ئىشلىرى گۈللەپ ياشنىدى ۋە ھاياتىي كۈچكە تولدى؛ «ئېچىلىش – سايراش» فاكچېنى قايسى ۋاقىتتا تاشلىۋېتىلسە ياكى ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىنسا، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات – سەنئەت ئىشلىرى قاتماللاشتى، سۇسلىشىپ كەتتى. ئون يىللىق مالىمانچىلىق مەزگىلىدىكى «1 مىليارد خەلق سەككىز تىياتىرنى كۆرگەن» تارىخىي ساۋاقنى ئەستە چىڭ ساقلىشىمىز لازىم.

مىللىي مەدەنىيەت خادىملىرىمىز سان ۋە سۈپەت جەھەتتە ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالمىغان ئېغىر ئەھۋالدا تۇرماقتا. شۇڭا ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ كۈچنى بىرلەشتۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم. مىللىي مەدەنىيەتتە ھەر خىل تۈرلەر، ھەر خىل ئېقىملار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئەۋزەللىكلىرى ۋە ئالاھىدىلىكى بار. مىللىي مەدەنىيەتنى جارى قىلدۇرۇش — بارلىق تۈر ۋە ئېقىملارنى ئورتاق ئۆستۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەممەيلەن بىر – بىرىگە ھۆرمەت قىلىشى، بىر-بىرىدىن ئۆگىنىشى، بىر – بىرىنى ئەينەك قىلىشى، ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكلىرىنى تۈگىتىشى كېرەك. مىللىي مەدەنىيەت خادىملىرى ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللەتنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشىنى مۇھىم بىلىپ، كۆكسى – قارنىنى كەڭ تۇتۇپ، تار دائىرىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆز ئارا غۇم ساقلايدىغان ئىشلارنى تۈگىتىپ، ھەممىدە ئالغا قاراپ، مىللىي مەدەنىيەتنى جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت چوڭ نىشان ئاستىدا ئىتتىپاقلىشىپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، مىللىي مەدەنىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشكە تۆھپە قوشۇشى لازىم.

(يولداش لى رۇيخۇەننىڭ «مەملىكەتلىك مەدەنىيەت، سەنئەت خىزمىتى ئەھۋالىنى ئاڭلاشتۇرۇش بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى» دىن)

ئىلمۇئالدى ئەيسا




(ھېكايە)

بىر كۈنى پېشىن ۋاقتى بىلەن «S» زاۋۇتى ئائىلىلىكلەر بىنا سىنىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى بىر يېرىم ئېغىز كونا ئۆيگە ئوت كېتىپ، قارا ئىس ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. ئەتراپتىكى قوشنىلار بۇ ئاپەتنىن خەۋەر تېپىپ، ئالمان-تالمان يېتىپ كېلىشكىنىدە، ئوت شىددەتلىك يالقۇنغا ئايلىناي، دەپ قالغانىدى. ئوت كەتكەن بۇ ئۆيگە تۇتىشۇپ كەتكەن باشقا ئائىلىلىكلەر ۋە يېقىن يەردە زاۋۇتنىڭ ياغ ئىسكىلاتى بولغاچقا، ئوت ناھايىتى زور تەھدىت سېلىپ تۇراتتى. شۇڭا كۆپچىلىك ئىچىدىن بىرسى بۇ ئەھۋالنى تېلېفون ئارقىلىق، شەھەرلىك ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىگە خەۋەر قىلىش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى. قالغانلار ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، سىرتتىن سۇ ۋە توپا سېپىشكە باشلىدى.

ئوت ئۆچۈرۈش خادىملىرى تېزلا يېتىپ كەلدى. ئوت ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا ئۆچۈرۈۋېلىندى. ئەمما نەچچە ئون يىللاردىن بۇيان بۇ ئۆيدە خۇددى تەركەندەك يالغۇز يىگانە ياشاپ كېلىۋاتقان روزاخۇن ئۇستام ئۆيىنىڭ ئىچىگە سولۇنۇپ قالغانلىقتىن، ئۆلۈپ كەتكەنىدى. شۇنداقتىمۇ، ئېھتىمال ئۇ-چۈن روزاخۇن ئۇستامنىڭ زادى قانداق سەۋەبتىن ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئېنىق بىلمەي تۇرۇپ، جەسەتنى يۆتكەشكە بولمايتتى. ئەھۋالنى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىغا مەلۇم قىلىش زۆرۈر ئىدى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ جىنايى ئىشلار رازۋېتكا بۆلۈمىدىن بىر قانچە خادىم دەرھال نەقمەيدانغا يېتىپ كېلىشتى ۋە جەسەتنى سۈرەتكە ئالدى. ئۆيدىكى كۆيمەي قالغان نەرسىلەر ئىچىدىن تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك دەپ قارالغان نەرسىلەرنى ئېلىپ سومكىغا سالدى. ئاندىن ئۇلار بىلەن بىرگە كەلگەن قانۇن دوختۇرى ھېزىم جەسەتنى تەكشۈرۈپ كۆردى. ئۇ، تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۆلگۈچىنىڭ ئېغىز-بۇرنىدا كۈل يوقلۇقىنى، بوينىدا قانداقتۇر گېلىنى سىققان ئىز تۇرغانلىقىنى بايقىدى. جەسەتنى يەنىمۇ ئەتراپلىق ھەم ئېنىق تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدىغان بولغاچقا، ئەتراپتىكى ئادەملەر ئۇستامنىڭ سالامەتلىكىنى...

ۋالى، مىجەزىنىڭ قانداقلىقى، كىشىلەر بىلەن ئۆچەكلىشىپ قاتتىق زىددىيەت پەيدا بولۇپ قالغانلىقى... قاتارلىق تەرەپلەر سورالغاندا، كۆپچىلىك روزاخۇن ئۇستامنىڭ يېشى گەرچە ئاتمىشلارغا يېقىنلاپ قالغان بولسىمۇ، ئەزەلدىن ئۆزى ئىشچان، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىچىملىك ۋە چېكىملىكتىن خالى بولغاچقا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان كۈنلىرىنىڭ ئىنتايىن كەملىكىنى، مىجەزىنىڭ ئوبدانلىقىنى، بىرەر كىشى بىلەن سەن-پەن دېيىشىپ قالمىغاچقا، ئارىدا ئاداۋەت تۇتقىدەك زىددىيەت چۈشۈش ئېھتىماللىقىدىن يىراق ئىكەنلىكىنى ئىنكاس قىلىشتى. بۇنىڭ بىلەن رازۋېتچىكلار بىلەن قانۇن دوختۇرى دەسلەپكى قەدەمدە: «تەجرىبىلىك قاتىل روزاخۇن ئۇستامنىڭ گېلىنى سىقىپ ئۆلتۈرگەن، ئەمما ئۆزىنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئىزنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۆيگە ئوت قويۇۋېتىپ قېچىپ كەتكەن!» دېگەن يەكۈنگە كېلىشتى. ئەمما شۇنداق يەكۈنگە كېلىشكەن بولسىمۇ، ئوت ئۆچۈرۈش جەريانىدا نەقمەيدان ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغانلىقتىن، نەقمەيداندىن يا بىرەر ئىز، يا بىرەر ماددىي ئىسپات تېپىلمىدى. دېمەك، بۇ ئەنزىنى پاش قىلىش ھەقىقەتەن زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلاتتى.

شۇ كۈنى كەچ ئىدارە باشلىقى مۇناسىۋەتلىك بۆلۈملەردىكى خادىملارنى يىغىپ ئاچتى. ئەنزىنىڭ جەريانى تونۇشتۇرۇلۇپ ئۆتۈلگەندە، ھەممەيلەن دېگۈدەك بۇ ئەنزىنىڭ سىرلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى. چۈنكى، شەھەردە خىلمۇخىل ئەنزىلەر يۈز بېرىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بۇنىڭدەك مۇرەككەپ ئەمەس ئىدى.

— بۇ ئەنزىنىڭ تېز ھەم توغرا بىر تەرەپ قىلىنىشى جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقىنى، خەلقنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش بىلەن بىللە، يەنە ئۆزىمىزنىڭ كەڭ ئامما ئارىسىدىكى ئىناۋىتىنى ساقلاش بىلەن زىچ باغلىنىشلىق، — دېدى جىنايى ئىشلار رازۋېتكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئىدارە باشلىقىدىن كېيىن سۆز ئېلىپ، — شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر يولداش يۈكسەك دەرىجىدىكى ھوشيارلىقنى جارىي قىلدۇرۇپ، كۆرسىتىلگەن ئورۇندا رازۋېتكا قىلىشى، رازۋېتكا جەريانىدا ئايرىملىق بىلەن ئورتاقلىقنى ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇشى، رازۋېتكا ئەھۋالىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا بۆلۈم ياكى ئىدارە ئىشخانىسىغا دوكلات قىلىشى لازىم!

بۆلۈم باشلىقى ئاخىرىدا خادىملارنى بىر قانچە ئورۇنلارغا تەقسىملىدى، خادىملار كۆرسىتىلگەن ئورۇنلارغا يۈرۈپ كەتتى.

— مېنىڭ روزاخۇن ئۇستامنىڭ قولۇم - قوشنىلىرىدىن ئىگىلىگەن ئەھۋالىم مۇنداق، — دېدى رازۋېتچىك ساۋۇت ئەتىسى چۈشكە يېقىن بۆلۈم باشلىقىغا ئەھۋالنى دوكلات قىلىپ، — روزاخۇن ئۇستام تۈنۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن ئۆتكەن ئايدا ئالغان ئەللىك يۈەنلىك بىر پارچە لاتارىيە بېلىتىگە بىر توڭلاتقۇ مۇكاپات سوپىتىدە چىققانلىقىنى، توڭلاتقۇنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن نەقمەيداندا مۇۋاپىق باھادا سېتىپ قايتقانلىقىنى خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى باسالمىغان ھالدا سۆزلەپ بەرگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا...

— سىز جىنايەتچى مۇشۇ پۇلنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئەنزە پەيدا قىلغان

دىمەكچىمۇ؟ — دەپ سورىدى بۆلۈم باشلىقى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

— شۇنداق، مېنىڭچە مۇشۇنداق بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىندەك تۇرىدۇ.

— مەن ھازىرچە ئىگىلىگەن ماتېرىياللار ئۈستىدە ئىدارە باشلىقى بىلەن مۇزاكىرىلىشىۋاتىمەن. سىز يەنە ئەھۋال ئىگىلەپ بېقىڭ، ھېلىقى توخلاتقۇ سېتىلغانمۇ يوق!

— بولىدۇ، — رازۋېتچىك ساۋۇت چىقىپ كەتتى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ھەر قايسى پەيچۇسولار بىلەن ئالاقىلىشىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان رازۋېتچىك تۇرغۇن ئىككىنچى پەيچۇسوغا ئۈچ ئادەمنىڭ بىر يانچۇقچىنى تۇتۇۋېلىپ تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى.

— ئۇنىڭ يېنىدا پۇل بار — يوقلۇقىدىن خەۋەر تاپتىڭىزمۇ؟ — سورىدى بۆلۈم باشلىقى ئەھۋالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تاماكا چەككەچ ئويلىنىپ.

— خەۋەر تاپتىم، — دېدى تۇرغۇن جاۋابەن.

— نەچچە پۇل بار ئىكەن؟

— بىر مىڭ يەتتە يۈز يۈەن.

— پۇل بىرەر نەرسىگە ئورالغانمىكەن؟

— ياق، لاتىدىن تىكىلگەن پورتمالدا ئىكەن.

— دەرھال خەۋەر قىلىڭ، يانچۇقچى ئىدارىمىزغا ئېلىپ كېلىنسۇن!

— بولىدۇ، تېلېفون ئارقىلىق ئۇقتۇراي.

ئارىدىن بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتمەيلا ھېلىقى يانچۇقچى يالاپ ئېلىپ كېلىندى. سوراق قىلىش جەريانىدا يانچۇقچى بۇ پۇلنى ئاپتوبۇستا بىر ياش بالىنىڭ يانچۇقىدىن ئېلىۋالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى.

— ئۇنداقتا سەن ئۇ ياش بالىنى تونۇمسەن؟

— تو... تونۇيمەن.

يانچۇقچى، بالىنىڭ تەققى — تۇرقى، يېشى قاتارلىقلارنى ئېيتىپ بەردى ۋە سوراقتىن كېيىن ئېلىپ كېتىلدى. شۇ ئەسنادا رازۋېتچىك ساۋۇت كىرىپ دوكلات قىلدى:

— بۆلۈم باشلىقى، مەن ھېلىقى توخلاتقۇنى ئالغان ئادەمنى تېپىپ باشلاپ كەلدىم.

بۆلۈم باشلىقى ئورنىدىن قوزغىلىپ تاشقىرىقى ئىشخانىغا چىقىپ كەككە ساقال، ئوتتۇرا بوي، يېشى قىرىقلار ئەتراپىدىكى ئاق سېرىق كىشى بىلەن پاراڭلاشتى:

— سىلە توخلاتقۇنى قانچە پۇلغا ئالغان؟

— يوشۇرمايمەن باشلىق، سودىمىز ئاخىرقى ھېسابىتا بىر مىڭ يەتتە يۈز يۈەنگە توختىغان.

— ئۇ كىشى پۇلنى نەقمەيدانىدا ئالغانمۇ؟

— ھەئە، بىر مۇنچە جامائەت گۇۋاھە پۇلنى شۇ يەردىلا بەرگەنمەن.

— پۇلنى يانچۇقىغا سالغانمۇ؟

— شۇنداق، ئاۋۋال پۇلنى ئۆزى تىككۈالغان بىر ياندانىغا سېلىپ، ئاندىن كۆينىكىنىڭ قويۇن يانچۇقىغا سالغان.

— سىلە دېگەن ياندان مۇشۇنىڭغا ئوخشامدۇ؟ — بۆلۈم باشلىقى يانچۇقچىدىن قولغا چۈشۈرگەن پورتمالنى ئۇ كىشىگە كۆرسەتتى.

ئۇ كىشى پورتمالنى قولىغا ئېلىپ قاراپلا تونۇۋالدى:

— دەل مۇشۇ!...

— سودا بولۇپ خوشلاشقىچە بولغان

ئارىلىقتا بىرەر سىنىلىق ئۇنىڭ پېيىگە چۈشكەنلىكىنى سەزگەنمىدىلە؟

ئۇ كىشى سەل ئويلىنىپ جاۋاب بەردى:

— تازا دىققەت قىلالمىپتىمەن، باشلىق.

— ئەمىسە سىلەردىن ھازىرچە سورايدىغانلىرىمىز تۈگىدى، ناۋادا يەنە كۆرۈشۈشكە توغرا كېلىپ قالسا چاقىرتىمىز.

— ماقۇل.

ئەتىسى قوزا چۈش ۋاقتى بىلەن ئۈچ نەپەر رازۋېتچىك بەش كىشىنى ئېلىپ كېلىشتى. بۇ كىشىلەر ھېلىقى يانچۇقچى ئېيتىپ بەرگەن بەلگىلەرگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان كىشىلەر بولۇپ، بەزىسى بىر نەچچە قېتىم يانچۇقچىلىق قىلىپ تۇتۇلغانلار، بەزىسى بولسا پەقەت ئەنزىنى ئېنىقلاشتا بەزى ئەھۋاللارنى سوراپ بېقىشقا توغرا كەلگەنلەر ئىدى. بۆلۈم باشلىقى ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، ئاۋۋال ھېلىقى تۇتۇلغان يانچۇقچىنى ئېلىپ چىقىپ ئىشخانىدا تۇرغۇزدى. ئاندىن گۇمانلىق بەش كىشىنى ئىدارىنىڭ ھويلىسىدا بىردەم ئالدىغا، بىردەم كەينىگە ماڭدۇردى. ئىشخانىنىڭ دېرىزىسىدىن ھويلا تەرەپكە قاراپ تۇرغان يانچۇقچى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرىنى تونۇۋالدى:

— مانا، مانا، — يانچۇقچى ئىختىيارسىز ھالدا قولى بىلەن كۆرسىتىپ يېنىدىكى بۆلۈم باشلىقىغا سۆزلەپ كەتتى، — ئاخىردىن ساناغاندا ئىككىنچى قاتاردىكىسى شۇ! دەل ئۆزى، قىلچە خاتاسى يوق!

ئىش بېجىرىۋاتقان خادىملاردىن بىرسى يانچۇقچىنى يانىدىكى ئۆيگە سولىۋېتىپ، يانچۇقچى كۆرسەتكەن يىگىتنى باشلاپ كىردى.

شۇنىڭ بىلەن سوراق باشلاندى:

— ئىسمىڭ نېمە؟

— قاسىم.

— نەدە ئىشلەيسەن؟

— «ي» زاۋۇتىدا.

— نېمە ئىش قىلىسەن؟

— ۋاقىتلىق ئىشچى سۈپىتىدە ياغاچچىلىق قىلىمەن.

— ئاڭلاپتۇر، بىز بىر يانچۇقچىنى تۇتۇۋالدۇق، ئۇ ئاپتوبۇستا بىرسىنىڭ يانچۇقىدىن بىر مىڭ يەتتە يۈز يۈەن پۇلنى ئېلىۋالغانىكەن. بۇ پۇل سېنىڭكى دەيمەن، پۇلۇڭنى ئېلىپ قايتساڭ بولىدۇ!

— ياق، — دېدى قاسىم دەرھاللا جاۋاب قايتۇرۇپ، — مەن ۋاقىتلىق ئىشچى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشقا ئورۇنلاشقان تارىخىممۇ ئۇزۇن ئەمەس، ئۇنداقتا مېنىڭ نەدىمۇ بۇنچىۋالا كۆپ پۇلۇم بولسۇن، يالغان سۆزلەپ ئېلىۋالغان بىلەن ھارام نەرسە ئادەمگە ھاممىنى سىڭمەيدۇ.

بۆلۈم باشلىقى سەل ئويلىنىپ قالدى. قاسىم ئورنىدىن قوزغالدى:

— بۇ پۇل مېنىڭ بولمىغاندىكىن، ئەمىسە مەن قايتاي.

— توختا! — دېدى بۆلۈم باشلىقى كەسكىن تەلەپپۇزدا، — بۇ پۇل سېنىڭ بولمىسا سەن ئالدىنقى كۈنى چۈشتىن كېيىن قەيەردە ئىدىڭ؟

— ھە، ئەندى ئېسىمگە كەلدى، — دېدى ئۇ بىر پەس تۇرۇۋېلىپ، — ئالدىنقى كۈنى مېنىڭ ئارام ئالىدىغان كۈنۈم ئىدى. شۇڭا «P» سۇ ئامبىرىغا بېلىق تۇتقىلى باردىم.

— قانداق ۋاقىتتا باردىڭ؟

— ئەتىگەندىلا.

— كىم ئىسپات بولالايدۇ؟

— بۇ سوئالىڭىز تازىمۇ قىزىق بولدىدۇ، باشلىق. بىر كىم بېلىق تۇتقىلى بار-

ماۋاقچى بولسا چوقۇم بىرسىنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويىدىغان ئىش بولامدۇ؟ ھى-ھى-ھى...

— تۇتقان بېلىقلىرىڭ بارمۇ؟

— خېلى كۆپ تۇتتام، ئەمما ئۇششاقلىرىنى ئامبارغا قويۇۋېتىپ چوڭلىرىدىن ئىككىنى ئېلىپ كەلگەن، بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرنىڭ بېلىق گۆشى بىلەن ئىچى كېلىشمىگەچكە بىرنى قوشنام ھەمرا ئاچامغا بەردىم، يەنە بىرسىنى بىر دوستۇم بىلەن بازاردىكى ئاشخانىدا پىشۇرۇپ يېدىم.

— قانداق بېلىق؟

— كاراپ بېلىقى.

— ھەر بىرى قانچىلىك چوڭلۇقتا بار؟

— تەخمىنەن تۆت جىڭدىن كېلەر.

— ماقۇل، ئۇنداقتا سەن كېتىپ تۇرغىن.

قاسىم قايتىپ ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، بۆلۈم باشلىقى رازۋېتچىك ساۋۇتنى ھەمراخان دېگەن ئايالنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئەھۋال ئىگىلەپ بېقىشنى بۇيرۇدى. ساۋۇت ۋېلىسىپىت بىلەن ھەمراخان ئاچىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. ساۋۇت ئۆيگە كىرگەندە ھەمراخان ئۆيىدە يالغۇز ئىدى...

ساۋۇت قايتىپ كېلىپ ئىگىلىگەن ئەھۋاللارنى بۆلۈم باشلىقىغا مەلۇم قىلدى. ئۇنىڭ مەلۇماتىدىن ئايان بولدىكى، قاسىم راستىنلا ئالدىنقى كۈنى گوگۇم ۋاقتى بىلەن ھەمراخان ئاچىنىڭكىگە كىرگەن ۋە بېلىقتىن بىرنى ھەمراخانغا ئەكىرىپ بەرگەن. بۇ بېلىق راستىنلا كاراپ بېلىقى بولۇپ، ساۋۇت ھەمراخان ئاچىغا بېلىقنى كۆرۈپ بېقىشنى ئىلتىماس قىلغىنىدا ھەمراخان ماقۇل بولغان ۋە بېلىقنى سېلىپ قويغان چوڭ داسنى كۆرسەتكەن. ساۋۇت قارىغىدەك بولسا، بېلىق تېخى تىرىك ئۈزۈپ يۈرگەن. ئۇ، كۆرۈش جەريانىدا ھەمراخان ئاچىغا چاندۇرماي، بېلىقنىڭ ئۈستىدىن ئىككى تال قاسىراقنى ئېلىۋېلىپ، خوشلىشىپ قايتىپ كەلگەن.

ساۋۇت بۆلۈم باشلىقىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، ئىككى تال قاسىراقنى قانۇن دوختۇرى ھېيئىتىگە بەردى. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت: ھېلىقى بېلىقنىڭ راستىنلا «P» سۇ ئامبىرىدىن تۇتۇپ كېلىنگەنمۇ-يوق، ئېنىقلاپ بېقىش ئىدى. مەقسەتنى چۈشەنگەن قانۇن دوختۇرى ئىككى تال قاسىراقنى تەكشۈرۈش بۆلۈمىگە ئېلىپ كىرىپ، تۆۋەن ھەسسىلىك مىكروسكوپتا كۆزەتتى، كۆزىتىش جەريانىدا قاسىراقتىكى ھالقىسىمان ئىككى سىزىقنى ئېنىق كۆردى. قانۇن دوختۇرى ھېيئىتى ئەينى يىللاردا ئالىي مەكتەپنىڭ قانۇن پاكۇلتېتىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا، بېلىق قاسىرىقىدا بىر تال ھالقىسىمان سىزىق بولسا، بېلىقنىڭ بىر ياشلىق بېلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغانلىقىنى بىلىۋالغان ئىدى. ھازىر بۇ كاراپ بېلىقىنىڭ قاسىرىقىدا ئىككى تال ھالقىسىمان سىزىقنىڭ بولۇشى بۇنىڭ ئىككى ياشلىق بېلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى.

«بۇ نەتىجە قاسىمنىڭ گۇمانلىق ئادەم ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەمدۇ؟ — دەپ ئويلىدى ساۋۇت قانۇن دوختۇرى ھېيئىتىنىڭ بۇ بېلىق ئۈستىدە چىقارغان ھۆكۈمىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، — «P» سۇ ئامبىرى ياسالغىنىغا ئىككى يىل بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئامبار پۈتۈپ سۇ باشلىنىپ بىرەر ئاي ئۆتمەي بېلىقچىلار سېلىنغان. ئۇنداق ئىكەن، بىزنىڭ ھازىرقى يىپ ئۇچى خاتا مۆلچەرلەنگەن... ياق، شۇنداقتىمۇ بۇنى چوقۇم ئىدارە باشلىقىغا ئىنكاس قىلىش كېرەك!»

— توغرا ئەمەس! — دېدى ئىدارە باشلىقى ساۋۇتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ يازما دوكلاتنى

يەلە بىر قېتىم كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن سوغۇققانلىق بىلەن،- قاسىم ھېلىقى بېلىقنى تۆت جىڭ ئەتراپىدا كېلىدۇ دەپتىكەنغۇ؟ مەن كىچىك چاغلىرىمدا خېلى بىر مەزگىلگىچە سۇ ئامبىرىغا يېقىن يەردە ياشىغان. بېلىق بېقىشتىن ئازراق دولسىمۇ خەۋىرىم بار. مەن ھازىرغىچە بېلىجان ئىككى يىل بېقىلسا تۆت جىڭچە كېلىدۇ، دېگەننى ئاڭلاپ باقمىپتىكەنمەن.

— ئۇنداقتا، پېشقەدەم قانۇن دوختۇرىنى كاماندىرۇپكىدىن بۈگۈن قايتىپ كېلىدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم. مۇبادا ئۇ كېلىپ قالسا، قايتا بىر تەكشۈرۈپ باقسۇنمۇ؟- دېدى ساۋۇت ئۆز كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ.

— بولىدۇ، ھېزىم بىلەن ئىككىڭلار ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، قايتا ئۇ قوشۇپ بېقىڭلار، كەلگەن بولسا ئۇ قايتا تەكشۈرۈپ باقسۇن!

ساۋۇت بىلەن ھېزىم پېشقەدەم قانۇن دوختۇرنىڭ ئۆيىگە قاش قارايغان چاغدا كەلدى. دېگەندەك، ئۇ كاماندىرۇپكىدىن قايتىپ كەلگەنىدى. ساۋۇت بىلەن ھېزىم مېھمانخانا ئۆيدە يالغۇز كىشىلىك دىۋانلاردا ئولتۇرۇپ، بەش مىنۇتچە پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ساۋۇت بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتى ۋە ئەنزىنىڭ جەريانىنى قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتتى. بۇ ئەھۋالدىن دەسلەپكى قەدەمدە خەۋەر تاپقان پېشقەدەم قانۇن دوختۇرى بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن ھېزىمدىن تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى سورىدى، ھېزىمنىڭ جاۋابىدىن كېيىن، كېسىپلا ئېيتتى:

— بۇنداق تەكشۈرۈش دېگەندەك توغرا ئەمەس. چۈنكى، بۇ خىل تەكشۈرۈشتە بېلىقنىڭ ياش سىزىقىنى ئاسان پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. بەزىدە بېلىق قاسىرىقىنىڭ ھالقىسىمان سىزىقلىرىغا قاراپ ئۇنىڭ يېشىغا ھۆكۈم قىلىش توغرا بولسىمۇ، لېكىن مۇتلەق شۇنداق بولىدۇ، دېگىلى بولمايدۇ. توغرا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، بېلىقنىڭ قاسىرىقىنى تەكشۈرۈشتىن كېلىپ چىققان نەتىجە بىلەن بېلىقنىڭ ئۈزگۈچى قانىتىنى تەكشۈرۈشتىن كېلىپ چىققان سىزىقىنى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇش لازىم.

— ئۇنداقتا، بېلىقنىڭ قانىتىنى تەكشۈرۈپ باقامدۇق؟- سورىدى ھېزىم پېشقەدەم دوختۇرنىڭ سۆزى تاماملىنىش بىلەنلا.

— شۇنداق، ئەمما تەكشۈرگەندە باشقا قاناتلارنى ئەمەس، بېلىقنىڭ كۆكرىكىدىكى بىرىنچى تال ئۈزگۈچ قانىتىنى تەكشۈرىمىز.

— ئەمىسە مەن بېرىپ ئېلىپ كېلەي.

— توختاڭ،- دېدى ساۋۇت ئورنىدىن تۇرۇپ،- ئۇلاردا گۇمان پەيدا قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن مەن سىز بىلەن بىرگە باراي.

— ساۋۇتنىڭ دېگىنى توغرا،- دېدى پېشقەدەم دوختۇر ئۇنىڭ سۆزىنى قوللاپ،- ئۇ ئايال سىزگە تونۇش، مۇمكىنقەدەر بېلىقنىڭ قانىتىنى كەسكىنىڭلارنى ئۇ ئايال ئۇقۇپ قالمىسۇن، مەن سىلەرنى تەكشۈرۈش بۆلۈمىدە ساقلايمەن.

— بولىدۇ.

ئىككەيلەن چىقىپ كېتىپ بىر چۆگۈن قاينامى ۋاقىت ئىچىدە يېتىپ كېلىشتى. پېشقەدەم قانۇن دوختۇرى قىل ھەرە بىلەن بېلىقنىڭ ئۈزگۈچ قانىتىنىڭ تۈۋىدىن ئىككى مىللىمېتر كەلگىدەك بىر پارچىسىنى كېسىۋېلىپ ئاۋۋال ئۇنى قۇم چاقتا تۇتۇپ ھۆلدەپ بىلەپ، نۆل پۈتۈن ئوندىن ئىككى مىللىمېتر قېلىنلىقتا نېپىزلەتتى. ئارقىدىن پاكىز سۈرتۈپ تۆۋەن ھەسسىلىك مىكروسكوپتا كۆزىتىۋىدى، دۆگىلەك - دۆگىلەك تۆت تال مەركەزداش چەمبىرەك ھالقىسىمان سىزىق كۆرۈندى. كۆزىتىش نەتىجىسىگە تولۇق ئىشەنچ قىلغان پېش-

قەدەم قانۇن دوختۇرى ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا ئۈزۈپ ئېيتتى:

— بۇ بېلىقنىڭ تۆت ياشلىق ئىكەنلىكىدە شەك يوق!

— ئۇنداقتا بۇ بېلىق چوقۇم بازاردىن سېتىۋېلىنغان!— دېدى ساۋۇت.

— مېنىڭ قارىشىممۇ سىزنىڭكى بىلەن ئوخشاش،— دېدى پېشقەدەم دوختۇر ئارقىدىنلا،— سىز ئەمدى ئەھۋالنى بۆلۈم ھەم ئىدارە باشلىقىغا دوكلات قىلىڭ.

بۇ چاغدا تۈن نىسپى بولۇپ قالغانىدى. بۆلۈم باشلىقى بىلەن ئىدارە باشلىقى يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان ئىشخانىدا يېتىۋاتاتتى. ساۋۇت ئۇلارغا پېشقەدەم قانۇن دوختۇرىنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى يەتكۈزدى. ئىدارە باشلىقى ساقچىلار ئىشلىتىدىغان سىمسىز خەۋەرلىشىش ئاپپاراتى ئارقىلىق قاسىمنى پۇقراچە كىيىنىپ يوشۇرۇن كۆزىتىۋاتقان رازۋېتچىك بىلەن سۆزلەشتى. رازۋېتچىك قاسىمنىڭ بۈگۈن كەچ كىنودىن قايتىپ كېلىپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئەمەس، ئىدارىدىن بەرگەن ياتىقىدا يالغۇز ئارام ئېلىۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلدى. ئىدارە باشلىقى ئاخىرىدا رازۋېتچىككە كېچىچە ھوشيارلىق بىلەن داۋاملىق كۆزىتىشنى، تاڭ سەھەردە ئىدارىدىن بىر گۇرۇپپا ئادەم ماشىنا بىلەن بېرىپ ئۇنى تۇتۇپ كېلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى...

شەرق تەرەپ ئاقىرىپ بېلىق قارنىرەڭگە كىرگەندە، ئىدارىنىڭ ھويلىسىدا ساقچى ماشىنىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز قاسىمنىڭ تۇتۇپ كېلىنگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. تاڭ ئاتارغا يېقىن قاسىمنى سوراق قىلىشنىڭ تەييارلىقىنى پۇختا ئىشلىگەن باشلىق، قاسىمنى دەرھال ئىشخانىغا ئېلىپ كىرىپ، سوراق قىلىشنى باشلىدى:

— سۆزلە، سەن بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن بۇرۇنقى چۈش ۋاقتىدا زادى قەيەردە، قايسى ئىشلارنى قىلغانىدىڭ؟— دەپ سورىدى ساۋۇت ئىدارە باشلىقىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئورۇن ئالغاندىن كېيىن قاتتىق تەلەپپۇزدا.

— ھى- ھى- ھى... يەنە شۇ گەپمىدى،— دېدى قاسىم ھېجىيىپ ھەيران قالغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ،— مەن سىلەرگە ئۆتكەن كۈنى ئېيتقانىغۇ، يەنە دېسەم يەنە شۇ گەپ، ئامبارغا بېلىق تۇتقىلى باردىم.

— قايسى ئامبارغا؟

— «P» سۇ ئامبىرىغا.

— راستمۇ؟

— ئەلۋەتتە.

ئىدارە باشلىقى ئۇنىڭ سۆزى شۇ يەرگە كەلگەندە، ئالدىدىكى شىرەنى غەزەپ بىلەن مۇشتلاپ ئورنىدىن دەس تۇردى - دە:

— ئاڭلاپ قوي، سېنىڭ ھەمراخان ئاچىغا بەرگەن شۇ بېلىقىڭ «P» سۇ ئامبىرىغا بېلىق تۇتقىلى بارمىغانلىقىڭنى ئىسپاتلاپ بەردى!— دېدى.

— نېمە؟!— قاسىم بىر ئۆكۈرۈپ، بىر تاتىرىپ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى-يۇ، بىراق ئىككى تەرىپىدىكى ساقچىلارنىڭ ئۇنىڭ گەجگىسىدىن كۈچەپ بېسىپ قويۇشى بىلەن ئولتۇرغىنىچە قولىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى،— سىلەرنىڭ بۇنداق دېيىشىڭلار قاراپ تۇرۇپ ماڭا قىلىنغان تۆھمەت! ئۆزەڭلار ئاغزىڭلاردىن قانۇننى چۈشۈرمەيسىلەر، تۆھمەتچى پىلىغۇچىلارنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغانلىقىنى بىلمەمسىلەر، قېنى، ئەمدى سىلەردەك تۆھمەتخورلارغا قانۇننىڭ قايسى ماددىسى لازىمكى؟! ھى- ھى- ھى...

— سەن تولا كاززاپلىق قىلما؟! — دېدى قانۇن دوختۇرى دەرغەزەپ بىلەن. — ساڭا بېلىقنىڭ تەكشۈرۈلۈش جەريانىنى سۆزلەپ بېرەي...

قانۇن دوختۇرىنىڭ سۆزى تاماملانغاندىن كېيىن، ساۋۇت ئارقىدىنلا مۇنداق دېدى:

— ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ كۈنى كەچ پېشىن ۋاقتىدا سېنى ئۈچىنچى يولنىڭ ئاپتوبۇسىدا كۆرگەن ئادەم بار! ئەگەرچە ئىندە بۇنىڭدىنمۇ گۇمانلىنىپ بەتلىشىشنى تەلەپ قىلساڭ، بۇمۇ سېنىڭ ئىختىيارىڭ!

— ھە؟! ... مەن...



قاسىمنىڭ تىلى تۇتۇلدى، پۈتۈن بەدىنى ماغدۇرسىزلاندى، پېشانە ھەم بويۇنلىرىدىن سوغۇق تەر چىقىشقا باشلىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئۆزىنى ئەقىللىقلاردىن ھېسابلاپ ئەتراپىغا يوشۇرۇن نەزەر سالدى، ئەمما ئۇ كېچىككەنىدى. تۇرقىدىن ئادەم سىياقى چىقىپ تۇرسىمۇ روھىي قىياپىتى خۇددى ئىككى قانىتىدىن ئايرىلغان قۇچقاچنىڭ ھەر قانچە تىپىرلاپ باقسىمۇ، تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشكە قىلچە ئامال قىلالمىغىنىغا ئوخشايتتى.

قاسىمنىڭ كۆزىدە بىردىنلا غەزەپ ئوتلىرى ياندى، مۇشتلىرى تۈگۈلدى، چىرايى تۇتۇلدى، چىشلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس غۇچۇرلىدى. بىر پەستىن كېيىن بۇ ھالىتى بىچارىلىق تۇس بىلەن ئالماشتى. كۆزلىرىدىن ياش تامچىدى، كالپۇكلىرىنى ئاستا مىدىرلىتىپ، جىنايەت سادىر قىلىشىنىڭ جەريانىنى بوش ھەم ئېچىنىشلىق تەلەپپۇزدا سۆزلەپ ئۆتتى...

گاھ دولقۇنلاپ، گاھ تىنچ ئاقىدىغان ھاياتلىق دەرياسىدا ئۈزۈپ چوڭ بولغان قاسىمنىڭ ياشلىق مەزگىلى يېتىپ كەلدى. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا شوخ، نېمىنى كۆرسە شۇنىڭغا قىزىقىدىغان خاراكتېرگە ئادەتلىنىپ قالغاچقا، گەرچە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگىچە ئوقۇغان بولسىمۇ، ئاخىرى ئۇنىڭغا نېسىپ بولغىنى ئائىلىسىگە قايتىش بولدى. دادىسى ناۋاي ئىدى، ئانىسى بولسا ئائىلە ئىشى بىلەن ئۆيدە تۇراتتى. قاسىمنىڭ تۆت ئۇكىسى بار، يەتتە نوپۇسنىڭ چىقىمى پەقەت دادىسىنىڭ ئىش - ئوقىتىغىلا قاراشلىق. قاسىم ئائىلىنىڭ يۈكىنى كىچىككىنە بولسىمۇ يەڭگىللىتىش كويىدا بىرەر ھۈنەر ئۆگىنەمەكچى بولدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە زەرگەرلىك تازىمۇ ئاقىدىغان ھۈنەر ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئاز دېگەندە ئىككى سائەت بىر ئورۇندا ئولتۇرالمايدىغان ئادىتى بولغاچقا، كۈن بويى يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ كۆپ پۇل تاپقاندىن، خۇددى يۈگەنسىز ئاتتەك

ھەر تەرەپكە يورغىلاپ كۈننى سىرىقتال ئۆت-
كۈزسىمۇ بولاتتى. كېيىن ياغاچچىلىق، ما-
شىنچىلىق ھەم موزدۇزلۇق ھۈنەرلىرى توغ-
رۇلۇقمۇ ئويلاندى. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممى-
سىدە ئوخشاشلا يەنە تالاڭ ئاتاردىن قاش
قارايغىچە گويا مەستۇرىدەك ئۆيدىن سىرت-
قا چىقماي قىلىدىغان ئىش بولغاچقا بۇھۈ-
نەردىنمۇ يالتايدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئازراق
بولسىمۇ دەسمى سېلىپ، ئۇ شەھەردىن مال
ئېلىپ بۇ شەھەردە ساتىدىغان تىجارەتچى
بولۇش ئارزۇسىنى ئاتا - ئانىسىغا ئېيتتى،
ئانا بىر نېمە دېگۈچە دادا دەرھال نارازى-
لىق بىلدۈردى. دادىسى بىرىنچىدىن، دەس-
مىگە لايىق پۇل يوقلۇقىنى ئويلىسا، ئىككىن-
چىدىن، قاسىمنىڭ بۇنداق تى-
جارەتنى كۆڭۈل كەلتۈرۈپ جايىدا
قىلالايدىغانلىقىغا كۆزى يەتمەيدىغان، بۇ
توغرۇلۇق قاسىم دادىسىدىن يامانلاپ
ھەيتىچە ئۆيگە كىرمىدى. ئانىسى غەم قىل-
غان بىلەن جاھىل مىجەزلىك دادىسى ئۇنى
ئىزدەپمۇ قويمىدى. نەتىجىدە، قاسىم خۇددى
«ئۆزى كەتكەن يارىم، ئۆزى كەلگەن يارىم»
دېگەندەك بوينىنى قىسىپ ئۆيگە كەلدى...

بالىسىنىڭ يارامسىزلىقىدىن غەزەپ-
لەنگەن دادا كۆزىنى يۇمۇپ ئۇنىڭ تويىنى
قىلىپلا خوشلاشماقچى بولدى. بىر نەچچە قېپ-
تىم ئۆزى كۆڭلىگە پۈككەن ئۆيلەرگە ئەلچىمۇ
ئەۋەتتى. ئەلچىلەر ئۇنىغا يېتىن ئۆيلەرگە
بارغان بولسىمۇ ئوخشاشلا: «ئۆزلىرىنىمۇ
ئالەمچە بىلىشىدىكەن، لېكىن ئىزە قاسىمجان-
نىڭ يا خىزمىتى، يا بىرەر ھۈنىرى بولمى-
غاچقا پەرزەنتلەرنىڭ كېيىنكى ھال-كۈنىدىن
خاتىرجەم بولالمايدىكەن» دېگەن خەۋەرنى
ئېلىپ قايتىشتى.

دېمىسىمۇ، بۇ سۆزلەر بەرھەق ئىدى. ئو-
غۇل بالا بولسىغۇ كارىچاغلىق. ئەمما قىزى
بار كىشىلەر بالاغەتكە يەتكەن قىزىنىڭ تويى
ئىشىغا كەلگەندە «يەتتە ئويلاپ، بىر كەس»-
مىسە بولمايدۇ - دە، ئالدىراقسانلىق قىلىپ
بولغۇسى قۇدىلارنىڭ ئەمەلدار ياكى پۇقرا،
باي ياكى كەمبەغەللىكى ئۈستىدىلا ئويلىماي،
بولغۇسى كۈيئوغلىنىڭ ئەقلى - ھۇشى بار-
يوقلۇقى، قولىدىن ئىش كېلىدىغان - كەل-
مەيدىغانلىقى... بىلەن ھېسابلاشمىسا قىزى-
نىڭ كېيىنلىكىدىن خاتىرجەم بولۇش قىيىن.
چۈنكى، ئۆيىنى ئەر - ئايال تۇتىدۇ، ئاتا-
ئانا دېگەن جاھانغا تۇۋرۈك بولمايدۇ.
ئاتا - ئانىدىن ئايرىلغاندا ئۆز تۇرمۇشىنى
ئۆزى قامدىيالايدىغان، ئايالىنىڭ خوشال-
لىقىغا كۈلكە، خاپىلىقىغا قايغۇ ئاتا قىلالاي-
دىغان بولغۇسى كۈيئوغۇلغا كىشىلەر قىزىنى
ياتلىق قىلسا بولىدىغانلىقىنى دادا ئوبدان
چۈشىنەتتى. شۇڭا دادا قىزلىق تەرەپلەردىن
رەنجىمىدى. ئەكسىچە ئوغلىنىڭ يارامسىز-
لىقىدىن كەلگەن ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ،
نېمىلا بولمىسۇن ئوغلىنى بىرەر ئىدارىغا
ئورۇنلاشتۇرۇش قارارىغا كەلدى. ئۇ قايسى
ئورۇنغا كۆپ كۈچ سەرپ قىلماي ئورۇنلاش-
تۇرۇش ھەققىدە خېلى كۆپ ئويلاندى ھەم
ئىزدەندى. ئاخىرى بىۋاسىتە ۋە ۋاستىلىق
يوللار بىلەن «S» زاۋۇتىنىڭ ياغاچچىلار
شتاتى تېخى تولۇق ئەمەسلىكىدىن خەۋەر
تاپتى - دە، ئاۋۋال قاسىمنى ياغاچچى ئۇس-
تامغا شاگىرتلىققا بەردى. بىر يېرىم يىل
ئۆتكەندە دۇكان ئايرىپ ئۆز ئالدىغا ئىش
تۇتتى. ئاردىن بىر - ئىككى ئاي ئۆتۈش
بىلەن ئۇ شۇ زاۋۇتنىڭ دوگۋار ئىشچىسى
بولدى.

قاسىم بۇ ھۈنىرىگە بارا - بارا كۆنۈپ
قالدى. چۈنكى ئۇ ئەمدى بۇرۇنقىدەك «ئىشىر

سىز» لاردىن ئەمەس ئىدى. كۆڭلىگە ياققان قىزدىن بىرەرسى: «قەيەردە ئىشلەيسىز؟» دەپ سوراپ قالسا، يۈرەكلىك جاۋاب بېرەلەيتتى. ياخشى كۈنلەرنىڭ يېنا مېنى كېلىپ قېلىپ ئىشتىن ئايرىلىپ قالسىمۇ، مۇشۇ ھۈنىرى بىلەن بىر ئۆينى قامداپ كېتەلەيدىغانغا ھەر قانداق بولغۇسى قېيىن ئانا ھەم ئاتىلارنىڭ كۆزى يېتەتتى.

شۇ كۈنلەردە قاسىمنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ توينى قىلىشقا ئالدىرىدى. ئىچكى جەھەتتە ئۆزلىرىگە يارىغان تەگتۈشلىرىنىڭ قىزلىرىنى ئۇقۇشۇپمۇ باقتى. بىر ئەمەس، ئۈچ ئائىلىگە ئادەم قويۇۋېدى، ھەممىسى ماقۇل بولۇشتى. دادىسىنىڭ نەزەرىدە بىر تەرەپ بىلەن گەپنى ئۈزمەي تۇرۇپ ئىككىنچى، ھەتتا ئۈچىنچى بىر تەرەپكە ئادەم قويۇش تازا بىر قاملاشمىغان ئىش. ئەمما ئۇ «ناۋادا بىرەرسى ئۇنىماي قالسا ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلغىنىمۇ تۈزۈك» دەپ ئويلىغانىدى. ئەپسۇس، قاسىمغا ئۈچ قىزنىڭ بىرەرسىمۇ يارىمىدى. گەرچە تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان چېغىدا ئىچپەش تارتىشىپ يۈرگەن بىر قىز ھازىر ئىشسىز بولسىمۇ، قاسىمنىڭ ئۇنىڭغا مەيلى بار ئىدى. ئۇ ئەسلىدە ئىشقا ئورۇنلىشىشىنىڭ ئالدىدا. ئۇ قىزغا كۆڭلىنى ئىزھار قىلماقچى بولغانىدى، لېكىن جۈرئەت قىلالمىغانىدى. شۇڭا ئاتا - ئانىسىنىڭ كۆرسەتمىسىگە تولۇق بويسۇنغانىدى. ئەمدىچۇ؟ ئەمدى ئۇ دېگەن مۇقىم ئورنى بار، ھۈنىرىمۇ بار ئادەم بولۇپ قالدى. باشقىلاردىن قۇسۇر چىقىرىپ تۇرۇۋالسا ئۇ قىزنى قولغا كەلتۈرگىنى - كەلتۈرگەن.

قاسىمنىڭ ئاتا - ئانىسى دەسلەپتە ھەيۋە قىلىپ باققان بولسىمۇ، ئاخىرى ئۇنىڭ دېگەن يېرىگە ماقۇل بولۇشتى ۋە ئەلچىمۇ ئەۋەتتى. ئەمما قىزنىڭ ھازىرقى ئانىسى ئۆگەي، دادىسى بولسا ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ئۆلۈپ كەتكەن، قىز بىلەن ئۆگەي ئانا بىر ئۆيدە. ئۆگەي ئانا دەپى - دۇنيا دېسە جېنىنىمۇ ئايىمايدىغان مەزلۇم بولغاچقا تويلۇقنى ھەددىدىن زىيادە ئارتۇق سالدى. قاسىمنىڭ ئاتا - ئانىسى بۇ توينى قىلىشتىن ۋاز كېچىشى ئېھتىماللىغا ناھايىتى يېقىن ئىدى. شۇڭا بۇ چاغدا قاسىم قىز بىلەن كۆرۈشتى ۋە ھازىرقى تويلۇقتىن سەككىز يۈز يۈەن ئەتراپىدا قىسقارتىۋەتسە قاسىم ئاتا - ئانىسىغا ئۇقتۇرماي مىڭ يۈەن تېپىپ بېرىدىغانلىقىنى، توي بولۇشقا پۈتۈشۈپ ئىككى تەرەپ بىر يەرگە كەلسىلا، توينى چوقۇم مىڭ يۈەننى تاپشۇرغاندىن كېيىن قىلىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ۋاقتى سەل كېچىككەن بىلەن ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنىڭ زىيان تارتمايدىغانلىقىنى پەملىگەن ئۆگەي ئانا دەرھال ماقۇللۇق بىلدۈردى.

ئۆگەي ئانا قارىماققا توينىڭ ئازراق كەمكوسىسى بارلىقىنى دەستەك قىلغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە قاسىمنىڭ مىڭ يۈەن پۇلنى بالدۇرراق تاپشۇرۇشىنى تەقەززالىق ئىلكىدە تۆت كۆزى بىلەن كۈتەتتى، ھەتتا ئۇ تېخى قىزدىن يالغاندىن پوپوزا قىلىپ، بىر نەچچە قېتىم: ناۋادا ئۇ قەلەندەر پۇلنى ۋاقتىدا ئېلىپ كەلمىسە، بۇ توينى بۇزۇپ، قىزنى باشقا بىرسىگە ياتلىق قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. قىز ئارقىلىق بۇ سۆزدىن خەۋەر تاپقان قاسىم جىددىيلىشىپ قالدى. دوست-بۇرادەرلىرىدىن ئاران ئىككى يۈز كويچە تاپتى. قالغان پۇل تېخى كەم ئىدى، ئۇ بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن بوش ۋاقىتلاردا پۇل تولۇقلاشنىڭ غېمىدە پايىپېتەك بولدى...

« خۇدا بەرسە ئاسماندىن تاشلاپ بەرمەيدۇ، مۇشۇنداق باھانە - سەۋەبلەر بىلەن بېرىدۇ، خۇدا ئامان-ئېسەن قىلسا، بۇنىڭ بىلەن شۇ... شۇ... ھى- ھى- ھى » دەپ ئۆز ئۆزىگە سۆزلەپ ئۆيىگە ئالدىراش كىرىپ كېتىۋاتقان روزاخۇن ئۇستىنىڭ سۆزى قاسىمنى بىزدىنلا ئۆزىگە جەلب قىلدى، ئۇ ھازىرلا بىر ئىش بىلەن ياتىقىغا كېلىپ يەنە ئىش ئورنىغا چىققانىدى. ئەمدى ئۇ روزاخۇن ئۇستىنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىغا قۇلاق سالدى، «ئەللىك كوي پۇل ئۈچ ئاي بولا - بولمايلا خۇدايىم بۇيرىسا ئىككى ھەق كويچە بولۇپ قاپتۇ، بۇ پۇلنى... بۇ پۇلنى ئەمدى... »

قاسىم بۇ سۆزلەردىن روزاخۇن ئۇستىنىڭ ئۆتكەندە ئەللىك يۈەنلىك مۇكاپاتلىق لاتارىيە بېلەتتى ئالغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. دېمەك، روزاخۇن ئۇستىمىغا ئامەت كەلگەن دەپ پەرەز قىلدى. ئۇ ئەمدى باشقا يەرگە قارىغۇدەك دوقۇرۇپ يۈرگىچە، بىرگە ئىشلەيدىغان بۇ ئۇستامدىن پۇل قەرز ئېلىش قارارىغا كەلدى. چۈنكى، بۇ ئۇستام بىر جان بولغاچقا بۇنچىۋالا كۆپ پۇلنى ئىشلىتىپ بولالمايدۇ، دەپ قىياس قىلدى قاسىم.

قاسىم كۆڭلى توق ھالدا ئىش ئورنىغا بېرىپ، بىر سائەت چامىسىدا ئىشلەپ روزاخۇن ئۇستىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئەمما ئۇ تېخى قايتىپ كەلمىگەنىدى. قاسىم روزاخۇن ئۇستامنى ئۇنىڭ ئۆيىدىن قىرىق كەزچە كېلىدىغان غەرب تەرەپتىكى چوڭ يولنىڭ دوقمىدا تۇرۇپ ساقلىدى، چۈشتىن كېيىن ئىشقىمۇ بارمىدى. روزاخۇن ئۇستام تەخمىنەن سائەت تۆتلەردە قايتىپ كەلدى.

روزاخۇن ئۇستىنىڭ قارىسى كۆزگە ئىلىنىش بىلەنلا قاسىمنىڭ تاقىتى - تاق بولدى. ئۇ ئەسلىدە ئۇستىنىڭ ئالدىغا بارماقچى بولۇۋىدى، شۇ ئەسنادا خۇددى قېرىشقاندەك « كۆرسە ھالى يوق، كۆرمىسە كارى يوق » بولۇپ يۈرگەن بىر دوستى كېلىپ قالدى. ئۇلار ئىككى ئېغىز پاراڭلىشىپ بولغىچە روزاخۇن ئۇستام دوقمىدىن ئايلىنىپ ئۆيىگە ماڭدى. قاسىم ھېلىقى دوستىغا ئىش ئورنىغا كېچىكىپ قالغانلىقىنى باھانە قىلىپ تېزلا خوشلاشتى - دە، ئۇنى كۆزدىن غەلەت قىلىپلا روزاخۇن ئۇستىنىڭكىگە ئىشىكنىمۇ چەكمەي كىرىپ كەلدى.

— يا ئاللا ئۇستام ئەجەبمۇ ساقلاتتىڭلا مېنى،— قاسىم كارىۋاتتا ئولتۇرغان روزاخۇن ئۇستىنىڭ ئۇدۇل تەرىپىدىن ئورۇن ئېلىپلا شۇنداق دېدى.

— بىرسى مېنى ئىزدىگەنىدى؟

— ياق.

— نېمىشقا ساقلىدىڭ ئەممە؟— روزاخۇن ئۇستام ئورنىدىن تۇرۇپ چايداندىن ئىككى پىيالە چاي قۇيدى، داستىخانغىمۇ سالماي پىيالىنىڭ بىرىنى قاسىمغا بېرىپ، بىرىنى ئۆز ئالدىغا قويدى.

— سىلىگە ھاجىتىم چۈشۈپ قالغانىدى،— قاسىم چاينى پۇۋلىگەچ جاۋاب بەردى.

— نېمە ھاجەتتى ئۇ؟

— توي قىلماقچى ئىدىم ئۇستام، سىلىدىن ئازراق قەرز ئالالايمىكىن دېگەنتىم.

— نېمە دەيدىغانسەن قاسىم، « خۇدايىم بەرسە شەيتاننىڭ كۆزى قىزىرىپتۇ » دېگەندەك، مانا بۈگۈن قولۇمغا ئازراق پۇل كىرىۋىدى، شەيتاننىڭ مۇشۇ ئويغا ساپتۇ-دەسېنى؟!

روزاخۇن ئۇستام بۇ سۆزلەرنى قوپال ھەم نارازىلىق تەلەپپۇزىدا ئېيتتى. قاسىم يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— ئۇزۇنغا قالماي قايتۇرىمەن ئۇستام.

— دوپپاڭغا چىگدە سالىمەن دېمە، بىلىپ قوي، بۇ پۇلنىڭ بىر پۇڭىنىمۇ زايا قىلمايمەن. شۇڭا سەندىن قانچىلىك ئالىسەن دەپمۇ سوراپ قويمىدىم!

— ساقلاپ يېتىپ قانداق قىلىلا؟

— ئاخىرەتلىكىم ئۈچۈن ئىشلىتىمەن!

قاسىم جىمىپ قالدى، ئېھتىمال ئۇچۇن باشقىلارنى ئويلاپ باقتى. ئەمما ئۇنىڭ ئەمدى بۇنىڭدىن باشقا بارىدىغان يېرى، كىرىدىغان تۆشۈكى قالمىغانىدى. شۇڭا كاللىسىدا ھەيۋە قىلسام ئۇناپ قالار دېگەن خىيال پەيدا بولدى ـ دە، ئورنىدىن تۇردى:

— ئۇستام، بوش ئاۋازدا راست گەپ قىلسام، تومۇرۇمنى تۇتۇۋاتامدىكىن، دەپ قالمىسىلا. ئېيتىپ قوياي، بۈگۈن نېمە بالا كۆرسەم كۆرەيكى، سىلىدىن بىر موچەن بولسىمۇ ئالماي چىقىپ كەتمەيمەن!

— نېمە دېدىڭ؟ ـ روزاخۇن ئۇستامۇ ئورنىدىن دەس تۇردى، ـ ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ، يا ھەيۋە قىلسام قورقامدىكىن دەپ چۆچۈرنى خام ساناۋاتامسەن؟... يوقال، دەرھال كۆزۈمدىن يوقال!

— سەن قېرىنىڭ شەيتىنى مېنى كىچىك كۆرسىتىۋاتامدۇ؟! ئۇنداق ئوڭاي ئىش يوق، يا پۇلنى بېرىسەن، يا مەن بۇ جاندىن تويىمەن!

قاسىم بارغىنچە ئۇنىڭ ياقىسىدىن تۇتتى، قورققىنىدىن نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالغان ئۇستام جېنىنىڭ بېرىچە ۋارقىرىدى:

— ۋايجان...! ئادەم... ئادەم بارمۇ!..

— بوش ۋارقىرا دەيمەن، ھەي ئۆلمىگۈر قېرى! ـ قاسىم ئۇستامنى بېسىپ ئۇستىگە چىقتى، ئىككى قولى بىلەن كارنىيىنى سىقتى. ئۇنىڭ ئەسلىدە ئۆلتۈرۈۋېتىپ بولاپ قاچىدىغان نىيىتى يوق ئىدى. ئەمما روزاخۇن ئۇستام گاھ كۈچلۈك، گاھ ئاجىز ئېغىناقلاپ ۋارقىراشقا ئۇرۇنغاچقا، قاسىم ۋارقىراشنى توختىتىش ئۈچۈن بەزىدە چىڭ، بەزىدە بوش ئۇنىڭ گېلىنى سىقىۋەردى. بىر چاغدا ئۇ لەسسىدە بولۇپ ھەرىكەتتىن توختىدى. قاسىم دەسلەپىدە ئېتىبار بەرمىدى، كېيىن كۆڭلىگە ھەر خىل قورقۇنچلۇق ئويلار كېلىشى بىلەن يۈرىكى قارتىدە قىلىپ كەتتى. دېمەك، ئۇ ئاللا بۇرۇن نەپەستىن توختىغان. ئەمدى باشقا كەلگەننى كۆرمەكتىن باشقا ئامال يوق. مۇمكىنقەدەر پۇلنى ئېلىۋېلىپ قېچىپ كېتىش ياكى ئىز قالدۇرماي چىقىپ كېتىپ ئامال قىلىش. ئۇ تېز سۈرئەتتە روزاخۇن ئۇستامنىڭ قويۇن يانچۇقىدىن پۇلنى ئېلىپ يانچۇقىغا سالدى. ئارقىدىن ئەتراپقا قاراپ كارىۋات ئاستىدىن كىرسىن تۇڭىنى تاپتى، كىرسىننى ئالدى بىلەن ئوڭاي ئوت ئالىدىغان نەرسىلەرگە، جەسەتنىڭ ئەتراپىغا چاچتى. قالغان قىسمىنى ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ئالدىراش سەپتى، ئوت يېقىشتىن بۇرۇن دېرىزىدىن بېشىنى ئوغرىلىقچە چىقىرىپ ئەتراپنى كۆزەتتى. يۈرىكى سەل جايىغا چۈشكەندە ئوت ياقتى ـ دە، ئىشىكنى چىڭ تارتىپ ئىچىدىن ئېتىپ قويۇپلا، كۆزدىن غايىپ بولدى...

قاسىم ئاپتوبۇسقا چىقىشتىن بۇرۇن پۇلنى ئالدىرىماي ساناۋىدى، ساقلا بىر مىڭ يەتتە يۈز كوي چىقتى. ئۆزىنىڭ يېنىدىكى پۇلنى ئۇنىڭغا ئارىلاشتۇرماي ئايرىم يانچۇققا سېلىپ، قىزىلىق تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. ئەمما ئۇ «ئۆلگەننىڭ ئۇستىگە تەپمەك» دېگەندەك، پۇلنى ئاپتوبۇستا يانچۇقچىغا بېرىپ قويۇشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى. ئۇ ئاپتوبۇستىن چۈشكەندە پۇلنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى،

(ئاخىرى 23 ـ بەتتە)

مىرزاھمد كېرىمى



# شېرىن چۈشتىكى قاراكۆلەڭگە

( ھېكايە )

كۆرگەن چۈشىنىڭ تەسىرىدە پۈتۈن ۋۇ-
جۇدى شېرىن بىر تۇيغۇغا چۆمگەن رابىيە
يەنە قانداقتۇر ۋەھىمە ئىلكىدە خاۋاتىرلەن-
گەن ھالدا چۆچۈپ ئويغاندى، كۆزلىرىنى
ئاچتىيۇ، ئۆندەرەپ ئىككى يېنىغا قارىدى،
ھېچنېمە ۋە ھېچكىم يوق ئىدى. بىر يېنى-
دا چۇۋۇلغان بولۇق قارا چاچلىرى كۆرپىگە
يېپىلىپ تۇراتتى. بىر يېنىدا بولسا ئۇيقۇ-
لۇقتا قوچاقلىۋالغان ياستۇق... .

« توۋا ئەجەب بىر چۈش كۆرۈپتىمەنا،
ئۇنىڭ بىلەن ئۇخۇمدىكىمدەكلا... » دېدى ئۇ
خۇمارلاشقان قوي كۆزلىرىنى تورۇسقا تىكىپ.

رابىيەم ئۆزىنى قەستەن خورلاپ. قويۇۋەت-
كەن ئېرى سۇلايماننى چۈشەپ قالغانىدى:
ئۇ، بەش ياشلىق قىزى بىلەن ئىككى ياشلىق
ئوغلىنى ياتقۇزۇپ قويۇپ، ئۆزىگە ئورۇن
راسلاۋاتقاندا ئىشىك قېقىلغانىمىش، قور-
قۇمسىراپ ئىشىكنى ئاچقانىمىش، قارىسا
سۇلايمان تۇرغانىمىش. رابىيەم: «نېمە دەپ
كېچىدە كەلدىڭىز؟ » دەپ سورىغاندەك. سۇ-
لايمان: «سىزنى يەنە ئەمرىمگە ئالغىلى
كەلدىم» دەپ جاۋاب بەرگەندەك.

« مېنى نومۇسسىز، ھاياسىز خوتۇندەك
قەستەن مەجبۇرلاپ ئۆيدىن چىقىرىۋەتكەن
ئەمەسمىدىڭىز؟ » سۇلايمان پۇشايمان قىلغان
ھالدا ئۆكۈنۈپ دېگۈدەك: «راست، مەن ئۇ
چاغدا كۆڭلىڭىزنى چۈشەنمەي گۆدەكلىك قىپ-
تىمەن. ئاجراشقىنىمىزغا ئون يىل بولدىغۇ،
ئۈچ قېتىم ئۆيلەندىم، لېكىن خوتۇنۇم خو-
تۇن، ئۆيۈم-ئۆي بولمىدى. ھېچقايسىسى سىز-
نىڭ ئورنىڭىزنى باسالمىدى. مەنمۇ كېيىنكى
چاغلاردا، توغرىسىنى ئېيتسام، كۆزۈم ئېچى-
لىشقا باشلىغاندىن كېيىن، سىزنى قوغلىشىپ
تىجارەت ئۈچۈن بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇ،
تيەنجىنلەرگە باردىم. خۇددى خوتەندىكىگە
ئوخشاش كوچىدا، ماگىزىنلاردا سىزنى ئۇچ-
راتتىم. كىشىلەردىن گېپىڭىزنى كۆرۈپ ئاڭ-
لىدىم. يامان گېپىڭىزنى ئەمەس، تەرىپى-
ڭىزنى — پەزىلەتلىك مەردانە ئايال، جۇر-
ئەتلىك، ئېرى بار دەپ ماختىغان تىجارەت-
چىلەرنى ھەر جايدا ئۇچراتتىم. پېيىڭىزغا
چۈشۈپ پايلاپمۇ كۆردۈم. ھېچ ئىش يۈز بەر-
مىدى. رابىيەم ئەرلەرگە ئۆچ ئىكەن، ئەر-
لەرنىڭ گېپى چىقسىلا ئاچچىقلىنىپ تاتىرىپ

كېيىمدىكەن» دېگەن مىش-مىش گەپلەر مۇقۇلىقىمىزغا كىرىپ تۇردى. ئويلاپ كۆرۈپ ئەرلەرگە ئۆچ قىلىۋەتكەن ئۆزۈم ئىككىلىنىشىمنى بىلىپ يەتتىم رابىيەم. سىزنى قىز چېغىڭىزدا ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ئوقۇشىڭىز پۈتكىچە مەكتەپنىڭ ئالدىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىم، «مەڭگۈ سىز بىلەن ئۆتۈمەن، دېلىڭىزنى ھېچقاچان رەنجىتمەيمەن» دەپ ۋەدە بېرىپ سىزنى مېنىڭ بىر تەستە قايىل قىلغىنىم ھېلىمۇ يادىمدا. مالىيە-سودا تېخنىكۇمىنى پۈتتۈرۈپ كاسىر بولدىڭىز. سۆزىڭىزدە تۇرۇپ مېنى يەككە تىجارەتچى، بىلىمسىز دەپ تۆۋەن كۆرمەي تەگدىڭىز. تەقدىر ئاتا قىلغان بۇ بەختىمىن ناھايىتى سۆيۈندۈم، كۆڭۈللۈك تۇرمۇشىمىز باشلاندى. ھاياتنىڭ لەززىتىنى تېتىتتىڭىز. ئارقا-ئارقىدىن قىز، ئوغلىمىز تۇغۇلدى، بېشىم ئاسمانغا يەتتى. مانا شۇ چاغدا سىز ئىچكىرىگە بېرىپ ئۇنۇملۇك تىجارەت قىلىشقا مېنى دەۋەت قىلدىڭىز. سىزدىن ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيماي، شۇنداقلا جۇرئىتىمنىڭ يوقلۇقىدىن ئۇنىمىدىم. دائىم مۇئامىلىدە ئادىل، مۇناسىۋەتتە سەمىمىي، ئىلىم-سېخىيدا جۇرئەتلىك، چاققان بولۇشقا دالالەت قىلاتتىڭىز. مەن ئۇ كۈنلەردە سەۋىيەمنىڭ يوقلۇقىدىن «خوتۇن خەقنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا، بولمىسا ئېرىغا ئەقىل ئۆگەتمەكچى بولامدۇ؟» دەپ قاراپ ياخشى نىيىتىڭىزگە پەسەنت قىلمىغىنىمكەنمەن، سىز بۇنىڭغىمۇ خاپا بولمىدىڭىز. بىر كۈنى كەچ ياتار چېغىمىزدا سىز: «ئىدارە رۇخسەت قىلدى، مەن ئۈچ يىللىق توختام بىلەن بېيجىڭغا چىقىدىغان بولدۇم. باڭكىدىن بەش مىڭ يۈەن قەرز ئالىمەن، سىز ماڭا بەش مىڭ يۈەن بېرىسىڭىز، تىجارەت قىلماقچىمەن» دەپ ئىشەنچ بىلەن مېھرىلىك كۆزلىرىڭىزنى ماڭا تىكتىڭىز، شۇ چاغدىكى قارىشىڭىز ھەر قېتىم ئېسىمگە چۈشسە ئۆزۈمنى قويۇشقا جاي تاپالماي قالىمەن. مەن شۇ ئاخشام سىزنىڭ سەمىمىي ئىلتىماسىڭىزنى قوپاللىق بىلەن رەت قىلىپ: «مېنىڭ تاپقىنىمغا نېمە ئۈچۈن قانائەت قىلمايسەن؟ خوتۇن كىشى دېگەن ئۆي ئىشىغا يارالغان، بولۇپتۇ، ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلماس، دەپ ئىشلىشىڭگە يول قويسام، ئەجەب بۇنىڭغا قانائەت قىلماي بىر ئوبدان خىزمىتىڭنى تاشلاپ سودىگەرچىلىك قىلماقچى بولۇۋاتامسەن، ئەقىلسىز» دېگىنىم ھېلىمۇ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمىدى. «سۇلايمان نېمە بولدىڭىز؟ مۇشۇ گەپلەرنى سىز قىلىۋاتامسىز؟ سىزنى خېلى ئاڭلىق دەپ بىلەتتىم، بەكمۇ نادان ئىكەنسىزغۇ، سىز ماڭا ئىشىنىڭ» دېدىڭىز. مەن دەرھال كۆزۈمنىڭ ياخشىسىنى چىقاردىم: «سەن قوينۇمدا يېتىپ تۇرۇپ، مېنىڭ قانداق ئادەملىكىمنى تېخى بىلمەي كېلىۋاتامسەن؟ ھۇ ئۆزىنى بىلمىگەن قانجىق، قانائەتسىز جالاپ» دېگىنىمنى بىلىمەن، ئېسىلىپ قىزارغان مەڭزىڭىزگە چاڭ قىلىپ بىر تەستەك سالدىڭىز. شۇنىڭ بىلەن كۆزۈمگە قان تىقىلدى. سىزنى تېپىپ يەرگە يىقىتتىم. قىز، ئوغلۇم: «دادا، ئانا» دېيىشىپ قىقىراپ يىغلىشىپ كەتتى. مەن ئۆزۈمنى بېسىپ ئالالماي، ئاغزىمدىن ھەر خىل بولمىغۇر گەپلەرنى چىقىرىپ، ئۇنىمىغىنىڭىزغا قويماي ئۆيدىن ھەيدەپ چىقاردىم. «بۇ شۇمتەكلەر بىلىنمۇ ئېلىپ كەت» دەپ بىچارە مەسۇم گۆدەكلەرنى سۆرەپ چىقىپ كوچىدا قالدۇرۇپ، ئىشىكنى چاڭگىدە ياپتىم. ئۆينىڭ دېرىزىلىرى دىرىلداپ ئىشىك بېشىغا ئۇۋا سالغان قالغاچلار ۋىچىرلاپ كەتتى. سۆيۈملۈكۈم، ئىشەنسىڭىز، سىز

كېتىپلا يالغۇز تەكىگە باش قويغىنىمدا پۇشايمان قىلدىم. «نېمىشقا ئۇنىڭ خېتىنى بەرگەندىمەن، چىرايلىق گەپ بىلەن رايىنى ياندۇرسام ماقۇل دەيتتىغۇ» دەپ كېچىچە كىرپىك قاقماي چىقتىم. لېكىن ئەتىسى قاتتىق بوينۇم ئالدىڭىزغا ئېگىلىپ بېرىشىمغا يول قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن يىللار ئۆتتۈۋەردى. سۆيۈملۈك، ئۇماق بالىلىرىمنىڭ يۈزىنى كۆرسەتمىدىڭىز. بۇ جازا يۈرەك-باغرىمنى ئېزىۋەتتى. سىز ئۆز ئىرادىڭىزدىن يانمىدىڭىز، شاڭخەي، گۇاڭجۇلارغا نەچچە بېرىپ كەلدىڭىز. شەھىرىمىزدە بىرىنچى بولۇپ چوڭ دۇكان ئاچتىڭىز. ھەر يىلى گېزىتتىن يېتىملار مەكتىپىگە نەچچە يۈز يۈەن ياردەم قىلغانلىقىڭىزنى ئوقۇدۇم، ھەجگە بېرىپ كەلگەندىن كېيىن خەلق باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپنى سېلىشقا نەچچە مىڭ يۈەن ئىئانە قىلغانلىقىڭىزنىمۇ گېزىتتىن كۆردۇم. ئاقىۋەت ئۆزىڭىزنىڭ پەزىلەتلىك ئالىيجاناب ئانا ئىكەنلىكىڭىزگە جامائەتنىلا ئەمەس، مەندەك جاھىلنىمۇ قايىل قىلدىڭىز رابىيەم. مەن تىرىك تۇرۇپ بالىلار ئاتىسىز، يېتىم بولۇپ قالمىسۇن، مېنى كەچۈرۈڭ. يارىشىش ئۈچۈن، بالىلىرىمغا مېھرىبان ئاتا بولۇش ئۈچۈن ئۆيىڭىزگە كەلدىم...»

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان رابىيەم «ياق، كېتىڭ، بۇنداق كېچىدە ئۆيۈمگە كىرسىڭىز بولمايدۇ» دەپ كەينىگە يانغىنىدەك، سۇلايمان: «بولىدۇ، بالىلارنىڭ ئاتىسى بولغان ماڭا بولىدۇ» دەپ ئىچ كۆڭلەك بىلەنلا چىققان رابىيەمنى دەس كۆتەرگىنىچە ئۆيگە ئېلىپ كىرگۈدەك. بۇ ئۆي ئون بەش يىل بۇرۇن ئۇ توي قىلغان كېچىسى سۇلايمان بىلەن ياتقان ئۆينىڭ خۇددى ئۆزىمىش، كۆپۈلدەپ ئەتىر پۇراپ تۇرغىدەك، كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلىۋەتكەن سۇلايمان رابىيەنىڭ تىپچەكلەپ قارشىلىق قىلغىنىغا قويماي ئۆلۈمىگە ئېسىلغانلىمىش. رابىيەم ئىززا-نومۇستىن ئىككى قولى بىلەن كۆزلىرىنى چىڭ ئېتىۋېلىپ ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلىۋەتكەنمىش... بىر چاغدا ئىككىسى بىر ئازادە پارلاق مۇنچىدا يۇيۇنىۋاتقىدەك. رابىيەم سۇلايماندىن كۆز ئۈزەلمەي قاراپ قالغانمىش. سۇلايمان بىردىنلا ياتۇلەك بىر ئادەمگە ئۆزگىرىپ ھىجايغان ھالدا: «خېنىم، ئەجەب چىرايلىق بېلىق ئىكەنلە» دېگۈدەك. رابىيەم ئەنە شۇ يۇڭلۇق قوللىرىنى سوزۇپ، ئۆزىنى قۇچاقلىماقچى بولغان بۇ ناتونۇش ئادەمدىن قورقۇپ، ھەم شېرىن ھەم ۋەھىمىلىك تۇيغۇ ئىلكىدە ئويغىنىپ كەتكەنىدى.

× ×

رابىيەم بۇ چۈشىدە پۈتۈن ئۆتمۈشىنى كۆرگەنىدى. سۇلايماننىڭ يېلىنىپ ئېيتقان سۆزلىرى ئېسىدە شۇنداق ئوچۇق تۇرۇپتۇ. خۇددى ئوڭىدا ئېيتقاندەك ئۇنى بىئارام قىلىپ قويۇۋاتاتتى. چۈش دېگەن ئەجەب نەرسە ئۇ، ئۆزىنىڭمۇ، سۇلايماننىڭمۇ ئون يىل بۇرۇنقى ھالىتىنى كۆرگەنىدى. لېكىن كەچۈرمىش ئون يىل ئىچىدە يۈز بەرگەن. ئۇ چاغدا يىگىرمە بەش ياش بولسا، ھازىر ئوتتۇز بەش ياش، سۇلايمانمۇ ئوتتۇز ياشتىن قىرىق ياشقا ھالقىغان. قىزى ئايىنسا ئون بەش ياشقا كىردى. تولۇق ئوتتۇرىنىڭ بىرىنچى يىللىقىدا ئوقۇيدۇ. ئوغلى جالال ئون ئىككى ياش، تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇيدۇ. دېمىسىمۇ چۈشىدە سۇلايماندىن ئاڭلىغانلىرىنىڭ ھەممىسى راست، ئۆزى شۇنچە ياخشى كۆرگەن، ئىشەنگەن، ئۈمىد باغلىغان ئېرى ئۇنىڭ ياخشى تىلەكلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ، ئەل-جامائەت ئالدىدا قاتتىق خورلىغانىدى. ئىنسانىلىق قەدرى-قىممىتى پايخان قىلىنىپ،

ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىلغان رابىيەم، ئەتى-
سىلا سوتقا بېرىپ سولايماندىن خېتىنى ئال-
غانىدى. ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭمۇ توسۇشىغا
بوي بەرمەي، بانكىدىن بەش مىڭ يۈەن قەرز
ئالدى. ئۆزىنىڭ ئالتۇن هالقا، ئۈزۈك ۋە
بىر قىسىم كىيىم - كېچەكلىرىنى سېتىپ يەنە
بىرەر مىڭ يۈەن جايلاپ دەسلەپ رەستىدە
يايما ئاچتى. بىر يىلدىن كېيىن سودىنىڭ
يولىنى بىلىپ قالغان رابىيەم خۇداغا تە-
ۋەككۇل قىلىپ سەپەرگە چىقتى.

«ياخشى نىيەت — يېرىم دۆلەت» دېگەن
ماقالدا هېكمەت بار، ئەمما جۈرئەت بول-
مىسا ياخشى نىيەتنى ئەمەلدە كۆرسىتىش
قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ رابىيەم جۈر-
ئەتلىك ئايال ئىدى. ئۇ تۇنجى سەپىرىدىلا
كۆزلىگەن پايدىغا ئېرىشتى. ئاتا - ئانىسى-
نى خوش قىلىپ قەرزدىن ئادا - جۇدا بول-
دى. بۇ ئۇنىڭ مىسكىن روهى-
نى كۆتۈرۈپ ئۈمىدلەندۈردى.
شۇنىڭ بىلەن ئىككى - ئۈچ قېتىم سەپەر قىل-
دى، يەنە بىر تىجارەتچى ئايال بىلەن بىرلىشىپ
بىر كىچىك ماگىزىن ئاچتى. ئۇنىڭ سەرمايى-
سى قىرىق مىڭ يۈەندىن هالقىغانىدى. تۆتىنچى
قېتىم تېخىمۇ يىراق سەپەرگە چىقىپ سەئۇ-
دى ئەرەبىستانىغا بېرىپ، بىر مۇسۇلمان
ئايال تىجارەتچى بولۇش سۈپىتى بىلەن بەي-
تۇللانى تاۋاپ قىلىپ، مەدىنەنى زىيارەت
قىلدى. قايتىشىدا ئېلىپ بارغان ماللىرى-
نى سېتىپ، ئۆزى مۇۋاپىق دەپ بىلگەن بىر
قىسىم ماللارنى ئالغاندىن كېيىن، ئايروپى-
لان ئارقىلىق كاراچىغا يولغا سېلىۋېتىپ
ئىستامبولغا باردى. ئىستامبولدىن ئايرو-
پىلان ياكى پاراخوت بىلەن قايتماي قۇ-
رۇقلۇق يولى بىلەن باغدات، تېهران-
لاردىن ئۆتۈپ پاكىستانغا كەلدى. بىر قى-
سىم ماللىرىنى كاراچى، راۋالپىندى، لاهور-
دا سېتىپ، يەنە مال ئالدى، بىر ماشىنا
دېگۈدەك مال بىلەن ۋەتەن قوينىغا قاي-
تىپ كەلدى. يېڭى ئاچقان بوزدەك ئۇنىڭ
پىكىرىمۇ ئېچىلىپ، نەزەر دائىرىسى كېڭەي-
گەنىدى. ئانا يۇرتقا قەدەم قويغاندىن كې-
يىن، خەلق باشقۇرۇشىدىكى ئوتتۇرا تېخ-
نىكوم قۇرۇلۇشىغا ئون بەش مىڭ يۈەن ئىئانە قىل-
دى. شاڭخەي، گۇاڭجۇ شەهەرلىرىگە يەنە
ئىككى قېتىم بېرىپ كەلدى. سەرمايىسى
يۈز مىڭ يۈەندىن ئاشتى. ئەمدى ئۇنىڭ
ئۆز ئالدىغا ئاچقان كىچىك ماگىزىنى، گى-
لەم توقۇش كارخانىسى بار.

بۇ نۆۋەت ئۇ خوتەندىن قەشقەرگە گى-
لەم ئېلىپ كەلگەنىدى، قەشقەر بىلەن خو-
تەننىڭ ئارىلىقى ئۇنىڭ ئۈچۈن قوغۇنلۇق-
نىڭ يولىدەك بولۇپ، پات - پات كېلىپ -
كېتىپ تۇراتتى. بىر قىسىم گىلەملىرى سې-
تىلىپ ئون مىڭ يۈەن كىرىم بولغانىدى. بۇ
پۇلنى پوچتىدىن خوتەنگە ئەۋەتىۋەتكەندىن
كېيىن، قالغان گىلەملەرنى ئۈرۈمچىگە ئې-
لىپ بېرىپ ساتماقچى بولۇۋاتاتتى.

× ×

ئۇ بۈگۈن بازار ئارىلاپ، ئادەتتىكى-
دىن بۇرۇنراق ياتىقىغا قايتىپ كەلدى.
چاي دەملەپ ئىككى پىيالە ئىچىۋالدى-دە،
كارىۋاتقا چىقىپ ياتتى.

ئۇنىڭ هازىر هېچكىمنىڭ ئالدىدا تىل
قىسىنچىلىقى ۋە هېچكىمدىن قەرزى يوق ئى-
دى. بىراق ئۇ، ئۆزىنى بۇنىڭ بىلەن
بەختلىك هېس قىلمايتتى. بېيىغانسېرى ئالاقە
دائىرىسى كېڭىيىپ ئۇچرىشىدىغان ئادەملەر كۆ-
پەيگەن بولسىمۇ، ئۆزىنى يەنىلا يالغۇز
سېزىپ غېرىبسىناتتى. مەيلى خوتەندىكى
ئۆيىدە بولسۇن، مەيلى قەشقەر، ئۈرۈمچىدە

بولسۇن، مەيلى شائخەي، گۇاڭجۇدىكى مىھە-
مانخانا ياتىقىدا بولسۇن، ماناشۇنداق با-
زار ئايلىنىپ كىرگەن چىغىدا، ئۆزىنىڭ يال-
غۇزلىقىنى ھېس قىلىپ غەم قىلاتتى، مۇڭلى-
ناتتى، كۆڭۈلدىكىدەك ئەركە ئىرىشەلمىگەن-
لىكىدىن قايغۇراتتى. تۇنجى ئىرى بولغان
سۇلايمان پات - پات ئۇنىڭ خىيالىدىن
كېچەتتى، ئۇنىڭ ئۆزىنى خورلاپ ئىككى با-
لىغا قارىماي ئۆيدىن ھەيدەپ چىقارغان-
لىقى ھەر قېتىم يادىغا چۈشسە بەدىنىگە تى-
كەن سانجىلغاندەك بولۇپ، مۇھەببىتى نەپ-
رەتكە ئايلىناتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئاجراش-
قاندىن تارتىپ بالىلىرىنى ئاتىسىغا كۆر-
سەتمىگەن، پۈتۈن مېھرى - مۇھەببىتىنى بىر
جۈپ ئوغۇل - قىزىغا بەرگەنىدى. قەيەرگە
بارسا، شۇ يەردە ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋا-
لىدىغان غىلجىڭ، سۆيۈق، شەھۋانىلىققا
بېرىلگەن ئالا كۆڭۈل كەززاپلار ئۇنى ئەر
زاتىدىن يىرگەندۈرۈپ بىزار قىلىۋەتكە-
نىدى. شۇڭا ھېچكىمگە كۆڭۈل بەرمەي تۇل
خوتۇن بولۇپ ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. بالىلى-
رى بۇۋىسىنىڭ قېشىدا تۇراتتى.

رابىيەم ئۆتمۈشىنى ئويلاپ ئېغىر تىنى-
دى، سۇلايمان يەنە كۆز ئالدىغا كەلدى.
بايا رەستە ئارىلاپ يۈرگەندە، شىلەپە كەي-
گەن، چىرايلىق ياسالغان قاپقارا بۇ-
رۇتى قەددى - قامىتىگە سالاپەت بېغىشلى-
غان بىر كىشىنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قارىغان-
لىقىنى، بۇنىڭ بىلەن يۈرىكى زىڭىلداپ پۈ-
تۈن ۋۇجۇدىنىڭ بوشىشىپ كەتكەنلىكىنى ئې-
سىگە ئالدى. رابىيەم توختاپ قايرىلىپ
قارىغاندا، ھېلىقى كىشىنىڭ سۇلايمان ئىكەن-
لىكىنى تونۇدى. ئۇنىڭ ئۆزىگە گەپ قىلاي
دەپ ئاغزىنى ئۆمەللىگەنلىكىنىمۇ كۆردى.
ھالبۇكى نېمە ئۈچۈندۇر ئالدىراپ ياتاققا

يېنىپ كەلدى، بۇرۇنمۇ نەچچە قېتىم شۇن-
داق قىلغانىدى، بۇ ئازار يېيىشنى خالىما-
غانلىقىدىن بولسا كېرەك، ئېھتىمال.

رابىيەم قوپۇپ ئولتۇردى، ئۇ ياققا - بۇ-
ياققا قارىدى، چايدىن يەنە بىر پىيالە
ئىچتى. ھەر قانداق قىلىپ كۆز ئالدىدىن
سۇلايماننىڭ خىيالىي سىماسىنى نېرى قىلال-
مىدى. بۇ سۇمباتلىق، قارا قاش، قارا بۇ-
رۇت مېھرىبان سۇلايمان ئىدى. رابىيەمنى
ياخشى كۆرگەن، نېمە دېسە شۇنى قىلىپ
بېرىشكە تەييار تۇرغان مەردانە يىگىت سۇ-
لايمان ئىدى. بىردىن بۇ خىيالىي سىمانىڭ
بۇرۇتلىرى تىكەنلىشىپ، تاش يۈرەك ياۋۇز
ئادەمگە ئايلاندى، رابىيەمنىڭ يۈرەك باغ-
رى شۇركىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ قوي كۆزلىرى-
دىن تۇغاچتەك قىزىل مەگىزدىكە ياشلىرى
سىرغىپ چۈشتى. كۆز ياشلىرى توختىغاندا
ئۇ، ئۇخلاپ قالدى ۋە بايىقى ئاجايىپ
چۈشنى كۆرۈپ... چۆچۈپ ئويغانغاندىن كې-
يىنمۇ خېلىغىچە ئېسىگە كېلەلمىدى ھەم ئۇ-
زۇندىن بېرى كۆرۈلۈپ باقمىغان ۋۇجۇدى-
دىكى سۆيۈنۈش ھەم ئۆزىنى قۇچا قىلماقچى
بولغان يۇمشاق قارا قول پەيدا قىلغان دەھ-
شەتلىك ۋەھىمە ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويغانىدى.

رابىيەم بۇ ياتاقتا ئۆزىنىڭ يالغۇز ئىكەن-
لىكىنى، ئۆزىنى سۆيۈندۈرگەنمۇ، ۋەھىمە
قىلدۇرغانمۇ كۆرگەن چۈشى ئىكەنلىكىنى ئا-
خىرى بىلدى، كۆڭلى بىر ئاز ئارامىغا چۈ-
شۈپ ئورنىدىن تۇردى. «تۇۋا ئەجەب بىر
چۈش كۆرۈپتىمەنا، ئۇنىڭ بىلەن ئوچۇمدى-
كىدەك...» ئىككىنچى قېتىم كۆڭلىدىن بىر ئوي
كەچكەندە، ئۆزىنىڭ بىر ئەركە، بولۇپمۇ سۇ-
لايمانغا مۇھتاج بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندى:
«ئۇنداق كۈنلەر ئەمدى نېسىپ بولمايدۇ»
دەپ ھەسرەتلەندى. ئۇ تېخىچە ئۆزىنىڭ

ئىچ كىيىمى بىلەنلا كارىۋات يېنىدا ئۆرە تۇراتتى. بىردىن تامدىكى ئەينەككە قاراپ ئۆزىنىڭ گۈزەل قامىتىنى كۆردى. سۇلايمانغا ياتلىق بولغاندا قارا چاچلىرى بوستان قىلىپ ئۆرۈلگەن شوخ قىز ئىدى. مانا ئەمدى تولۇن ئايدەك تولۇپ ساھىبجامال جۇۋانغا ئايلانغانىدى. كەڭ يەلكىسى، دولقۇنلىنىپ تۇرغان يۇمران كۆكرىكى، ئىچ كۆڭلەك يېپىپ، كۆتۈرۈلۈپ چىققان ساغرىسى ئۇنىڭ بېلىنى بىر تۇتام قىلىپ كۆرسىتىپ، سۇمبات قامىتىگە كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان لەۋەنلىك بەخش ئەتكەنىدى. ئۇ بىلەك سائىتىگە قاراپ، سائەت ئىككىدىن ئۈچ مىنۇت ئۆتكەنلىكىنى بىلدى. تازا ئۈچ سائەت ئۇخلاپتۇ — دە! كۆكسىگە يېپىلىپ تۇرغان چاچلىرىنى ئارقىغا تاشلاپ بانتىلىدى. قارا كاستىيۇم، يوپكىسىنى كىيىپ، ئالماشتۇرىدىغان كىيىملىرى سېلىنغان چوڭ كۈللۈك خاشۇ سومكا بىلەن دائىم بىللە ئېلىپ يۈرىدىغان چىرايلىق كىچىك سومكىسىنىمۇ ئېلىپ مۇنچىغا قاراپ ماڭدى. بۇ سومكىدا ئون مىڭ يۈەن بار ئىدى، مۇنچىدا يۇيۇنۇپ چىققاندىن كېيىن بۇ پۇلنى خوتەنگە ئەۋەتمەكچى بولغانىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن غەيرەت — شىجائەت جۇش ئۇرۇپ تۇراتتى.

× ×

رابىيەم مېھمانخانىدىن چىقتى. غۇر-غۇر كۈز شامىلى يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى ئاكاتسىيە دەرەخلىرىنى ئىغاڭشىتىپ سارغايغان ياپراقلارنى ئۇنىڭ ئاياغ ئاستىغا تۆكەتتى. كۈن غەربكە قىيسايغان بولۇپ، ئۇنىڭ سۇس نۇرى ياپراقلاردا، ئىككى ياندىكى بىنالارنىڭ ئەينەكلىرىدە، رابىيەنىڭ ئۇيچان كۆزلىرىدە ئەكس ئېتەتتى. يەر ئاسمان كۈز پەسلىگە خاس ساغۇچ تۇس ئالغان، ئۇ كېتىۋېتىپ سۆۋەت — سۆۋەتتىكى قىزىرىپ پىشقان ئانار، ئالمىلارنى كۆردى. زۇمرەتتەك سۈپ — سۈزۈك بەشكېرەم ئۈزۈملىرىگە قاراپ ئۆتتى. سۆۋەتتىكى ئالتۇندەك تاۋلىنىپ تۇرغان ئەنجۈرگە كۆزى چۈشكەندە «ئۇچىنچى پىشىشقى ئوخشايدۇ، ياتاققا قايتقاندا بىر سۆۋەت ئالغاچ كېتەي» دەپ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى. لېكىن ھېچكىمنىڭ يۈزىگە قارىمىدى. كەينىدىن قالماي كېلىۋاتقان قارا ماتاق يىگىتنى ئۇ كۆرمىدى. ئاخىر ھەر قېتىم قەشقەرگە كەلسە بېرىپ يۇيۇنىدىغان مۇنچىغا يېتىپ كەلدى. بۇ خىلۋەت مۇنچا ئىدى. ئۇ بېلەت ئېلىپ ئونيەتتىنچى نومۇرلۇق ئۆيگە كىردى. يۈزىگە لاپپىدە ئىسسىق ئۇرۇلدى، سوپۇن پۇرىقى دىمىقىغا كىرىپ يېنىك چۈشكۈردى. كىيىم — كېچەكلىرىنى سالغان خاشۇ سومكىنى دالاندىكى كارىۋات ئۈستىگە قويدى. ئون مىڭ يۈەن پۇل سېلىنغان كىچىك قول سومكىسىنى كۆزگە چۈشۈپ تۇرىدىغان ئاستۇغا ئىلدى، نېمە ئۈچۈندۇ ئۇنىڭ يۈرىكى يەنە ئەنسىزلىك بىلەن سېلىپ كەتتى. ئەنسىزلىك ئىلكىدە ئالدىراپ كىيىمىنى سالدى.

ئىنساننىڭ سەزگۈ نېرۋىلىرى ھەمىشە مېڭىگە ئۇچۇر يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ. بۇ ئۇچۇرنى مېڭە قوبۇل قىلغاندا ئەقىل پەيدا بولىدۇ ۋە بىر ئىشنى قىلىش — قىلماسلىققا ياكى تەۋەككۇل قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. رابىيەم ئۆز سەزگۈ نېرۋىلىرىنىڭ بەرگەن ئۇچۇرىدىن ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەن بولسىمۇ، كۆڭلىنى ئەنسىزلىك قاپلىۋالدى، كۆزىنى كىچىك قول سومكىدىن ئالمىغان ھالدا ئىچكىرىدىكى ۋاننىغا چۈشتى، ئىللىق سۇ ئۇنىڭ تېنىگە راھەت بەخش ئەتتى. شۇندا قىتىمۇ ئۇنى ۋەھىمە

تەشۋىشلەنىدۇرمەكتە ئىدى. «مۇشۇ تاپتا يېنىمدا ياخشى كۆرگەن ئادىمىم بولغان بولسا... ياق - ياق، سۇلايمان بولغان بولسا، بۇنچە خاۋاتىرلەنمەيتتىم.» خىيالىغا يالت قىلىپ كەلگەن بۇ ئوي، ئۇنىڭ بايا كۆرگەن چۈشىنىڭ تەسىرىدىن هازىرمۇ هاياجانلىنىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرەتتى، راستىنلا ئۇنىڭ كۆڭلىگە سۇلايمان كىرىۋالغانىدى. خىيالىدا رابىيەم سۇلايماننىڭ بويىنىغا گىررە سالدى، قارا چاچلىرى يىلاندەك تولغىشىپ ئۇنى چىرمىۋالدى. سۇتامچىلىرى مەرۋايىتتەك تىزىلىپ كەتكەن كۆكسى دولقۇنلاپ، مۆڭلانغان كۆزلىرىگە ياش كەلدى. شۇ چاغدا، هە شۇ چاغدا مۇنچا ئىشىكى غىچچىدا ئېچىلدى. ئوۋچى قارىغا ئالغان ئاهۇدەك چۆچۈپ كەتكەن رابىيەم شۇنداق قاراپلا ئانىدا زوك ئولتۇرۇۋالدى. بايا ئۇ، ئورنىدىن ئىختىيارسىز تۇرۇپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قالغان بولسا كېرەك. ئىشىكنىڭ غىچىلدىشى بىلەن كىرىپ كەلگەن ناتونۇش ئادەمنىڭ كىچىك قول سومكىسىغا قول ئۇزاتقانلىقىنى كۆرگەندە، نومۇستىن ئولتۇرۇۋالغانىدى، كىرگەن ئادەم ئۇنىڭغا زادى قارىمىدى. چاشقانغا ئېتىلغان مۈشۈكتەك چاققانلىق بىلەن سومكىنى ئالدى - دە، ئىشىكنى قاتتىق يېپىپ ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى.

رابىيەم شۇ سېكۇنتتا ئىشىكنىڭ ئىلغۇچىنى ئىلمىغانلىقىنى، يولدا كېلىۋېتىپ بىر قېتىم ئارقىسىغا قارىغاندا پاخپايغان چاچلىرى گەردىنىگە چۈشكەن بۇ قارامۇتۇق نائەهلىنى كۆرگەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى - دە، چاچراپ ۋاننىدىن چىقتى. «ئوغرى! ئونمىڭ يۈەن پۇلۇمنى ئېلىپ كېتىپتۇ، مېنى قارا باستى» ئۇنىڭ بېشىدا چاقماق چېقىلدى.

ئاتوم بومبىسى چۈشۈپ شەهەر ئەزىم ۋەيران بولدى، ياق ۋەيران بولغىنى ئادەتتىكى شەهەر ئەمەس، بەلكى ئېتىقاد - ئەقىدە مۇنارلىرى قەد كۆتەرگەن، ۋىجدان - نومۇس چىراغلىرى بىلەن يورىغان، ئىشەنچ، ئىرادە بىنالىرى بىلەن هەيۋەتلىك تۈس ئالغان قەلب شەهىرى ئىدى. يەنە شۇ دەقىقىدىلا خارابە ئورنىدا ئەقىل - پاراسەت مۇنارى قەد كۆتۈرۈپ، ئۈمىد چىرىغى ياندى. جۈرئەت ۋۇجۇدىدىكى قورقۇنچنىڭ ئورنىنى ئالدى: «ئوغرىنى تۇتۇشۇم كېرەك!» ئۇنىڭ كېيىمى سومكا ئىچىدە ئىدى. ئېلىپ كىيىپ بولغىچە ئوغرى ئۇزاپ كېتەتتى، رابىيەم ئەمدى ئويلاپ تۇرمىدى. ئانىدىن تۇغما هالدا مۇنچا ئىشىكىدىن ئېتىلىپ چىقتى. قېرى دەرۋازىۋەن «خۇدايا تۇۋا، خۇدايا تۇۋا، بۇساراڭ نەدىن پەيدا بولۇپ قالدى» دەپ كۆزىنى چىمك يۇمۇۋالدى.

رابىيەم دەسلەپ ئىككى قولى بىلەن هەر قانداق جانلىقنىڭ كۆزى چۈشسە بولمايدىغان خاس جايىنى تۇتۇپ يۈگۈردى. ئۆسمۈرلۈك چېغىدا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىغا قاتناشقاندىمۇ بۇنداق تېز يۈگۈرمىگەنىدى، كۆز يېتىم يەردە ئونمىڭ يۈەن سېلىنغان قول سومكىسىنى كۆتەرگەن هېلىقى ئوغرى ئارقىسىغا قاراپ - قاراپ تېز كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئارقىسىغا بىر قېتىم قارىغاندا، سومكا ئىگىسىنىڭ قىپ - يالىڭاچ هالدا قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ توشقاندەك بەدەر قاچتى. چىرايلىق بىر ئايالنىڭ قىپ - يالىڭاچ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ تولىسى «تۇۋا» دېيىشىپ هاڭ - تاڭ قېلىشتى. «ساراڭ بولۇپ قاپتۇ، بىچارە ئەقلىدىن ئادىشىپتۇ، كىمنىڭ خوتۇنىدۇ،

ئاتا - ئانىسى بارمىدۇ؟» دېيىشىپ يالىل-
ىردىن ئۆتكەندە تەتۈر قارىتىۋېلىشتى، يا
بولمىسا كۆزلىرىنى قوللىرى بىلەن توسىۋې-
لىشتى. بەزىلەر ھايا سىزلارچە ھېجىيىپ شەھ-
ۋانىي نەزەر بىلەن قادىلىشتى، ھەممىنىڭ
ئاغزىغا «سارىڭ» دىن باشقا سۆز كەلمىدى.

رابىيەم راستىنلا سارىڭ بولۇپ قالغان-
مىدۇ؟ پۇلىنىڭ كەينىدىن شەرمەندىلەرچە
يالىڭاچ پېتى يۈگۈرگەن بارمۇ؟ ئۇ شۇنداق
بىنومۇس ئايالمۇ؟

رابىيەم سۇلايماندىن ئاجراشقاندىن
بۇيان چىققان لايىقلار ئاز ئەمەس ئىدى.
توي قىلمايمەن دېگەننى ئاڭلىغان بەزى
لايىقلار ئۇن مىڭ، يىگىرمە مىڭ يۈەن پۇل-
نى تەڭلەپ يېلىنىسىمۇ، رابىيەم سىلىقچە «مەن
ئۆزۈمنى ساتمايمەن، ھازىر توي قىلىش نى-
يىتىم يوق» دەپ ئۇلارنى قايتۇرغانىدى. مىڭ،
ئىككى مىڭ يۈەننى تەڭلەپ بىر كېچە بىللە
بولۇشقا ئۇندىگەنلەرنى «ئەقىل - پاراسىتىم،
ئىمانىم، ئەمگەك تەرىم بىلەن پۇل تېپىۋا-
تىمەن، مەن ئۈچۈن نومۇسۇم، پۇل ئەمەس،
جاندىنمۇ قىممەتلىك ، پۇلىڭىزنى چېكىڭىز-
گە تېڭىۋېلىڭ» دەپ قوغلىۋەتكەنىدى. شۇن-
داق ئالىيجاناب پەزىلەتلىك ئايال بۈگۈن
نېمە ئۈچۈن ئادەم شۇنچە كۆپ كوچىغا نو-
مۇس قىلماي يالىڭاچ چىقتى؟ بۇ كىشىنى
ئويلاندۇراتتى.

رابىيەم ئوغرىغا يېتىشىشكە ئون قەدەم
قالدى. كۆزىنىڭ ئىزغىرىدىن شامىلى ئۇنىڭ
بېلىگە چۈشۈپ تۇرغان قارا چاچلىرىنى ئۇ-
چۇراتتى، سىلكىنىپ لىغىلداپ تۇرغان كۆك-
سىگە ئۇرۇلاتتى. ئۇ قوللىرىنى قويۇۋېتىپ
تېخىمۇ كۈچەپ يۈگۈردى. ئاخىر ئوغرىغا ئىككى
قەدەم قالدى. مانا ئۇ، ئوغرىنىڭ كەچكە-
سىگە قاتتىق ئېسىلدى، ئوغرى سەنتۈرۈلۈپ
كەتتى.

— ماۋۇ سارالىڭ ئادەمنى نېمە قىلاي
دەيدۇ، - دېدى ئوغرى رابىيەمنىڭ غەزەپ-
تىن چاقناپ تۇرغان يوغان كۆزلىرىگە قا-
راپ. ئۇ كۈچ بىلەن ئۇرۇلغان كاچات بىلەن
دەلدۈگۈنىپ يىقىلدى. رابىيەم ئۇنىڭ قو-
لىدىكى سومكىنى بىر سىلكىپ تارتىۋالدى.

— خالايىق، مەن سارالىڭ ئەمەس، ئە-
قىلدىن ئازغان بىچارىمۇ
ئەمەس، تاپتىن چىققان نومۇسسىزمۇ
ئەمەس، بۇ ۋىجدانسىز ئوغرىنى تۇتىمەن،
دەپ كىيىم كىيىشكە ئۈلگۈرەلمەي مۇنچى-
دىن قوغلاپ چىققانىدىم، مانا تۇتتۇم. بۇ
سومكىدا ئۆزۈم ئەجىر قىلىپ تاپقان 10 مىڭ
يۈەن بار ئىدى. خالايىق ماڭا بىر يېپىنچا
بېرىڭلار...

رابىيەم ئىككى قولى بىلەن خاس يې-
رىنى تۇتۇپ يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ
كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياشقۇيۇلۇۋاتاتتى.

— رابىيەم - رابىيەم ماۋۇ پەلتۇنى
كىيىۋېلىڭ.

رابىيەم بۇ تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپ
ھەيران بولۇپ بېشىنى كۆتەردى، ئالدىدا
پەلتۇنى تەڭلەپ سۇلايمان تۇراتتى. ئۇ-
نىڭغا تۇشمۇ تۇشتىن چاپان، كۆڭلەك، رو-
مال سۇنۇلدى.

رابىيەم يىغلاپ تۇرۇپ پەلتۇنى كەي-
دى، بېشىغا رومالنى ئارتتى. سومكىنى سۇ-
لايمانغا بەردى. دەل ۋاقتىدا يېتىپ كەل-
گەن ساقچىلار ئوغرىنى يالاپ ئېلىپ كەتتى.

—يۈرۈڭ، سىز بەك چارچاپ كېتىپسىز،
مەن ئاپىرىپ قوياي ، - دېدى سۇلايمان
بوغۇق ئۈن بىلەن.

تېخىمچە ئېسەدەپ يىغلاۋاتقان رابىيەم
ئۇنىڭغا يۆلەنگەن ھالدا قەدەم تاشلىدى.

ئېمىنجان رەھمتىلى

# موماي ۋە ئۇنىڭ كېلىنى

( ھېكايە )

ئازادە، لېكىن ئاددىغىنا سەرەمجانلانغان ئۆيدە بىرى ياش، بىرى قېرى ئىككى ئايال ئالدىراپ بىر يەرگە بېرىشقا جابدۇنىشىۋاتاتتى. تېخى ئون مىنۇت ئىلگىرىلا يالغۇز ئوغلىنىڭ ئىش ئورنىدا ئېغىر يارىلىنىپ، دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغىنىدىن خەۋەر تاپقان ئانا ئۆزىنىڭ شور پېشانىلىقىدىن، تەقدىرنىڭ رەھىمسىزلىكىدىن ۋايسايتتى. ياش تۇرۇپلا تۇل قېلىشتىن ئەنسىرىگەن كېلىن، ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىدىن، ئېرىنىڭ بىچارىۋالىقىدىن كايىيتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئەينەك ئالدىدا ئازراق «ھايال» بولۇشنى زۆرۈر تېپىپ، «ئانچىكىلا» ئۆزى تەستىقلاپ ئىشنى «پۈتتۈرگەن» دىن كېيىن، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا مەيسەكالىچىنى قىيىنىلىپ كىيىۋاتقان مومايغا ئالىيىپ قاراپ قويدى-دە، غۇتۇلداپ سۆزلىگىنىچە چىقىپ كەتتى. كېلىنىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن موماي تەمتىرەپ كونا پەرىجىسىنى كىيىپ ئىشىككە يۈزلەندى.

— مانا، خان قىزىم زۇلخۇمار، مانا بولدۇم، سەل توختاڭ، بىللە ماڭايلى...

ئۇلار بىرى ئالدىدا تاقىلداپ، بىرى كەينىدە ھاسىراپ ماڭغىنىچە ئاپتوبۇس بېكىتىگە كەلدى، ئۇلار كېلىشىگىلا ئاپتوبۇسمۇ كېلىپ قالدى.

زۇلخۇمار گويا مومايىنى تونۇمايدىغاندەك، ئۇنىڭ بىلەن ھېچبىر چېتىشلىقى يوقتەك ئىتتىك ئاپتوبۇسقا چىقتى-دە، ئالدى ئىشىك تەرەپكە كەتتى. موماي مىڭ بىر جاپادا ھاسىسىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ئاپتوبۇسقا چىقىۋالدى.

ياخشى نىيەتلىك ئادەم ھەر يەردە بولغىنىدەك، ئاپتوبۇستا ئولتۇرغان زۇلخۇمار بىلەن تەڭ دېمەتلىك دېگۈدەك بىر چوكان مومايىنى يۆلەشتۇرۇپ، ئۇنىمىغىنىغا قارىماي، ئۆز ئورنىغا ئولتۇرغۇزدى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى ھەممە ئادەمگە تەڭ قاراپ، كىدىيىپ تۇرغان زۇلخۇمارنى كاچاتلىغاندەك بولدى.

ئاپتوبۇسنىڭ يەڭگىلرەك تورمۇزلىنىشى يولۇچىلارنىڭ شېرىن خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى. بولۇپمۇ، زۇلخۇمارنىڭ ئەڭ نازۇك ھەرىكەتلىرى بىلەن چۆچۈپ- ئەندىكىشلىرى يولۇچىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇراتتى. دەل شۇ پەيتتە بېلەت ساتقۇچى ياش يىگىت زۇلخۇمارنىڭ يېنىدىن تارتتى. زۇلخۇمار ئۇنىڭ چىراي- تۇرقىغا سەپسېلىپ، تۇمشۇقىنى ئۆمچەيتتى ھەم:

— ئوھۇش، تارتىسىلا، مەيىنەت قوللىرىنى! ماشىنىلىرىغا چىققان ئادەم پۇل تۆلەشنى بىلمەمتى؟!- دېگىنىچە تەتۈر قاراپ، يىگىتنى قول ياغلىقى بىلەن سۈرتۈپ، ياغلىقىنى دېرىزىدىن سىرتقا تاشلىۋەتتى. ئاندىن سومكىسىنى ۋە يانچۇقىنى كولاشتۇردى.

شۇ نىڭ بىلەن ئاپتوبۇس ئىچىدە زۇلخۇمار توغرۇلۇق سوقما پاراڭ باشلىنىپ كەتتى. ئالا كۆڭلەك كەيگەن بىر يىگىت ئاۋازىنى قويۇپ بەردى:

— قاراڭ بۇ نازىنىنغا، باياتىن كەپىنىڭ چوڭىنى قىلىپ تۇراتتى، ئەمدى ئەجەب بىر تىيىن چىقمايدىغۇ، پۇل بەرمەسلىكىنىڭ قازىنىنى ئىسىۋاتامدۇ ـ يا؟ قىيىنالمىسا بوپتىكەن، بىز تۆلىۋەتسەك...

يولۇچىلارنىڭ ئارىسىدا كۈلكە ئاڭلاندى. زۇلخۇمار جىددىيلەشمەكتە، ئۆزىنىڭ كىيىم يۆتكەيمەن دەپ پۇلىنى ئۇنۇتقىنىغا پۇشايمان قىلماقتا ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئاللىقانداق خىياللار ئارىلاشقان كۆڭلى قېيىن ئانىسىدىن پۇل سوراشقا بارمايتتى. ئۆزىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرغان مومايغا قاراپ نومۇسى كېلەتتى...

— ئوغلۇم، ماۋۇ پۇلنى ئېلىڭ! — يولۇچىلار كەينىگە قارىدى. موماي بىر تۈگۈنچەكتىكى پۇلنى يەشكىنىچە ئالدىغا بىر نەچچە قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا «كاچ تۇرغاندا ئۆلۈك ئۇچراپتۇ» دېگەندەك بىرسىنىڭ پۇتىغا پۇتلىشىپ ئالدىغا دۈم يىقىلدى.

شۇ ھامان ھېلىقى ئورۇن بوشىتىپ بەرگەن چوكان يۈگرەپ كېلىپ مومايىنى يۆلىدى؛ زۇلخۇمار جىددىيلىشىپ، سىرتقا قارىۋالدى. ئاپتوبۇس ئىچى قىيا ـ چىيا بولۇپ ھەممەيلەننى ئالاقىزادە قىلىۋەتتى. موماي بۇرنىدىن قان تامچىلىغانچە يەنە شۇ گەپنى تەكرارلاۋاتاتتى:

— ئوغلۇم، مانا... ماۋۇ پۇلنى ئېلىڭ!

ئۇ قولىنى ئۇزاتقانىدى، تىترەپ تۇرغان قوللىرى ئاستا تۆۋەنگە ساڭگىلاپ، بىر تۇتام پۇل يەرگە چېچىلىپ كەتتى. موماي ئەڭ ئاخىرىدا:

— بالام، پۇلنى ئېلىڭ! ئۇ مېنىڭ كېلىنىم بولىدۇ، ـ دېگەن سۆزنىلا چىقىرالىدى. غەزەپ بىلەن تىكىلگەن نۇرغۇن كۆزلەر زۇلخۇمار تەرەپكە بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، زۇلخۇمارنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ئېقىۋاتقان بىر تامچە ياش ئاستا سىرغىپ مەڭزىدە توختاپ قالغانىدى.

---

(بېشى 13 ـ بەتتە)

قاسىم ئىنتايىن غەزەپلەندى. ئەمما ھازىر ئۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈر بولغىنى چۈشتىن كېيىن ئىشقا بارمىغانلىق سەۋەبىنى يوشۇرۇش ئىدى، شۇڭا ئۇ ئەركىن بازارغا بېرىپ بېلىقتىن ئىككىنى ئالدى ـ دە، ھەمراخان ئاچىغا بىرنى بەردى. بىرىنى بولسا، بىر ئاشپەزگە بېرىپ «كېيىن كېلىپ قورۇتۇپ يەيمەن» دەپ ئەسكەرتىش بەردى... لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا ئۇ ھەرقانچە ئۇستىلىق قىلىپمۇ بۇنداق ئاقىۋەتكە قېلىشىنى ۋە شۇنچە تېز قولغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى.

قاسىمنىڭ ئۆز جىنايىتىنىڭ جەريانىنى بايان قىلىشى تاماملاندى. ئۇ، سوراق قىلغۇچى خادىملارنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتتى.

ئارىنى ئىككى مىنۇتچە جىمجىتلىق قاپلىدى. كېيىن كەسكىن ھەم قەتئىي ئاۋازدا ئېيتىلغان «يالاپ ئېلىپ چىقىپ كېتىڭلار!» دېگەن سۆز بىلەن تەڭ، ياندا تۇرغان ئىككى ساقچى قاسىمنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ ئىتتىرگىنىچە ئېلىپ چىقىپ كەتتى...

قۇندۇز مۇھەممەت




( ھېكايە )

كېسەل ئازابىدا قىينىلىپ ئاران تۇرغان بۇ يىگىتنى، بالنىستتا ياتقان ئوتتۇز بەش كۈندىن بۇيانقى سانسىز تەكشۈرۈش ۋە قان ئېلىشلار تېخىمۇ ھالسىرىتىپ قويدى. ئۇنىڭ چىرايلىرى سارغىيىپ، مەڭزىنىڭ سۆڭەكلىرى چىقىپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى. ھەر قېتىم ئاغرىق قاتتىق قوزغالغاندا، بېرىلگەن ئىككى تال ئاغرىق توختىتىش تابلېتكىسىدىن باشقا دورا ياكى ئوكۇل بېرىلمىگەنىدى.

يىگىتنىڭ قورسىقىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى قاقتەك چوڭلۇقتىكى نەرسە بارغانسېرى چوڭىيىپ كېتىۋاتاتتى. ھەر قېتىم تاماق ۋاقتىدا بۇ يىگىت يا تاماق ئېلىشقا چىقمايتتى، ياكى بىرەر ئادەم ئۇنىڭغا تاماق ئېلىپمۇ كەلمەيتتى. پەقەت ياتاقداشلىرى ھەر قېتىمدا بىرەرسى بىر كىشىلىك تاماقنى ئارتۇقراق ئېلىپ يىگىتكە بېرەتتى. كېيىنچە تاماق ئەكىرىدىغان سېستىرا چېلەك ياكى داسنىڭ تېگىدە ئازراق تاماق ئاشۇرۇپ قېلىپ، يىگىتكە ئەكىرىپ بېرىدىغان بولدى. ئۇنى ئۈچ - تۆت كۈندە بىر قېتىم ئىككى قولىنى سىلىپلا كېلىپ، يەتكىچە تىللاپ، باشقىلارنىڭ ئەيىبلەشلىرى بىلەن پەسىيىپ قالىدىغان ھېلىقى ياش چوكىنىدىن باشقا بىرەر ئادەم يوقلاپمۇ كەلمەيتتى.

— ئايالىڭىز كەلسە مەن بىلەن كۆرۈشسۇن، — دېدى مەسئۇل دوختۇر بىر كۈنى ئەتىگەندە يىگىتكە.

— سىڭلىم يولدىشىڭىز ئۈچەي راكى كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپتۇ، تېزرەك داۋالىماسا قايتۇۋالغىلى بولمىدۇ، بۇنى ئۆزىگە ئۇقتۇرماڭ. ھازىرچە بىرمىڭ بەشيۈز يۈەن تۆلەپ، رەسمىيەت ئورۇنلاپ كىرىڭ، بىزمۇ تېزرەك داۋالاشقا تۇتۇش قىلايلى.

— نېمە، ئۆتكەندىلا بالنىستقا ئالدۇرۇشتا تۆت يۈز يۈەن تۆلىگەن ئىدۇققۇ؟

— ئۇ پۇللار كېسەلنى ئېنىقلاش جەريانىدىكى تەكشۈرۈشلەر بىلەن تۈگىدى.

— شۇنچە پۇل كېسەل ئېنىقلاشقا كەتسە، پۇل تاپىدىغان ئادەم ئىشتىن ياتسا، مەن پۇلنى نەدىن تاپىمەن؟

— سىڭلىم، بىر ئامال قىلىڭ، يولدىشىڭىز ياش ئىكەن، بۇ ئۇنىڭغا ھايات مەسىلىسى.

— ئۇنداق ياتقىنىدىن ئۆلگىنى ياخشى ئۇ مەرەزىلىك...

دوختۇر كىچىككىنە تۇرۇپ باغرى تاشقا ئايلانغان بۇ چوكانغا ھەيرانلىق، ئېچىنىش تۇيغۇسى بىلەن قاراپ قالدى ۋە:

— قانچە تېز بولسا، شۇنچە ياخشى، — دەپ قويدى.

كېچىدىن بېرى تولا يىغلاپ كۆز يېشى قۇرۇپ كەتكەن بۇ يىگىت كارىۋىتىدا تورۇستىن ئىنجا تىلىق تىلەۋاتقاندەك ئاسمانغا قاراپ چەكچىيىپلا ياتاتتى. تۈنۈگۈن كەچ ئايالى ئۇنىڭغا كېسىلىنى ئېيتىپ قويغان ئىدى. كىشى تەن ساق ۋاقتىدا ھايات قەدرىگە ئانچە يەتمەيدۇ، جان ھەلقۇمىغا كەلگەندىلا ئاندىن بۇ ھاياتنىڭ تولىمۇ سۆيۈملۈك، تولىمۇ تاتلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ ۋە ئەڭ ئاخىرقى كىچىككىنە ئۈمىدىنىمۇ قولىدىن بېرىپ قويغۇسى كەلمەي تىركىشىپ باقىدۇ. ئەندىلا يىگىرمە يەتتە ياشقا كىرگەن بۇ يىگىت ئاتا-ئانىسىدىن كىچىك قالغاندىن كېيىن تولا قېقىندى - سوقۇندى بولۇپ چوڭ بولغان، كېيىنچە ناۋايلىققا شاگىرت تىلىققا كىرگەن. يىگىرمە ياشقا كىرگەن يىلى ئۇستىسىدىن كۆڭلى ئاغرىنغان بۇ يىگىت ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ، ئۇرۇمچىگە چىققان ئىدى ۋە ھازىرقى قېيىن ئاتىسىنىڭ ناۋايخانىسىدا ئىشلىگەن ئىدى. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇستام قولى ئەپچىل، چاققان ۋە قولىقى يۇمشاق بۇ بالىنى ياقتۇرۇپ قالغاچقا، ئۆزىگە ئىچ كۈيئوغۇل قىلىۋالغان ئىدى.

يىگىت چولپان بىلەن تەڭ تۇرۇپ، ئېخىر ياتقۇغىچە ئىشلەيتتى. ئۇستا ئۇنىڭ ئەجرىگە لايىق ئىش ھەققى بېرەتتى. لېكىن بۇ ئىش ھەققى دادىسىنىڭ قولىدىن قىزىنىڭ قولىغا ئۆتەتتى - دە، يىگىت ئۇنىڭ بىر ھاغلام پۇل ئىكەنلىكىنىلا كۆرۈپ قالاتتى. ھېچقانداق كەيپى يوق بۇ يىگىت شۇ ئۆيدە قورسىقى تويسىلا، ھەر بىر ھېيت - ئايەمدە ئايالى تىكتۇرۇپ بېرىدىغان بىرەر قۇر كىيىمى بولسىلا قانائەت قىلىپ ئۆتۈۋېرەتتى. ئۇنىڭچە كىرىدىغان ماكانى يوق شۇ مۇساپىرچىلىق كۈنلەردە بېشىنى سىلاپ ياتقىدەك جاي، يەيدىغانغا ئاش بەرگەن ئۇستىسىنىڭ ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن ناۋايخانىدىن باشقا يەنە قېيىن ئاتا - قېيىن ئانىسىنىڭ بۇيرىغان ھەر قانداق ئىشىنى بىجا كەلتۈرۈشى، چوڭ ئۆينىڭ ئېغىر ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى قىلىشى، ئايالىنىڭ كەمسىتىشلىرى ۋە ھاقارەتلىرىگە چىدالىشى كېرەك ئىدى. ئۇ ئىچىدە «ھامان بىر كۈنى ياخشى بولۇپ كېتەر» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى. تەندۇرۇس ساق كۈنلەرگۇ شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى. نېمىشقىمۇ شۇ چاغدا مۇشۇنداق كۈنلەرنىڭ بولۇشىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان بولغىيتتى؟ بۇ نەس كېسەل قانداقلارچە بۇنىڭغا چاپلاشقاندۇ. «بوزەكنى بوزەك ئەتمەسەڭ، قىيامەتتە سورىقى بار» دېگەن گەپ راست ئوخشايدۇ. كېسەل جېنىدا ئاجىزنى، بوزەكنى تاپىدىكەن ئەمەسمۇ...

كۈز كۈنلىرىنىڭ بىر سەھىرى ناۋايخانىدا خېمىر يۇغۇرۇۋاتقان يىگىت ئۆپكىسىنىڭ مۇجۇپ ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزدى، لېكىن ئۇ بەرداشلىق بېرىپ كۈن توشقۇزدى، ھەپتىنى ئۆتكۈزدى. يەتتىنچى كۈنى يىگىت بولالماي يىقىلدى. ئۇنىڭ كېچىدىكى ئېگىراشلىرىدىن زېرىككەن ئايالى ئەھۋالىنى ئاتا - ئانىسىغا ئېيتتى.

ئۇلار يىگىتنى دوختۇرغا كۆرسىتىشتى ۋە ئۆتىيوز يۈەن تاپشۇرۇپ بالنىستقا ئالدۇرۇشتى. بۇ پۇللار تەكشۈرۈش ھەققىگە كەتكەن بولسا،

بىر مىڭ بەشيۈز يۈەننى يىگىت نەدىنمۇ تاپىدۇ؟ ئائىلىدا ياكى قېيىن ئاتىسىدا بۇنچىلىك پۇل بارمۇ يوق، ئۇ بىلمەيتتى. ئۇ ھېچقاچان ئائىلىدىن پۇلنىڭ سورىقىنى قىلىپ باقمىغان، قانچە پۇل ئىش ھەققى تەگكەنلىكىنى، قانچە پۇل خەجلىگەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپمۇ كۆرمىگەنىدى. توۋا، ئىنسانلار نېمە دېگەن مۇرەككەپ مەخلۇق. ھە! بارلىق ياخشىلىق، ئالىيجانابلىق، خەيرى - ساخاۋەت شۇلارنىڭ قولىدىن كېلىدۇ، يەنە بارلىق يامانلىق، شۇملۇق، ھېلە - مېكىرمۇ شۇلارنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ. مانا، ئۈچ يىل بىر ياستۇققا باش قويغان، ئۆزىگە بىردىنبىر يېقىن كىشى ھېسابلىغان ئائىلىسى تونۇگۈن كېچە «سەندەك پايدىسى يوق، راھىتى يوق ئەردىن تەنھا لىقىم مىڭ ياخشى!» دېمىدىمۇ؟ ئەمدى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ يولىنى مېڭىشنى ئۇمىد قىلغۇدەك كىمى قالدى؟ توۋا، پۇلنىڭ بۇنچىلىك كۈچى بارلىقىنى نېمىشقىمۇ بۇرۇنراق ئويلاپ يەتمىگەن بولغىيتتى؟ نېمىشقىمۇ، نېمىشقىمۇ ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكى بەدىلىگە كەلگەن پۇللاردىن ئازراقىنى ئۆزى ئىگە بولۇپ ئېلىپ قويمىغان بولغىيتتى؟ ئەمدى ئۇنىڭ زارىنى كىم تىڭشايدۇ؟

ئۇ دوختۇرلارغا يېلىندى:

— ئاۋۋال داۋالاڭلار، بىر ئاز ياخشى بولسىلا پۇل تېپىپ قايتۇرىمەن، — دەپ باقتى. دوختۇرلار:

— بۇ تۈزۈم، ئاۋۋال پۇل تاپشۇرۇشىڭىز كېرەك. بىزنىڭ مائاشىمىزمۇ چاغلىق تۇرسا، سىزنى داۋالىغان پۇلنى يېنىمىزدىن چىقىرىمىزمۇ؟ — دېيىشتى - دە، بېشىنى چايقاپ كېتىپ قېلىشتى. ياتاقداشلىرى ۋە يىگىتنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلىغانلار كىرىپ تەسەللى ئېيتىشتى، مەسلىھەت كۆرسىتىشتى. لېكىن بىرەرسى: «مانا بۇ يۈز كوي پۇلنى دەردىڭگە دەرمان قىل» دېيەلمىدى.

يىگىتنىڭ كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلاشماقتا ئىدى. دوختۇرلار ئۇنىڭ كارىۋاتىنى بىكارلىشىنى ئۇقتۇردى.

يىگىتنىڭ دوختۇرخانىدىن چىققۇسى يوق ئىدى، ئەگەر ئۇ بۇ يەردىن چىقىپ كەتسە ئەزرائىل ئۇنى ئىشىك تۈۋىدىلا ساقلاپ تۇرغاندەك قىلاتتى. ئۇ ياش ئىدى، ياشىشى كېرەك ئىدى. ئۇ تۇغۇلۇپ تېخى بۇ ھاياتتىن ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان خۇشاللىق نېمىتىنى ئېلىشقا ئۈلگۈرمىگەنىدى. ئۇ مۇشۇ يەردىن ساقىيىپ چىقىپ باش ياستۇققا يەتكەندە ئۆزىنى كۆرسەتكەن شۇ پۇلدىن بىر دۆۋە تاپقۇسى، مۇشۇ كۈنلەردە پۇلى بار تۇرۇپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىگەن ئادەملەرگە:

— مانا، پۇل، مېنىڭمۇ پۇلۇم بار! — دەپ ۋارقىرىغۇسى، ئۇلارغا قارىتىپ ئاتقۇسى كېلەتتى. ئۇ خۇدادىن بىر مۆجىزە ئاتا قىلىشىنى تىلىدى، لېكىن بۇ مۆجىزە يۈز بەرمىدى. ئۇنى ئەمدى پۇلدىن بۆلەك ھېچنەرسە، ھېچكىم قۇتقۇزۇپ قالالمايتتى. بىراق بۇ سېھىرلىك قەغەز ئۇنىڭغا ئۆزىنى كۆرسەتمەستىن، ئۇنىڭ ياش جېنىنى ئالىقىنىغا ئالغانچە ئۇنى مازاق قىلاتتى.

— پۇل، پۇل، — دەپ جۆيلۈيتتى، يىگىت چۈشىدىمۇ. قىرىق كۈن بولدى دېگەن كۈنى يىگىت جانسىز پۇتلىرىنى سۆرىگەن ھالدا كۆز قارچۇقىدا پىلدىرلاپ تۇرغان ئەڭ ئاخىرقى ھايات ئۇچقۇنى بىلەن ئۆزىنى ئۇزاتقان كېسەل ۋە دوختۇرلارغا تولىمۇ بىچارە قىياپەتتە تىكىلگەن پېتى خوشلاشتى، ئۇنىڭ خوشلىشىش ئالدىدىكى بىردىنبىر ئېغىز سۆزى:

— مەن چىقىپ پۇل تېپىپ كېلىمەن، مەن جەزمەن پۇل تاپىمەن! — دېگەندىن ئىبارەت بولدى.

## قاۋۇل ساۋۇر

# شېئىرلار



قاۋۇل ساۋۇر 1953 - يىلى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ شاخاپ يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1971 - يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ھەربىي سەپكە كىرىپ 1975 - يىلغا قەدەر ئىلگىرى - كېيىن قورۇقلۇق دېۋىزىيىسىدە ئەسكەر، ئىيەندۇيدە كاتىپ، دېۋىزىيە سەنئەت ئۆمىكىدە مۇزىكا خادىمى بولۇپ ئىشلىگەن. 1976 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر ئىدارىسىنىڭ قۇدۇق قېزىش دۈيىدە تېخنىك ئىشچى، ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلىدا مۇخبىر، تەھرىر، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەت ئىشخانىسىدا كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن. 1984 - يىلدىن ھازىرغا قەدەر ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

قاۋۇل ساۋۇر 1979 - يىلى «قەشقەر گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «ۋەتەن مۇھەببىتى» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت مەيدانىغا قەدەم قويغان. ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭ 100 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى، 10 پارچىدىن كۆپرەك ھېكايە - ئوچېركلىرى ھەر قايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بىر بۆلەك شېئىرلىرى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ۋىسال كۈيلىرى» ناملىق بىرلەشمە توپلامغا كىرگۈزۈلدى، 50 پارچىدىن كۆپرەك دراما، كومېدىيە، ئەلنەغمە ۋە ناخشا تېكىستلىرى سەھنىلەشتۈرۈلۈپ، بۇنىڭدىن 13 پارچىسى ۋىلايىتىمىزنىڭ كۆرەك سەھنىلىرىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

قاۋۇل ساۋۇر يېقىنقى 2 - 3 يىل مابەينىدە ئۆزىنىڭ شېئىرلار توپلىمىنى نەشرگە تەييارلىغاندىن تاشقىرى، «ئەقىل خارابىسىدىكى ئەۋلاد» ناملىق داستانى بىلەن «ئالتۇن قەلب» ناملىق پوۋېستىنى يېزىپ پۈتتۈردى. ئۇ ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى.

### قاغىلىق ھەققىدە رىۋايەت

بۇلبۇللار ماكانلاشقان مۇرغىزارغا،
ئات قويغان«قاغالىق»دەپ قاي ھاماقەت؟
سورىسام بىر چاغ، بوۋام كۈلۈپ كېتىپ،
دەپ بەرگەن ماڭا مۇنداق بىر رىۋايەت:

بۇ ماكان ئەزەلدىنلا سۈيى بىھەد،
خۇش ھاۋا، گۈزەل باغۇ بوستان ئىدى.
مەھلىيا قىلغاچ كارۋان، سەييالارنى،
شۆھرىتى ئالەم ئارا داستان ئىدى.

ھەممە ياق مېۋىزارلىق، گۈل - گۈزارلىق،
بۇلبۇللار چاك كەلتۈرۈپ سايرىشاتتى.
شائىرلار كېلىپ يىراق - يىراقلاردىن،
گويا بال ھەرىسىدەك ياپىرىشاتتى.

بەزىدە ئارام ئىزدەپ باھادىرلار،
كېلەتتى جەڭدىن ھېرىپ ياغىنىدا.
تاپاتتى روستەمدە يوق كۈچ - قۇۋۋەتنى،
خالاستان سۈيىگە بىر قانغىنىدا.

شۇ سۆپەت خىسلەتلىرى بۇ دىيارنىڭ،
تارتقانتى قاغانلارنىڭ دىل مەيلىنى.
ھەر يىلى يازدا قاغان ( پادشاھ ) لار،
ئالاتتى بۇندا ئارام قىپ سەيلىنى.

بولغاچقا قاغىلارنىڭ سەيلىگاھى،
ئاتالغىنىكەن بۇ يۇرت «قاغىلىق» دەپ.
«ن» چۈشۈپ قالدى، بىراق، بوستانھامان—
بوستاندۇر ئاتالسىمۇ «جاڭگاللىق» دەپ.

قوشۇلدى مومام كېلىپ بۇ سۆھبەتكە،
سۆز ئاچتى ئۇمۇ بۇرۇن ئاڭلىغانىدىن:
ئەرشتىن چۈشكەن ئىمىش بىر جۈپ پەرى،
ئىزدەشكە نۇسخا - ئەنداز بۇ جاھاندىن.

بىر كۆرۈپ كۈنلۈكنىڭ چوققىسىدىن،
تەگدىشى تېپىلماس بىر گۈل ۋادىنى.
مەپتۇنلۇق رىشتىسىگە چىرمىلىپتۇ،
يوقىتىپ ئۇلار شۇئان ئەس - يادىنى.

دەپتۇ: «نى كارامەت بۇ، مۆجىزات بۇ!؟
ئەرشكە بۇندىن ئەنداز ئالغۇلۇقكەن.
ئاھ، ئەگەر بەرسە ئىگەم بىزگە ئىجاز،
كەتمەيمىز بۇ دىياردا قالغۇلۇقكەن.»

ئۇرۇلغاچ غالىپ ۋاقىت بورانلىرى،
پەرىلەر يالدامىسى «قالغۇلۇق» قا.
«ل» ئۆچۈپ «ئۇ» تاۋۇشى قاپتۇ چۈشۈپ،
يۇرت نامى ئۆزگىرىپتۇ «قاغىلىق» قا.

× ×

بىھېساپ ئىكەن شۇنداق بۇ دىيارنىڭ،
شەنىگە ئاتالغان كۈي - رىۋايەتلەر.
جەم ئىرۇر چۈنكى، يۇرتۇم قۇچاقىدا،
نى گۈزەل ئەپسانىدەك ئالامەتلەر.

## ئۆچمەس سۆيگۈ

«قەشقەر گېزىتى» مۇخبىرى مۇرات تۇرسۇننىڭ قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ شاخاپ يېزىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن يىگىچەتوي مۇراسىمىدا تارتقان «ئاھ، ياشلىقىم» ناملىق سۈرىتىنى كۆرۈپ، ھاياجانلانغىنىمدىن بۇ شېئىرنى يازدىم.

1

قايىنىغان يىگىچە توينىڭ بەزمىسى،
ئولتۇرار سەھنىدە ئون جۈپ نەۋقىران.
تويئەھلى كۈي، ئۇسسۇل ئىلكىدە مەستخۇش،
بىر بوۋاي سەھنىدىن كۆز ئۈزمەس ھامان.

يەتمىش يىل ئىلگىرىلەپ قاقشالغان بۇ جان،
خىياللار قوينىدا ياشاردى شۇ تاپ.
ئايلاندى بىر يىگىتىم راۋابچىغا ئۇ،
نە يىگىتىم، بىر بەرنا — جامالى ئاپتاپ.

كەلمەكتە ئۇ يوچۇن تاغلىق مەلىگە،
جىلغىلار جانلاندى كونا راۋابتىن.
بۇلبۇللار لال بولۇپ سىلىشتى قۇلاق،
ئادەملەر يامغۇردەك ياغدى ئەتراپتىن.

يىگىتنىڭ ئاۋازى سۈزۈك ھەم مۇڭلۇق،
پەدىدىن پەدىگە كۆچەتتى راۋاب.
تارىلاردىن تارالغان بىر ئوتلۇق ئېقىم،
نە يۈرەك، تاشنىمۇ قىلاتتى كاۋاپ.

تۇراتتى بىر پەرى توپنىڭ كەينىدە،
ئاي يۈزىن پەرەنجە تۇمانى باسقان،
قۇلاقتا بەش مىسقال ئالتۇن زىرىسى،
بويىنىغا مەرۋايىت-ئۈنچىلەر ئاسقان.

ئىچۈندۇر پەرىنىڭ ئاھۇ كۆزىدىن،
كۆمۈشتەك تامچىلار چۈشتى كۆكسىگە.
قۇدرىتى تەڭداشسىز بىر ئوت تۇتاشتى،
كىمخاپقا ئورالغان قىزنىڭ بەستىگە.

2

تارالدى بىر خەۋەر: «تاشبەگنىڭ قىزى،
كېچىدە تۇيۇقسىز قېچىپ كېتىپتۇ.
ئېشەكنىڭ تىزىنكى ئاي كۆرۈنگەندەك،
راۋابچى گادايغا ئۆزىن ئېتىپتۇ.

مېڭىشتى تاشبەگنىڭ چاپارمەنلىرى،
يىراق ۋە يېقىنغا ئاتلار چاپتۇرۇپ.
تاشبەگمۇ نەچچە رەت قۇرۇق قولياندى،
يۈرىكى لەختە—قان، تىنماي ئاھ ئۇرۇپ.

بەگ قىزى باراتتى راۋابچى بىلەن،
يول تاشلاپ خەتەرلىك داۋانلار بويى.
ئوزۇقى قاتتىق نان بىلەن سوفۇق سۇ،
قاراڭغۇ ئۆڭكۈرلەر قونالغۇ ئۆيى…

3

ئەللىك يىل ئۆتۈپتۇ شۇ گۈزەل پەرى،
بوپقالدى راۋابتەك قۇرۇق ئۇستىخان.
بىلمىنەر بوۋايغا ۋۇجۇدى ئۇنىڭ،
ئۆڭكۈردە تۈنجى رەت كۆرگەندەك يۇمران.

سۇرتەر موماي بۇ كونا راۋابنى،
ئۆچمىسۇن شۇ قىزلىق تىنىقلىرىم دەپ.
بوۋايمۇ زورىقىپ ئېيتىدۇ ناخشا،
كەتمىسۇن يىگىتلىك قىلىقلىرىم دەپ.

قاچقانغۇ ئەسىر بوپ ئەشۇ ناخشىغا.
ھۆسنىدە تەڭداشسىز گۈزەل بەگ قىزى.
ئويۇلغان نەقىش بوپ كونا راۋابقا،
غۇربەتلىك ياشلىقنىڭ يالقۇنلۇق ئىزى.

بىلمىگەن ئۇلاردا ھىجىردا تۇزلاپ،
يېگەن بىر بۇردا نان ناۋاتتىن تاتلىق.
بار - يوقى ئىككى جان، بىراق ئۆڭكۈرنى،
لەرزىگە كەلتۈرگەن مىڭ تويلۇق شادلىق.

4

كەچمىشلەر قوينىدىن ئويغاندى بوۋاي،
خىيالدىن كۆز ئېچىپ، باقتى سەھنىگە.
چاقنايدۇ ئون جۈپ قىز - يىگىت كۆكسىدە،
قىپقىزىل ئون جۈپ گۈل ئوخشاپ لەئلىگە.

كۈي - ئۇسسۇل توختىدى، تەرتىپ بويىچە،
ئۈچ ۋەكىل مۇنبەرگە چىقتى بىر-بىرلەپ.
گۈل تاقىغان ۋەكىل قىز نۇتۇقنى تامام—
ئەيلىدى، مۇنداق بىر ھېكمەتنى سۆزلەپ:

باشلىنار توي بىلەن تەڭلا ھازىسى،
پۇل - مالغا قۇل كەبى سېتىلغانلارنىڭ.
ئاچ - زېرىن ئۆتكەن ھەركۈنىمۇ بىرتوي،
چىن سۆيگۈ رىشتىدە چېتىلغانلارنىڭ.

يۇزلىگەن دىللاردا ئۇرغۇپ ھاياجان،
تىترىدى گۈلدۈراس ئالقىشتىن مەيدان.
ماختاشتى جامائەت ئۇزاقتىن - ئۇزاق،
«بۇ ئەۋلادنىمانچە ئوماق ۋە مەردان!؟»

بوۋاينىڭ كۆزلىرى ئېچىشتى شۇ دەم،
تەشنىلىپ ھاياجان شادلىق يېشىغا.
كىمنىدۇر كۆرگەندەك بولدى بۇ قىزدىن،
ۋە شۇئان يول ئالدى موماي قېشىغا.

## بوھران

نە قىسمەت ئايلىنىپ قالدىم تاشقىنغا،
نە ئېرىق، نە توغان توساقتىن ئازاد.
شاۋقۇنۇم ھەيۋەتتۇر گۈلدۈرمامىدىن،
ئاقىمەن سايلارغا يېيىپ كەڭ قانات.

بىردىنلا ھاڭۋېقىپ قالدىم ھېلىلا،
مەن بېسىپ ئۆتكەن شۇ سايلارغا قاراپ.
تومۇزدا ئۆرتەنگەن تاشلار، شىۋاقلار،
نەملىكتىن بىگانە تۇرار قاغجىراپ.

ئەمدى بۇ نە قىسمەت ئايلاندىم ئاتقا،
ئاغزىمدا يۈگەن يوق، ئۈستۈمدە ئىگەر.
چاپىمەن ھەر قايان كۆزۈمگە غۇۋا،
پايانسىز ئەلۋەك بىر يايلاق كۆرۈنەر.

چاپىمەن گاھ ئېدىر، گاھ ئېتىز سىرى،
بارغانچە قارايدى مەنزىل پەردىسى.
ناگىھان .موللاقلاپ چۈشتۈم بىر ھاڭغا،
يوقالدى شۇ يايلاق نەپىسىم قىبلىسى.

ئويغانسام راستىنلا ياتىمەن سۇدا،
قارا تەر ئىچىدە لەيلەپتۇ تۆشەك.
ئەنسىزلىك ئىلكىدە ئىڭرايدۇ جېنىم،
ئات چاپقان تىۋۇشتا دۇپۇلدەر يۈرەك،

تاڭغىچە ئۇيقۇدىن ئەيلىدى بىدار،
غىدىقلاپ مېڭىمنى ھېسابسىز سوئال.
ھەر سوراق بەلگىسى تىترەپ توختىدى،
يۈزلەنگەن چېغى دەپ ئۆمرۈمگە زاۋال.

تاڭ پەسلى، غايىپتىن كەلدى بىر سادا،
تاڭ قالدىم قۇدرىتى ۋەزنىدىن ھەيھات.
ھاياتلىق مېغىزى قاسراققا مۇھتاج،
چەكلىكلىك ئىچرەدۇر، چەكسىز مەۋجۇدات،

ياشلىقنىڭ دۇچ كەلگەن بوھرانىنىڭ ئەكسى،
توغانسىز سۇ بىلەن يۈگەنسىز شۇ ئات.
يوقاتقان نەرسەڭنى چۈشەپسەن دېمەك،
قاش - توغان-غا يىدۇر، يۈگەن- ئېتىقاد.

## مۇۋەششەھ

ئاۋات بولمايدۇ چاقچاقسىز ئىناقلىق سەھنىسى بىزدە،
سۆكۈلگەي كۈلكە - چاقچاقتىن ئاداۋەت پەردىسى بىزدە.

بېزارمىز سوغ چىراي بىرلە سۇنۇلغان شاھى نىئمەتتىن،
زەھەردۇر، قورۇنۇپ يۇتقان غىزانىڭ ھەممىسى بىزدە.

دېسەم مەن لاپ ئەمەس، چاقچاق بىلەن كۈلدۈرسەن بۈتنى،
شۇبۇ سېھرىڭ بىلەن قايناق يارانلار بەزمىسى بىزدە.

ئۈۋاللىق نەشتىرى تەگمەس تىلىڭدىن ھېچ بىراۋلارغا،
يورۇقلۇق تاپتى چاقناقنىڭ ھەقىقىي مەنىسى بىزدە.

لەتىپە، نەزمە، ھېكمەتنىڭ ئەزىم دەرياسىدۇر قەلبىڭ،
قالۇر ئالدىڭدا ئۇر - ئۇرغا نادانلىق تەلۋىسى بىزدە.

لېكىن كۈلبەڭگە دىلخەستە كىشى قىماسا قەدەم تەشرىپ،
يانار دا پارلىغاي كۈندەك ئۈمىدنىڭ پەللىسى بىزدە.

«ئامان بولغىن!» دېيان دوستلار تىلەكلەر ياغدۇرار بولسا،
تېپىرلايدۇ پۈتۈن زەرداب ھەسەتنىڭ دەللىسى ، بىزدە.

ئوقۇيسەن ياد جاھاندا بار شېئىرنىڭ سەرخىلىنى سەن،
گويا سەن باركى ھەر سورۇن شېئىرىيەت سەيلىسى بىزدە.

سېنى ماختاپ دېيىشتى قانچە شائىرلار «تىرىك قامۇس»،
تېپىلغاچ كۆپ مۇقەددەملا يوقاتقان نەزمىسى بىزدە.

مۇلاقات كىم، ساڭا سۆھبەت ئارا ئەقلىڭگە ھەيراندۇر،
يارانلار سۆيۈنۈپ ئېيتار: «تەجەللى نەۋرىسى» بىزدە.

ئارازلىق ھاكىملىرى خالىس قولۇڭدا تۈزلىنەر ھەر ئان،
ئىرۇر ھەر بىر سۆزۈڭ بۆلگۈنچىلەرنىڭ قەبرىسى بىزدە.

ناۋا ياڭرات، كۆڭۈل گۈلزارىنى مەڭگۈ باھار ئەيلەپ،
ئەزەلدىن بىر بۈيۈك سەنئەت ھاياتلىق بەلگىسى بىزدە.

## ھاكىم ۋە كۆچەت

تىكىلدى سۇۋادان جىرىمى رەتلىك،
يېڭىدىن ئۈزلەشكەن خىلۋەت جىلغىغا.
نېچۇندۇر نەزەرى چۈشتى ھاكىمنىڭ،
بىر يۇمران، تاشلاندۇق تېرەك شېخىغا.

ئۇ تېخى ھاياتىنى ئۇمىد ئۈزمىگەن،
ئايرىلغان بولسىمۇ ئانا غولىدىن.
تاپتى دەل ۋاقتىدا جانغا ئىنجا تىلىق،
مېھرىبان ھاكىمنىڭ غەيۇر قولىدىن.

بۇ شاخنى ئاۋايلاپ ئاپىرىدىپ ھاكىم،
ئىشخانا ئالدىغا تىكتى ئاشۇ كۈن.
ئارىدىن ئۇن بەش يىل ئۆتۈپ شۇ كۆچەت،
بوپقالدى قامەتلىك چوڭ دەرەخ بۈگۈن.

شۇ مەرھۇم ھاكىمدىن تەۋەررۈك بولۇپ،
قوشتى يۇرت ھۆسنىگە ھۆسن بۇ تېرەك.
ئەھلى يۇرت دەر: ۋەتەن گۈللەنسۇن دېسەك،
كۆچەتنى پايقاشقا شۇنداق كۆز كېرەك!

**ھوشۇر ئىبراھىم**

# شېئىرلار

## پۇشايمان

(ۋەتەندىن يۈز ئۆرىگەن بىر ئىمجان تىلىدىن)

ۋەتەندىن ئايرىلىپ جىسمىم قۇرۇق — قاقشال شىۋاق بولدى،
چانالغان — زەخمىدار بولغان — كېرەكسىز بىر تاياق بولدى.
يۇرادەر يوق — خەبەردار يوق، ئۆچۈپ قالدى ئىزىز نامىم،
ئىشىمدا مەنا يوق، ئۆتكەن كۈنۈم سالپى — ساياق بولدى.

يۇرەرمەن غەم چېكىپ ھەر يان زەئىپلىك باستى قەلبىمنى،
كۆلۈشتىن مەن يىراق ھەر چاغ روھىم زور ھەيىناق بولدى.
چىقارسام نام: تونۇلغان باي بولۇرمەن، دەپ خىيال قىلغان،
كىشى يۇرتىدا سەرسان بوپ، سۆزۈم باشقا چوماق بولدى.

كۆزۈمدە ياش، كۆڭۈل غەمناك، پۇشايمان كەلگۈنى باستى،
ئۆزۈمنى چاغلىماي قىلغان ئىشىم دىلغا پىچاق بولدى.
تىلەمچى ياخشىراق مەندىن، ئۆلۈم گىرداۋىغا كەلدىم،
ۋەتەنسىزلىك يامان ئىشكەن، ماڭا ئوبدان ساۋاق بولدى.

## ۋەتەن — ئانام

تۇغۇلغان يەر — گۈزەل تۇپراق ئانامدۇر — مېھرىبانىمدۇر،
ۋەتەندۇر — مېھرىبانىمدۇر، قەدىردان غەمگۇزارىمدۇر.
ئانام سۈت بەردى، ئۆستۈردى، ۋەتەن بەردى ئەقىل — قۇدرەت،
ئۇلار بىر شاختا قوش ئالما ۋەيا شېرىن ئانارىمدۇر.
ئانامنى سۆيگىنىم بەختىم، ۋەتەنگە كۆيگىنىم بەختىم،
ئەقىدە ئېتىقادىم ھەم ئۆمۈرلۈك قىبلىگاھىمدۇر.
بىرى تۇغدى مۇشەققەتتە، بىرى تاغدەك قۇۋۋەت بەردى،
ئەگەر كۆكتە قانات قاقسام، ۋەتەن كەڭ سەيلىگاھىمدۇر.
تومۇرۇمدا ئۇلۇغ ئاققان ئانا مېھرى، ۋەتەن مېھرى،
شۇڭا جىسمىمدا نۇسرەت، كۈچ يۈرەكتە ئىپتىخارىمدۇر.
ئەزىز ئوغلانىمەن ئەلنىڭ يېڭى چەكلەرگە ئات سالغان،
ۋەتەن — پەخرىم، يۆلەنچىم ھەم يېڭىلمەس كۈچ مادارىمدۇر.
«ۋەتەنگە بىر ئۆمۈر سادىق بولۇپ ئۆت!» جان — جىگەر ئوغلۇم،
دېدى، تۇغقان ئانام دىلدىن، بۇ سۆز مەڭگۈ قارارىمدۇر.
ۋەتەنگە مېھرىبان، سادىق، ۋاپادار كۈيچى ئوغلانمەن،
ۋەتەندىن ئۆرىسە كىم يۈز، پولات ئۈچ — زۇلپىقارىمدۇر.
ئايا دوستلار، ۋەتەن جۇڭخۇا — ئانام، سۆيگەن قەدىردانىم،
ئۇنىڭ بەختى — مېنىڭ بەختىم، كۆزۈمگە تۇتىيارىمدۇر.

## ئىپتىخارلىق سۇلتانى بولاي

نېمىچۈندۇر پەرەنجەڭ ئىچرە،
تەلمۈرسەن كېتەلمەي نېرى.
شۇ ھالەتنى كۆرىمەن تەكرار،
بىز ئۇچراشقان كۈنلەردىن بېرى.

پەرەنجەڭنىڭ يوچۇقلىرىدىن،
قۇت ياغدۇ تىكسەم كۆزۈمنى.
لېكىن كۆڭلۈم بولىدۇ مالال،
كۆرەلمىگەچ نۇرلۇق يۈزۈڭنى!

ئېچىۋەتسەڭ يۈزۈڭنى جانان،
كېلەرمىدى كۈن كۈندەشلىكى.
ئاشارمىدى ياكى زېمىننىڭ —
ھارارىتى ۋە ئاتەشلىكى؟...

بىلەلمىدىم سېنىڭ پەرەنجەڭ،
نېمە سەۋەب كۈننى ياپىدۇ؟
(لېكىن، نىگار سۆيگۈ قىيانى
يۈرىكىڭدىن فونتان ئاتىدۇ!)

ئاشۇ سەۋەب ۋىسال پەيتىدە،
تەقەززالىق لەززىتى سەندە.
جىسمىمنىمۇ كۆيدۈرۈپ ھېسلار،
بىئاراملىق قوزغايدۇ مەندە.

ئەي گۈزەللىك شاھى — ئىلاھى،
پەرەنجەڭنى ئالغىن يۈزۈڭدىن.
ئىپتىخارلىق سۇلتانى بولاي،
نۇرغا تولسا ئالەم كۆزۈڭدىن!

1990 - يىل، فېۋرال

## چۈنكى سۆيگۈ ھايات خەزىنىسى

مېنىڭ سۆيگەن ئاشىقىم دىلبەر،
چىقىپ كەتتى ئاسمانغا سىڭىپ.
ئېلىپ كەتتى يۈرىكىمنى ھەم،
سوۋغا ئۈچۈن قەلبىگە تېگىپ.

كۈندۈزلىرى بىتاقەت بولۇپ،
تەلمۈرۈشتە كۈنگە قارايمەن.
ئالتۇن نۇرلار كەرەشمىسىدىن،
ئۇنىڭ ئىللىق ھىدىن پۇرايمەن.

يىراق، كۆڭلۈم تاپمايدۇ ئەمىن،
دىلبىرىمدىن بولمىغاچ ئەسەر.
تەكرار قاراش، تەلمۈرۈشلەردىن،
ئوتلۇق كۆزۈم بولماقتا بەسىر...

ئۇپۇق لېۋى تەگكەندە تۈنگە،
ئىز قوغلىشىپ ئىزدەيمەن ئۇنى.
جۈپلىنىشتىن كىرپىكىم يىراق،
ھەمراھ ماڭا كېچىنىڭ تۈنى:

قارىقىمدىن ئوتلار چاچرىتىپ،
مەن قارايمەن يۇلتۇزلار ئارا.
قەيەرلەرنى ماكان قىلدى ئۇ،
قەلبىم دىلبەر ئوتىدا يارا...

بۇلۇتلارغا مىنگىشىپ گاھى،
كۆكنى كېزىپ ئىزدەيمەن ئۇنى.
قايان كەتتىڭ،
ئىشقىڭدا سېنىڭ
كاۋاپ بولدى ئاشىقىڭ تېنى!

× ×

كۆزۈم تېلىپ ئۇيقۇغا مۇشتاق،
بولغىنىدا كۈلۈپ قارايسەن.
يۈزلىرىمنى يۇمشاق سىپىلاپ،
دېرىزەمدىن مېنى مارايسەن.

تونۇش ھىدىڭ دىلنى ئويغىتىپ،
شېرىن ئۇيقۇم قاچىدۇ نېرى.
ئاشۇ ھالەت بولدى قانچە رەت،
سەن ئاسمانغا كەتكەندىن بېرى.

تېپىۋالدىم: چولپان ئىكەنسەن،
تاڭ سەھەردە چاراقلايدىغان.
ئاشىقلارنىڭ ئىشقىنى سىناپ
دىل دەپتىرىن ۋاراقلايدىغان!

× ×

رىۋايەتتە: بۇلبۇل تا گۇنچە
سايرار ئىمىش گۈلنىڭ ئىشقىدا.
تاڭ شەپىقى كەلگەندە يېقىن،
قالار ئىمىش تاتلىق ئۇيقۇدا.

شۇڭا تۈنلەپ چەكسىمۇ ئازاب،
ئېچىلىشىنى كۆرمەسمىش گۈلنىڭ.
ھېجران ئىچرە يۈرەك چاك بولۇپ،
ئۆرتىنەرمىش قەلبى بۇلبۇلنىڭ.

ھېجران ئىچرە بۇلبۇلنى داغدا،
قويسا تاتلىق سەھەر ئۇيقۇسى؛
مەن تۈنىمەن شام، سەھەر ئويغاق،
قەلبىمدە بار ۋىسال سۆيگۈسى.

بۇلبۇل ئەمەس، ئادەم نەسلىمەن،
كۆزلىرىمدە سەزگۈ جىلۋىسى.
بېرەلەيمەن يار ئۈچۈن بەرداش،
چۈنكى سۆيگۈ ھايات خەزىنىسى!

1990 - يىلى، مارت

قادىر بۆلاق

# ئىككى شېئىر

## يوقتۇر

جاھاننى ئاختۇرۇپ چىقسام ۋەتەندەك دىلرابا يوقتۇر،
ۋەتەن ئىشقىدا كۆيگەن مەن كەبى باغرى يارا يوقتۇر.

مېنىڭدەك بار مىكىن ئول دىلرابا، يولىدا جان بەرگەن،
يۈرەك تەندە سوقار سەنچۈن بۇ دەڭدا ھېچ خاتا يوقتۇر.

نىشانەم، ئىستىكىم شۇلدۇر، بوسۇغاڭ ئاستىدا ئۆلمەك،
سائادەتتۇر ۋەتەن سۆيمەك، بۆلەك ھېچ مۇددىئا يوقتۇر.

تۇرۇپ ھەر كىم ھەقىقەتتە، ئۆزىنى پاك تۇتۇپ ئۆتسە،
ھامان ئەل - يۇرت رىزا بولغاي، ئاڭا ناھەق جازا يوقتۇر.

ۋەتەنسىزلەر ئالار قارغىش، كۆرۈك، ئەل - يۇرت ئۇلۇغلاردىن.
ئۆتەر ئەندىش بىلەن ئۆمرى ئۇنىڭدا ھېچ ۋاپا يوقتۇر.

شۇڭا قادىر بۆلاق بىرلىك، باراۋەرلىكنى ئىستەيدۇ،
كىبىر كىسىز پىتنە - ئىغۋاغا بۇكۈن ھەرگىز بازار يوقتۇر.

بىھاجەت بىز، كىشى بەرگەن جاپاسىز ئابى زەم - زەمگە،
كى تەر تۆكمەي تۇرۇپ ھەر كىم ھالال لوقما غىزا يوقتۇر.

## ئايرىلمىسۇن

ھەر كىشى سۆيگەن گۈزەل جانانىدىن ئايرىلمىسۇن،
ئۆز دىيارى، ياشىغان دەۋرانىدىن ئايرىلمىسۇن.

ھەر زامان ھەر كىم ئۆزىدىن ئۆلچەپ ئەقىل-مىزانىدا،
ھەق ئادالەت بابىدا مەيدانىدىن ئايرىلمىسۇن.

خەلق - ۋەتەن سۆيگەن كىشى ئۆز شەھىرىنى ئاۋات قىلىپ،
بولسا شاھ ئادىل ئەگەر پەرمانىدىن ئايرىلمىسۇن.

ئۇيقۇنى بىدار قىلىپ، سايراپ سەھەر گۈل ئىشقىدا،
خۇشناۋا بۇلبۇل چىمەن - بوستانىدىن ئايرىلمىسۇن.

چوڭ قىلىپ ئاق سۈت بېرىپ، باققان ئاناسى ئالدىدا،
ئەر ئاتالغان مەرد يىگىت ۋىجدانىدىن ئايرىلمىسۇن.

ئەل ئارا پىسقى - پىچۇر، غەيۋەت ئۆزى بىدئەت ئىرور،
قىبلىگاھ ئىنساب، ئەقىل، ۋىجدانىدىن ئايرىلمىسۇن.

دىل قۇشى دۇنيا كېزىپ، سۆز كانىدىن دۇرلەر قېزىپ،
بۇلبۇل كەبى شائىرلىرى ئىلھامىدىن ئايرىلمىسۇن.

كۆزلىگەن مەنزىل، ئۇلۇغ ئارمانىغا يەتمەي تۇرۇپ،
بىر ئۆمۈر قادىر بۇلاق ئۆز جانىدىن ئايرىلمىسۇن.

**ئابدۇرىشىت سەلەي**

## رەڭلەر نەزمىسى

( سىكىل . )

### مۇقەددىمە

ئېلىپ رەسسام تەبىئەتتىن تىپىك ئەندىزە،
سىزىپ چىققى ئاجايىپ بىر گۈزەل مەنزىرە.
بەرق ئۇردى رەسىمدە تالانت جۇلاسى،
لىرىك دىللىق سەنئەتكارنىڭ كۆڭۈل سىماسى:
تىنىق ئاسمان، قارلىق چوققا، ھەيۋەتلىك تاغلار.
ئېتىكىدە باھار سۆيگەن چېچەكلىك باغلار.
باغ ئىچىدە ئېچىلىپ كەتكەن رەڭمۇرەڭ گۈللەر،
گۈزەللىكتىن سۈرەت تارتقان سۈپ - سۈزۈك
كۆللەر.

كۆل ئىچىدە ئۈزۈپ يۈرگەن كۈمۈش ئاققۇلار،
باھار كۆكىدەك سۇزۇلۇپ تۇرغان زىلال - پاك
سۇلار...

بەك ئاجايىپ ئىدى رەسىم سىزغان مەنزىرە،
نە، مەنزىرە، ئىنسان ئەقلى تۇغقان مۆجىزە.
بولۇپ مەمنۇن ئىجادىدىن رەسسام كۈلگىنىدە،
ئېلىپ ئارام، شائىرانە خىيال سۈرگىنىدە؛
مەنزىرىدىن ئورۇن ئالغان ھەرخىل بويىقلار،
ئۆز رولىنى مەدھىيىلىشىپ ئېيتىشتى قوشاقلار.
سالدى قۇلاق رەسسام رەڭلەر نەزمىلىرىگە،
ئالدىم قەلەم داخىل بولۇپ بەزمىلىرىگە.

### ئاق رەڭ نەزمىسى

مەن يورۇقلۇق تىمسالىمەن، تاڭنىڭ جۇلاسى،
مىسلى باھار ئاپتىپىنىڭ سۈزۈك زىياسى.
پارلاق سەھەر، مەغرۇر كۈلگەن قارلىق چوققىلار،
مېنىڭ مەغرۇر بوي - بەستىمنىڭ يارقىن
سىماسى.

غۇرۇرۇمنى ئاق بۇلۇتلۇق پەلەكتىن ئاختۇر،
پاك روھىمنى غۇبارى يوق يۈرەكتىن ئاختۇر.
ئىنسانلارغا، تەبىئەتكە مۇھەببىتىم زور،
ئىشەنمىسەڭ باھاردىكى چېچەكتىن ئاختۇر.

ئىنسانغا جان ئاتا قىلغان ئانا سۈتى ئاق،
زېمىنغا قان ئاتا قىلغان قارنىڭ گۈلى ئاق.
مېنى سۆيەر ساپ ۋىجدانلىق، پاك دىل ئادەملەر،
ئۇلار شادلىق زەپەر قۇچۇپ ماڭغان يولى ئاق.

### قارا رەڭ نەزمىسى

ئەمەسمەن پەقەتلا ماتەم بەلگىسى،
ۋە ياكى زۇلمەتنىڭ شۇم كۆلەڭگۈسى.
مېنى قانداق ئىشلىتىش ئىنسانغا باغلىق،
مەن ئەسلى يورۇقلۇقنىڭ ئوت - سەرەڭگىسى.

زېمىستاندا يازدەك ئىسسىق بېرەر كۆمۈرلەر،
ھارارىتىدىن گۈلدەك ياشناپ ئۆتەر ئۆمۈرلەر.
يالقۇنىدىن ئېرىپ رودا ئايلىنىپ كاڭغا،
ئادا قىلار ئۆز بۇرچىنى پولات - تۆمۈرلەر.

بىلمىدىكى خىسلىتىمنى دوسكىلاردىن كۆر،
قارانغۇ تۈن قوچاغىدا چاچار يۇلتۇز نۇر.
بار مېنىڭ ھاياتتا مۇناسىپ ئورنۇم،
شۇڭا پول روبسۇندەك① كۈلىمەن مەغرۇر.

## قىزىل رەڭ نەزمىسى

مەن ئۇرغۇپ تۇرغان قاننىڭ سىياقى،
تەسىرچان ئىنسانىنىڭ رەڭگى - رۇخسارى.
يىگىتنىڭ ئاپتاپتا قىزارغان بېتى،
ئۇياتچان قىزلارنىڭ مەڭزى - ئانارى.

مېنىڭ ئەكسىم شەپەق سۆيگەن تاغلار تىزمىسى،
مېنىڭ كۈلكەم ئۇيۇق تۇغقان قۇياش جىلۋىسى.
مېنىڭ قەلبىم ئوتقاش كەبى ئېچىلغان ئەترە،
مېنىڭ كۈيۈم جەڭلەر مارشى، كۈرەش ناخشىسى.

ماڭا رەڭداش يالقۇنلىنىپ پارلىغان چوغلار،
ماڭا رەڭداش مەشئەل يېقىپ ئېتىلغان ئوقلار.
ماڭا رەڭداش ھۆر ۋەتەننىڭ تىنىق كۆكىدە،
شوخ لەپىلدەپ جەۋلان قىلغان لالىرەڭ تۇغلار.

## كۆك رەڭ نەزمىسى

مەن بوراندىن كېيىنكى دېڭىزنىڭ كۆركى،
مەن يامغۇردىن كېيىنكى ئاسماننىڭ رەڭگى.
زەر ئاپتاپلىق باھار تېڭى تىكسە ماڭا كۆز،
باغرى تاش ئىنساننىمۇ ئوينار يۈرىكى.

رۇخسارىغا ئوخشايدۇ تىنىق نىل رەڭلەر،
نىگاھىغا ئوخشايدۇ ساماۋى كۆللەر،
زەنگەر كۆزلۈك قىزلاركەبى ھېسلىرىم ئويغاق،
تەبەسسۇمىم جىلۋىسىدۇر خۇش سىرىنگۈللەر.

مېنى سۆيگەن يۈرەكلەر كۆككە تەلپۈنەر،
يۈرىكىدە ئاسمان كەبى كەڭلىك ئەكس ئېتەر.
كەڭلىك — ھۆرلۈك ئەندىزى، ئەرك سىمۋۇلى،
قېيىچتىمىنىڭ ئالدىدا چاغلىق ئالتۇن - زەر.

## يېشىل رەڭ نەزمىسى

مەن باھارنىڭ چىرايى، ھايات زىننىتى،
مەن ئىنسان ئۆمرىنىڭ ياشلىق سىياقى.
مەن زېمىننىڭ كۈلىشى، گۈللەرنىڭ بەرگى،
مەن داۋۇ - دەرەخلەرنىڭ زۇمرەت ياپرىقى.

كۆزۈڭ روشەنلىشەر چىمەنگە باقساڭ،
يۈرىكىڭ ياشىرار گۈلشەنگە باقساڭ.
ھېسلىرىڭ جۇش ئۇرۇپ كۈيلەر يارىتار،
كۆكلەمدەك رەڭ تۈزگەن ۋەتەنگە باقساڭ.

مەن شۇنداق ئېسىل رەڭ، نامىم يېشىل رەڭ،
ماڭا باقساڭ كۆرۈنەر ئالەم گۈزەل، كەڭ.
مەن باھار مەلىكىسى، دىل لېرىكىسى،
خىسلىتىمگە قايسى رەڭ كېلەلىسۇن تەڭ؟

## سېرىق رەڭ نەزمىسى

ئوخشايمەن ئەڭ دەسلەپ ئالتۇن رەڭگىگە،
ياكى قەھرىۋادەك يالقۇن رەڭگىگە.
ئوخشايمەن قايناملىق ئۆركەشلەر ئارا،
قۇياش زەر يالاتقان دولقۇن رەڭگىگە.

مەن بىلەن كۆركەمدۇر كۈز مەنزىرىسى،
ۋەتەننىڭ زەر تونلۇق سەھرا - يېزىسى.
ئالتۇن كېپىنەكتەك كۈزنى ئوينىتار،
دەرەخلەر قولىقىدىن چۈشكەن زىرىسى.

ئالتۇن چاچلىق گۈزەللەر ماڭا ئوخشايدۇ،
ئەنجۈر، بېيە، ھەسەللەر ماڭا ئوخشايدۇ.
ئالتۇن بىلەن سۈپەتلەنگەن بېيىتلەر تولا،
كۈز نەزمىسى — غەزەللەر ماڭا ئوخشايدۇ.

## خاتىمە

بولدى تامام رەڭلەرنىڭ كۈيى — نەزمىسى،
توختىدى بەس - بەسلىك شاۋقۇن بەزمىسى.

---

① پول روبسون — ئامېرىكىنىڭ ئاتاقلىق نېگىر ناخشىچىسى.

زور تەمەننا قويۇشۇپ رەڭلەر ئۆزىگە،
ئىزدەپ جاۋاب تەكلىمشتى، رەسسام كۆزىگە.
رەسسام شائىرانە خۇشكۇلۇپ كەتتى،
ھايجانىدا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى:
— رەڭلىرىم، رەڭلىرىم، ئېسىل رەڭلىرىم،
قارا، ئاق، قىزىل، كۆك، يېشىل رەڭلىرىم.
ھەممىڭلار مەن ئۈچۈن ئوخشاش سۆيۈملۈك،
سىلەر بىلەن رەسىملىرىم گۈزەل—كۆرۈملۈك.
لېكىن ئىش يۈرۈشمەس يالغۇز «مەن» بىلەن،
داستىخان مول كۆرۈنمەس پەقەت قەنت بىلەن.
تۇرساڭلار يېگانە، رولۇڭلار بولماس،
مەنىلىكتە پارلاق يولۇڭلار بولماس.
يۇلتۇزنى چاقناتقان تۈننىڭ قاراسى،
قارا كۆزنى ئوينىتقان تاڭنىڭ جۇلاسى.
ئاققۇ گۈزەل كۆرۈندى زۇمرەت كۆل بىلەن،
يېشىل ياپراق بەرق ئۇرار قىزىل گۈل بىلەن.
نۇر تەكشى چېچىلسا يورۇيدۇ ناھار،
ھەممە گۈل تەڭ ئېچىلسا بولىدۇ باھار.

× ×

مەنىلىك جۇلاسى رەڭلەردىن ئۆچتى،
ھەسەن - ھۈسەن سىماسى دىللارغا كۆچتى.

1990 - يىل، ئاپرېل.

## مامۇت زايىت

## سۆيگۈ غەزەللىرى

1

گۈل يۈزۈڭدىن مېھرى ئاپتاپ ئىستىدىم،
قاشلىرىڭدىن سەجدە مېھراپ ئىستىدىم.
شوخلىنىپ كەلسەڭ ئەگەر ئاھۇ كەبى،
تىترىگەن جىسمىمدا سىماب ئىستىدىم.
نازىنىپ قىلساڭ تەبەسسۇم - جىلۋىلەر،
لەۋلىرىڭدىن شەكەرى ئاب ئىستىدىم.
ئىشى بىلەن كەتسەڭ يىراققا نەچچە كۈن،
كۆزلىرىمدىن بەھرى خۇناب ئىستىدىم.
دىلرەبا، ماموتنى قويما نائۈمىد،
سېنى ئۆزەمگە كۆرۈپ باپ، ئىستىدىم.

2

تەنلەر ياغدى بېشىمغا ئوق بولۇپ،
گاھ ھەسەت، گاھىدا تۆھمەت دوق بولۇپ.
سېنى سۆيگەنگە پۇشايمان قىلمىدىم،
كەتمىدىم ئۇ تەنلەردىن يوق بولۇپ.
گۈل، شاراب تۇتتۇڭ ۋىسال بوستانىدا،
يايرىدى كۆڭلۈم سېنىڭدىن توق بولۇپ.
كەشىپ - ئىجادتا چوققىلارغا ئۆرلىدىم،
رىغبىتىڭ مەردلىك ئۈچۈن بۇيرۇق بولۇپ.
شادىمان بول ماموتىڭدىن ئەي نىگار،
ياشىدىم قۇزغۇن ئەمەس، سۇمرۇغ بولۇپ.

3

خۇددى جانانىدەك گۈزەلسەن ياشلىقىم،
لەززەتى شېرىن ھەسەلسەن ياشلىقىم.
يازدى كۆپ شائىر - ئەدىب سەن توغرۇلۇق،
تۈگىمەس داستان - مەسەلسەن ياشلىقىم.
يوق ساڭا تەڭ كەلگۈدەك بايلىق، بەخت،
تاج ۋە خاقانلىق ئەمەلسەن ياشلىقىم.
قالسا ئۆمرۈم كارۋىنى تۈن ئىلكىدە،
نۇر چاچار پارلاق زۇھەلسەن ياشلىقىم.
كۈيلىدى، كۈيلەپ ئۆتەر ماموت سېنى،
تەرىپى پۈتمەس غەزەلسەن ياشلىقىم.

4

گىدىيىپسەن ئەي سەنەم، بەستىڭ خادا،
ئويلىدىم، ئادەممۇ يا نەسلىڭ خادا.
كەمتەرلىكنى بىلمىسەڭ ئار - نومۇس،
بوپتۇ ئەلدە لەقىمىڭ، ۋەسپىڭ «خادا».
ئېگىلەتتى مېۋىگە تولغان دەرەخ،
بولدى پاشىسىرلىك، ئىكەن ئەسلىڭ خادا.
كۆككە بۇرنۇڭنى قىلىپ شوتا، ئېسىت،
بوپتۇ تاپقان بايلىقىڭ - ۋەسلىڭ خادا؛

ئەسلى ماموت سىنى سۆيەكچى ئىدى،
سۆيمىدى، بولغاچ خۇيۇڭ، كەسپىڭ خادا…

5

تىنچ، ئىناق ئۆتەيلى دېسەڭ سەن ئەگەر،
تۇرمۇشنى تەپ - تەكشى ئويلىما دىلبەر.
ئامەتنى مارايدۇ رۇجەكتىن ئاپەت،
ئىنسانغا بال گاھى بولىدۇ زەھەر.
ئايچىراي گۈل ياشلىق ئەمەستۇر باقى.
سۇ بېھىنىڭ كەينىدە پېشىن ۋە دىگەر.
پۇل، مەنسەپ كىشىگە پانى ئامانەت،
سائىلغا ئايلىنار گاھى باي زەرگەر.
ماموتقا بىر ئۆمۈر جۇپ بولاي دېسەڭ،
تۇراقسىز ھاياتتا بول ھامان قەيسەر.

6

بوناخشامنى ھاۋالە قىلدىم ساباغا،
سالغىن قۇلاق، قالمىسۇن ئۆمرۈڭ جاپاغا.
بەك گۈزەلسەن، ياشىغىن گۈزەل، پاك، ھالال،
ياشلىقىڭنى خوراتما كەيپۇ ساپاغا.
ئېسىل خىسلەت قىزلارنى قىلار پەرىشتە،
پۈشايمانغا قالىسەن پاتساڭ خاتاغا.
مەرد، ۋىجدانلىق ئەرلەر كۆپ، رىياكارلار
ھەم،
مەھبۇبلۇقتىن ھەزەر قىل دوت، بىۋاپاغا.
بەختلىكسەن بىر ئۆمۈر، ماموتنىڭ سۆزى،
نەقىش بولسا قەلبىڭگە، ئۇچماي ھاۋاغا…

7

ئۆز ئۆيۈم بار، بال ئۈزۈم، كاۋاپ مېنىڭ،
يارىيېنىمدا، گۈل، ئىپار، گۈلاپ مېنىڭ.
غەم تۇمانى قاپلىماس چېھرىمنى ھېچ،
بەزمە قىلسام تەمبۇرۇ - راۋاب مېنىڭ.
تاشلىسام يارغا سادىقەتتىن سوئال،
«ئۆتىمىز مەڭگۈ…» دېگەن جاۋاب مېنىڭ.
يۇرت گۈزەل، دەۋران تىنچ، ئەجرىم بىلەن،
ھالىغىنىم ئەلدىن دۇئا - ساۋاب مېنىڭ.

ساقى، بەر ماموتقا ساقىلىق جامىنى،
سۆيگۈدەك شېرىن - لەززەت شاراب مېنىڭ.

8

ئويلىغانىتىم، پۇرىدىم ئۈز كۆلنى دەپ،
چېھرىسى ئاي، چاچلىرى سۇمبۇلنى دەپ.
قەلبى پاك، ئالتۇنغىمۇ سالمايدۇ كۆز،
سۆيدى ئۇ مەندەك پېقىر بۇلبۇلنى دەپ.
ۋادەرىخ… يۇرتداشلىرىڭدىن ئاڭلىدىم:
«تېگىۋالدى سودىگەرگە پۇلنى دەپ»
خورلىغانىمىش كۆنچى، پىخسىق ئەر سېنى،
«پۇلغا ئالدىم بۇ سەتەڭنى — قۇلنى» دەپ.
قاپلىدى ماموت دىلىنى ئېچىنىش،
تاللىسا بولماسمىدى ھەق يولنى، دەپ…

9

ئۇ دېدى: سەيلە - چىمەنگە تويىمدىم،
مەن دېدىم: قاشى قەلەمگە تويىمدىم.
ئۇ دېدى: يەڭگۈشلە، ئوينا باشقىنى،
مەن دېدىم: جۇپتۇم سەنەمگە تويىمدىم.
ئۇ دېدى: چەت ئەلگە چىقسام، ئويناسام،
مەن دېدىم: ئەل - يۇرت، ۋەتەنگە تويىمدىم.
ئۇ دېدى: كەسپىم تاماشا، تانسىدۇر،
مەن دېدىم: باسقان قەدەمگە تويىمدىم.
دېدى ماموت: بولما ئاچكۆز، بىھايا،
دېمىگىن گۆردە «كېپەنگە تويىمدىم»…

10

بىر پەرىۋەش يولدا ناگاھ ئۇچرىدى،
ئەقلى دانىش، قەلبى ئاگاھ ئۇچرىدى.
سورىدى ئەھۋال تەبەسسۇم ئىلكىدە،
مېھرىبانلىق تەختىدە شاھ ئۇچرىدى.
كەتتى ھارغىنلىق، سەپەر بولدى ئاسان،
بال سۇخەن شەپقەتچى ھەمراھ ئۇچرىدى.
ئۆتتى دەرس سۆيگۈ، بىلىم دەستۇرىدىن،
خۇددى ھېكمەت گەنجى - دەرگاھ ئۇچرىدى.
ئويلىدى ماموت: شېرىن تىل بولسا قىز،
دېمىگەي كىم: ماڭا ئەنقاھ ئۇچرىدى…

11

بولغۇسى تەنبىھ مېنىڭدىن، تۆكمە ياش،
ئۆتتى سەۋەنلىك سېنىڭدىن، تۆكمە ياش.
پۇل، چىرايىنى تاللىدىڭ، قەلبنى ئەمەس،
سۆيمىدىڭ بىرنى دىلىڭدىن، تۆكمە ياش.
ئەيلىدىڭ ۋىجدان - نومۇسنى مال-تاۋار،
كەتمىدى چوپقەت يېنىڭدىن، تۆكمە ياش.
ئۇنتۇغاچ ئىقبالىنى ئىشرەت بەزمىدە،
بۇلغىدىڭ پاكىز قېنىڭنى، تۆكمە ياش.
دەيدۇ ماھۇت: تاپ ئەقىل، سەن ياش تېخى،
دېمىگىن «تويدۇم جېنىمدىن»، تۆكمە ياش.

12

جابالىق قۇياش ھەم قەمەردۇر ماڭا،
ئىگاھىڭ خىزىرى نەزەردۇر ماڭا.
چىن ۋاپا، مۇھەببەت تولغان ۋۇجۇدۇڭ،
بارچىدىن قىممەتلىك گۆھەردۇر ماڭا.
ھەر سۆزۈڭ ئاڭلىنار ئىسسىق ناخشىدەك،
لېۋىڭنىڭ بوسەسى شېكەردۇر ماڭا.
سەن بولساڭ يېنىمدا ئالەم مۇنەۋۋەر،
كېچىمۇ نۇرانە سەھەردۇر ماڭا.
بول ئىپسەن ماھۇتنىڭ بەختىگە دىلبەر،
ئىشقىڭنى كۈيلەش كەسپ-ھۈنەردۇر ماڭا...

ئابلا ئەخمەدى

# شېئىرلار

## نومۇسچان ئوغۇلنىڭ ئىقرارى

بەك ئارزۇلۇق بالا ئىدىم كىچىكىمدە،
( تەربىيەمنى ئالغان ئانام چاڭگىلىدا ).
كۈن ئالما قىنىڭ تەسلىكىدىن، مېنى يۇدۇپ،
چاۋار تەرگەن پاقلىقىنىڭ چاڭگىلىدا.

پاشا قونسا بىر يېرىمگە، رەڭگى ئۆڭۈپ:
«مېنى چاققىن...» دېگەنلىرى قۇلىقىمدا.
ئۆستۈم شۇنداق ياغ ئىچىدە بۆرەك بولۇپ،
توپان سۇيى كەلسە ئالماي چىۋىقىمغا...

ھازىر مەنمۇ ئاتا بولدۇم بىر ئوغۇلغا،
خوشاللىقتىن ئالەم ماڭا قىلار تارلىق.
«بالام كۆيەر بالىسىغا» دېگەن راستكەن،
تويي بىلمەنەر بالام ئۈچۈن تارتسام خارلىق.

مەن شەھەردە، ئانام ئۆز كەنتىدە،
يوقلاپ كېلەر پات-پات زاغرا، چامغۇر ئېلىپ.
ئۆز ئىنىمغۇ بىرەر كېچە قوندۇرمىسەن،
ئۆلەي دېدىم ئىشىكىدىن نومۇس قىلىپ...

## بىر ئاتىنىڭ يۈرەك سۆزى

تۇنۇگۇنلا خوتۇنۇمنى ئۇرغانىدىم،
بۈگۈن قىزىم كۈيئوغلۇمدىن يەپتۇ تاياق.
كېلىنىمنى ئوغلۇم ئۇرۇپ سوراق قىپتۇ:
«ئىشتىن يېنىپ نەدە يۈردۈڭ؟ يۈزسىز شاللاق!»

كېلىن دېگەن خەقنىڭ قىزى، خوتۇنمۇ ھەم،
پۇلۇڭ بولسا يەڭگۈشلەيسەن يىلدا ئۇنىنى.
چىدالمىدىم ئاي قىزىمنىڭ نالىسىغا،
ئۆلتۈرسەممۇ دەردىم چىقماس كۈيئوغلۇمنى!

## بىر چاقچاقچا جاۋاب

راست ئېيتىمسىز روزى سايىت، ئاكىمىز،
«ياللۇغلانغان» ييللار بىلەن بەسلىشىپ.
زايا قىلماڭ ۋاقتىڭىزنى بىھۇدە،
ئاللىقاچان ئۇنتۇلغاننى ئەسلىشىپ.

زاھىر ئاكا قەسەم ئىچكەن دېمەسكە،
كۆڭلىدىكى دېيىلمىگەن سۆزىنى.
( ۋىجدان بىرىپ توغۇپتىكەن ئانىسى،
ئاغزىنى بىر، ئىككى قىلىپ كۆزىنى)؟

ئەمدى ھەرگىز تېلىنمايدۇ دوستىمغا،
بىلىۋالدى ئۇنىڭ ئىچى - تېشىنى.
ھەققانىيەت ئىزدەر مەڭگۈ، زېرىكمەس،
ياغۇنچاقتا ئەزسىڭىزمۇ بېشىنى...

ئا. ئەخمەدى تىمىسقاپلا يۇرۇپتۇ،
«دېيىلمىگەن سۆز» دىن قۇسۇر ئاختۇرۇپ.
كەپتەر گۆشى تاتلىق ئىكەن، بىلمىدۇق،
دوست تۇتۇپتۇ «كەپتەرباز»① نى ياقتۇرۇپ.

بەزى چاغدا ئۇخلاپ قالار ھېرىقىپ،
كەپتەرلەرنىڭ قۇمۇسىغا يۆلىنىپ.
بەزى چاغدا كۆك قەرىگە تىكىلەر،
«ئۇھ» تارتىدۇ خىياللىرى بۆلىنىپ.

بۇنى ئازدەپ، ئەزدى «تۆھمەت»② بىرەر يىل،
بوشىمىدى قولى «كويىزا - كىشەن» دىن.
تەپەككۇرى، ئەقىل - ھوشى جايىدا،
ئاداشمىدى مۆلچەرلىگەن نىشانىدىن.

ھازىر ئۇنىڭ قولى يەنە بوش ئەمەس،
كەتمەن چېپىپ، دۆش ئالىدۇ گاھىدا.
«دېھقان ئىبېشى»③ بولماقمىكىن خىيالى،
قىرىدىغاندا باقماي نىمجان ھالىغا؟!

كېلىڭ ئۇكام، ياردەملىشىڭ، سەرتاندا—
پاتقاق كېچىپ، شال ئوتىماق تەس ئىكەن.
ئەجرىڭىزگە تەييارلايدۇ، كۆز كەلسە،
كەپتەر گۆشى باسقان پولو بىرلىگەن!..

ئابدۇللا-ياقۇپ

## شېئىرلار

### خۇشتار بولۇپ كەلدىم سەھەرگە

خۇشتار بولۇپ كەلدىم، ھەر بىر سەھەرگە،
ئۈزمەي شەھلا كۆزلىرىمنى ئۇپۇقتىن.
كۈيلىرىمگە رەڭ ئالارمەن ئۆزگىچە،
چەكسىز دالا كەيگەن رەڭدار يوپۇقتىن،

خۇشتار بولۇپ كەلدىم، ھەر بىر سەھەرگە،
ۋۇجۇدۇمدا زوق ئويغاتقاچ زىيالار.
سۈرىتىمنى سىزار مېنىڭ بەستىمگە،
نۇرغا چۆمۈپ پارقىرىغان قىيالار.

خۇشتار بولۇپ كەلدىم، ھەر بىر سەھەرگە،
لەززەت ئېلىپ ئەتىر چاچقان ھاۋادىن.
تولار قەلبىم ھاياجانغا — ھېسلارغا،
چەشمىلەردىن ياڭرىغان كۈي - ناۋادىن.

خۇشتار بولۇپ كەلدىم، ھەر بىر سەھەرگە،
ھەر سەھەردە ۋىسال تاپقاچ ھاياتلىق،
ھەر سەھەردە ئۇچار مېنىڭ خىيالىم،
يىراقلارغا بولۇپ ئالتۇن قاناتلىق.

خۇشتار بولۇپ كەلدىم، ھەر بىر سەھەرگە،
ھەر سەھەرنىڭ چېھرى كەتمەس چېھرىمدىن.
گۈل بەرگىدىن سىرغىغاندەك شەبنەملەر،
ھەر سەھەرگە تامار قەترە مېھرىمدىن.

خۇشتار بولۇپ كەلدىم، ھەر بىر سەھەرگە،
قۇت تىلەيمەن ساڭا نۇرلۇق قۇياش دەپ.
ھاياجانغا چۆمۈلىمەن ئاشۇ چاغ،
سەھەر بىلەن قەلبىم رىشتى تۇتاش دەپ.

### كۈيلىرىم ئاققۇدەك ئۇچار يىراققا

چوققىلار بېشىغا قونغاندا قۇياش،
چۆمۈلەر زەر نۇرغا يىراق - يېقىنلار،
يۈرىكىم شۇ ئالتۇن نۇرلارغا تۇتاش،
ئالدىمدا يېيىلىپ ئاقار ئېقىنلار.

---

①② ئاپتورنىڭ يېڭى پوۋېستلىرى.
③ ئاپتور يېزىۋاتقان رومان.

ئۇرۇلۇپ قىرغاققا سەھەر سەلكىنى،
تاللارنى ئويناتار چېچىنى تاراپ.
نەقەدەر چىرايلىق ۋادىلار - باغلار،
تۇرىمەن قىيادا ئېقىنغا قاراپ.

بولىمەن ھاياجان ئىلكىگە ئەسىر،
يېقىملىق شاۋقۇنلار كىرسە قۇلاققا.
بىپايان كەڭلىكنى بويلاپ كۈيلىرىم،
كۈمۈشرەڭ ئاققۇدەك ئۇچار يىراققا.

## ئېگىز تاغلار توسىمىغىن ئايىنى

ئېگىز تاغلار توسىمىغىن ئايىنى،
ئاق كۈمۈشتەك ئاقارسۇن تۈنلەر.
ئاي نۇرىغا چۆمۈلسۇن ھەريان،
ئايدەك كۈلۈپ پارلىسۇن يۈزلەر.

ئېگىز تاغلار توسىمىغىن ئايىنى،
نۇر يېيىنسۇن قىرلار-ئېتەكلەر.
ئاي نۇرىدا تاۋلىنىپ رەڭدار،
خۇش ھىدىنى چاچسۇن چېچەكلەر.

ئېگىز تاغلار توسىمىغىن ئايىنى،
ئاي نۇرىنى تۆكسۇن بىمالال.
قۇچاق ئاچسۇن نۇرغا سۆيگۈلەر،
تاپسۇن ئارمان ئېتەكلەر ۋىسال.

ئېگىز تاغلار توسىمىغىن ئايىنى،
ئاي نۇرىنى قۇچسۇن دىيارىم.
ئاي نۇرىنى قىلىپ تاماشا،
ئايغا باقسۇن ئايدەك نىگارىم.

ئېگىز تاغلار توسىمىغىن ئايىنى،
ھاياتلىقنى قۇتلىسۇن نۇرلار.
گۈزەللىككە چۆمۈلسۇن ئالەم،
گۈزەللىكنى كۈيلىسۇن قۇرلار.

## قېنى سەن ياشلىقىم ، سېغىندىم سېنى

قېنى سەن ياشلىقىم، قالدىڭ قەيەردە ؟
سالدىڭغۇ قەلبىمنى ئاتەش - پىراققا.
قېنى سەن ياشلىقىم سېغىندىم سېنى،
مەن سېنى ئىزدەيمەن قاراپ يىراققا.

قېنى سەن ياشلىقىم قالدىڭ قەيەردە؟
قېنى سەن ياشلىقىم - بىباھا گۆھەر.
قېنى سەن ياشلىقىم - تەۋرىمەس قىيا،
قېنى سەن ياشلىقىم - قۇياشلىق سەھەر.

قېنى سەن ياشلىقىم قالدىڭ قەيەردە،
قېنى سەن مەن تۈندە قايرىغان پەنجىر.
قېنى سەن مەن ئاتلاپ ئۆتكەن شورىلار،
قېنى سەن يۇلقۇنۇپ ئىمت تارتقان زەنجىر.

قېنى سەن ياشلىقىم قالدىڭ قەيەردە،
قېنى سەن مەن چۆمگەن شاقىراتمىلار.
قېنى سەن قىرغاقتا تۇرسام كۆكسۈمگە،
چاچرىغان بۇژغۇنلار - پارقىراتمىلار.

قېنى سەن ياشلىقىم قالدىڭ قەيەردە،
قېنى سەن يېقىملىق مۇڭلۇق كۈيلىرىم.
قېنى سەن مەن چالغان راۋابىمنىڭ ئۈنى،
قېنى سەن ئۇيقۇسىز ئۆتكەن تۈنلىرىم.

قېنى سەن ياشلىقىم قالدىڭ قەيەردە،
ئالدىمدىن كەتمەيدۇ ھۆسن - سىياقىڭ،
چۆمدۈرۈپ خىياللىنىڭ تەكتىگە مېنى،
پارلايدۇ قەلبىمدە يېنىپ چىراغىڭ.

كىرسىمۇ قىراۋدەك چاچلىرىمغا ئاق،
ياشلىقىم ئالتۇندەك ئىزلىرىڭ ئۆچمەس.
بېغىشلاپ جېنىمغا كۈچ - قۇۋۋەت ھوزۇر،
ۋۇجۇدۇم باغىدىن ھىدلىرىڭ كۆچمەس؟

تۈندىمۇ پىراقىڭ قىلمىدۇ قامال،
چۈشۈمگە ئەكىرەر سىنى ئۇيقۇلار.
ياشلىقىم دىلىمدا چايقىلار ھامان،
سەن ماڭا قالدۇرغان ھىسلار ـ تۇيغۇلار.

قارىسام ئارقامغا ئىپ قايتۇ سىنى،
كەينىمدىن بىرمۇ بىر ئىز بىسىپ نەۋرەم.
بىمەھەل كۆز يۇمسام ئانا تۇپراقتا،
ۋەسلىڭنى ئىزدەيدۇ تەلمۈرۈپ قەۋرەم.

## ئالار ئاينى قەلبىم قۇچاقتا

قاش ئۈستىدە يالتىرايدۇ كۈمۈش نۇر،
تۈن قۇشلىرى كۈي كۈيلەيدۇ يىراقتا.
قىمىرلايدۇ گۈل لىۋىدە تەبەسسۇم،
ئاينىڭ ئەكسى چايقىلىدۇ بۇلاقتا.

ئۇچسا سەلكىن تاللار لەرزان تەۋرىنەر،
گىرە سىلىپ بىر ـ بىرىنىڭ بوينىغا.
قەلبىم گويا ئەشۇ سۈزۈك چەشمەدەك،
ئاي ئەكسىنى ئالار شۇئان قوينىغا.

## قول ئۈزاتما چىچەككە

باغدا تۇرسام كىلىپ جانان يىنىمغا،
سۆيگۈ ئىزھار قىلدىڭ كۆڭلۈم ئۇتاي دەپ.
قول ئۈزاتتىڭ شاخلاردىكى چىچەككە،
ئۈزۈپ ئۇنى ماڭا شۇئان تۇتاي دەپ.

قول ئۈزاتما گۈزەل جانان چىچەككە،
نابۇت قىلما ئۈزۈپ ئۇنى شىخىدىن.
مىۋە بەرسۇن يەتسۇن چىچەك ۋىسالغا،
مەھرۇم قىلما كۆركەم ياشلىق چىغىدىن.

## ئىقىۋەرگىن ئىقىنلار

ئىقىۋەرگىن ئەي ئىقىنلار شارقىراپ،
ئالتۇن چايقاپ ئالغىن ئالتۇن رەڭگىنى.
نۇر تاراتسۇن قىيا تاشتا پارقىراپ،
قىرغاقلارغا چاچسالڭ ئۇنچە ـ تەڭگىنى.

ئىقىۋەرگىن ئەي ئىقىنلار شارقىراپ،
كەڭ سايلار شاۋقۇنىڭغا كۆمۈلسۇن.
تۇرساڭ گويا ئەينەك كەبى يالتىراپ،
ساڭا قۇياش ھوزۇرلىنىپ چۆمۈلسۇن.

ئىقىۋەرگىن ئەي ئىقىنلار، ئىقىۋەر،
سۆيۈپ رەڭدار لالىلەرنىڭ يۈزىنى.
يۇردىكىڭنى باغ ـ ۋارانغا يىقىۋەر،
ئاچسۇن ۋادا ئۇيقۇسىدىن كۆزىنى.

ئىقىۋەرگىن ئەي ئىقىنلار، ئىقىۋەر،
چاڭقاق دىلغا تاراپ كەتكىن قۇيۇلۇپ.
يىراقلارغا مەۋج ئۇرۇپ كىتىۋەر،
جۇلالىسۇن ھايات سەندە يۇيۇلۇپ.

**مۇھەممەت روزى**

## شېئىرلار

### قەشقەر قىزى

قۇياش سۆيگەن گۈل سۈپەت پەرى،
بولدى ساڭا نەزەرىم چىرماش،
يۇلتۇزلاردا قاتقان كۈيۈمنى،
نىگاھىڭغا ئالغانمۇ ياماش،
قەشقەر قىزى، قەشقەرنىڭ قىزى.

يۇلتۇزلاردا قاتقان كۈيۈمنى.
ئىتىمىز ـ قىرلار بىلمىدۇ تولۇق،
قەشقەر قىزى، قەشقەرنىڭ قىزى،
سەن ئاق لالە، سەن قىزىل چوغلۇق،
ئىتىمىز ـ قىرلار بىلمىدۇ تولۇق.

سەن ئاق لالە، سەن قىزىل چوغلۇق،
يېشىل قىرغاق بىزنى كۈيلەيدۇ.
ئۇندا باھار قىلمايدۇ قۇۋلۇق،
مىكىرلىقنى دىللار سەزمەيدۇ.
يېشىل قىرغاق بىزنى كۈيلەيدۇ،
ئۇندا باھار قىلمايدۇ قۇۋلۇق.

قىشلاقلاردىن سېپىلىدۇ ئۇن،
ساھىللاردا جۈپ كۆلەڭگۈ بار،
سەندىن ئۆركۈپ تاتىرىدۇ تۈن،
قەشقەر قىزى، قەشقەرنىڭ قىزى،
سەن تاڭدىكى بالقىۋاتقان كۈن.

## ئىستەك

مۇبادا مەن ئۆلۈپ كەتسەم تاسادىپ،
مەن ئۈچۈن ياش تۆكمە قەبرەمگە نىگار.
ئويلىما ئۆتمۈشنى شېرىن چاغلارنى،
ئەسلىمىنى ئاقتۇرۇپ يۈرمىگىن زىنھار.

مەن ئۈچۈن توقۇما رىۋايەت جېنىم،
روھىمنى ئالمىسۇن ئىلكىگە تىترەك.
پەقەتلا قەبرەمگە ئورنات قورام تاش،
مەندىن يار قالدۇ ساڭا شۇ ئىستەك.

## مۇھەببەت

بۇلۇت يېرىپ ئاي چىققاندا گوياكى كۆككە،
ئۇ بىخ سۈرەر ئىنسانلارنىڭ قەلبىدە يومران.
سايە كەبى چۆگىلەيدۇ غەم ـ قايغۇ، كۈلكە،
مۇشكۈللەرنى يېڭىپ ئۇ گاھ، يېتىلەر ھامان.

مەن ئۇزاتتىم بارمىقىمنى تەمبۇرغا بۇدەم،
ئۇ كېتىدۇ ناخشىلارغا يۆگىنىپ مەھكەم.
ناخشىلارنىڭ قوينىدا ھەم ناخشا مۇجەسسەم،
ئۇ، سالىدۇ يۈرەكلەرنى ئوينىتىپ، قەدەم.

لەرزان شامال گۈل بەرگىنى سىلكىيدۇ ئوماق،
خۇددى سېنىڭ سۇلغۇن لېۋىڭ كۈلگەندەك ئەر-
كەم.
ناخشا كېتەر كۈيلىرىمگە يۆگىنىپ ئويناق،
ئۇ، چېكىدۇ قەلبلەرنى ھەر قاچان ھەردەم.

مەن كۈيلىدىم سېنىڭ ئەشۇ ئوماق لېۋىڭنى،
شاۋقۇنلارنى ئوخشىتىمەن كۈلكەڭگە دائىم.
ھېچ قانمايمەن ئالقىشلارچە يادلاپ نامىڭنى،
سۇمبۇل چېچىڭ مەجنۇنتالىم، كۆزلىرىڭ ماھىم.

مەن كۈيلەيمەن قىزىل گۈلدەك چېھرىڭنى جانان،
سېھىرلىدى مېنى پۈتۈن مېھرىلىك كۈلكەڭ.
بىر سېنىلا يۈرىكىمدە ساقلايمەن ھامان،
ھەم مېنىڭسىز ئۆتمىسۇن يار، ئۆمۈرلۈك مەرىكەڭ.

سۇمبۇل چېچىڭ ئاي چىقمىغان تىمپ ـ تىنىق
ئاسمان،
زىلۋا تېنىڭ قىرغاقتىكى ئەبرىشىم تالدۇر.
جۇت ـ شىۋىرغان سۆيگۈمىزنى قىلمىسۇن خازان،
ئەقىدىلىك مۇھەببىتىڭ سولمىسۇن بالدۇر.

مەن ئۇزاتتىم بارمىقىمنى تەمبۇرغا بۇدەم،
ئۇ كېتىدۇ ناخشىلارغا يۆگىنىپ مەھكەم.
ناخشىلارنىڭ قوينىدا ھەم ناخشا مۇجەسسەم،
ئۇ، سالىدۇ يۈرەكلەرنى ئوينىتىپ، قەدەم.

ناخشىلىرىم ئېقىپ كەتتى دېرىزەڭ تامان،
تەڭرىتاغنىڭ جىراسىدىن ئاققاندەك زىلال.
قوچاقلىغىن ئەقىدەمنى، تاڭ قالسۇن جاھان،
تۇرمۇشىمىز ھاسىل ئەتسۇن تاتلىق شېرىن-
بال!

ناخشام بېرىدىپ سىڭىپ كەتسۇن قەلبىڭگە تىرەن،
ھەم ياشناتسۇن يۈرىكىڭنى قاندۇرۇپ مەڭگۈ.
چىن ۋىسالغا چۆممىسمۇ بىرجۈپ نازۇكتەن،
پاك روھىمىز قاتلىرىدا كۆكلىسۇن سۆيگۈ.

## سوئال

سۆيگۆلەرگە چۇلغانغان سوئال،
كۆزلىرىمدىن چاچرىتار ئۇچقۇن.
خۇلقۇڭ مېنى ئەيلەپ چىلىق قامال،
يۈرىكىمنى قىلدى بىر توتقۇن.

ۋىسالىڭغا تەلمۈرسەم ھەر رەت،
خىيالىمغا ياغىدۇ سوئال.
كۆزلىرىڭدىن ئىزدىسەم شەپقەت،
ئەسىر قىلىپ ئەيلىدى ئۇۋال؛
سەندىن سۆيگۆ تىلەيمەن ئەبەد،
تىلىكىمنى قىلمىساڭ ئۇسال.

## ئاچ قەلبىڭنىڭ رۇجىكىنى...

ئاچ قەلبىڭنىڭ رۇجىكىنى چەكتىم سۆيگۆدە،
ناخشام گويا شامال بولۇپ سۆيەر مەكىز دىڭنى.
تۇرار مۇگدەپ يۈرەك - باغرىم سۆيگۆ -ئىشـ
قـىڭدا،
كۆتەر بارچە سەۋرەم مېنىڭ ۋىسال لەۋزىڭنى.

ئويىنار ئۇسۇل سۇمبۇل چېچىڭ لەرزان شامالدا،
شاۋقۇنلاردا كۆي -كۆيلەيدۇ ئوتلۇق ھېسلىرىڭ.
قوي كۆزلىرىڭ ۋالىلدايدۇ سۇزۇك بىر نۇردا،
يۈرەكلەرنى ئويىنىتىدۇ لەرزان تىۋىشىڭ.

ئاچ قەلبىڭنىڭ رۇجىكىنى چەكتىم سۆيگۆدە،
ناخشام گويا شامال بولۇپ سۆيەر مەكىز دىڭنى.
ئىپار - ئەنبەر تارقىلىدۇ پىستە ئۇنىڭدە،
قىزىلگۇللەر ئەسلىتىدۇ ئوماق لېۋىڭنى.

ناخشىلىرىڭ قاتلىرىدا سۆيگۆ سېھرىڭ بار،
ۋىلىقلايدۇ بىز ئۇچراشقان ئورماندا ياپراق.
جامالىڭدىن نۇر ئالىدۇ دائىم نەۋباھار،
چاڭقاق قەلبىم كۆرەيدەيدۇ، بىر سېنى پاتراق.

ئاچ قەلبىڭنىڭ رۇجىكىنى چەكتىم سۆيگۆدە،
ناخشام گويا شامال بولۇپ سۆيەر مەكىز دىڭنى.
يۈرەك باغرىم پۇچۇلاندى سۆيگۆ ئەۋجىدە،
چۆكمەلەيدۇ چىن ھېسلىرىم سېنىڭ ئۆيۈڭنى.

شاماللاردىن سالام يوللاپ كۈتۈمەن جاۋاب،
تۇمۇچۇقۇڭ قانىتىغا يېزىپ سىرىمنى.
ھېسلىرىمنى چۇشكۇنلۇكلەر ئالمىسۇن ئوراپ،
جامالىڭغا ھەمرا قىلغىن، ۋەيران دىلىمنى.

ئاچ قەلبىڭنىڭ رۇجىكىنى چەكتىم سۆيگۆدە،
ناخشام گويا شامال بولۇپ سۆيەر مەكىز دىڭنى.
بىر سېنىڭكى سۆيگۆڭ ئۇچۇن قىلدىم ئەقىدە،
قوزغا جانان، سۆيگۆ ئۇچۇن تىمتاس سىرىڭنى!

## پەرىشانمەن نىگار سەن ئۇچۇن

ۋىسال بەرگەن تۇنجى كېچىگە،
ناخشام بىلەن بەرگەنتىم جاۋاب.
ئاق كېچىلەر قەلبىم تەكتىگە،
قىلغانتى تالايلاپ تاۋاپ.

سېنى نىگار ئەيلىدىم مەبۇد،
يۈرىكىمگە قاتۇرۇپ پۇتۇن.
كۆرگىنىمچۇن سەندىن تەئەددۇت،
پەرىشانمەن نىگار سەن ئۇچۇن.

## ئايدىڭ كېچىدىكى لىرىكا

كۆيتۆكىدۇ ئورمانلىقلار — يېشىل ياپراقلار،
جۇلا تاشلار ئاي نۇرلىرى شاخلار قوينىغا.
سۆيگۆ بىلەن سۆيۈپ ئۆتەر لەرزان شامالار،
نىگار كېلەر گويا شۇدەم يىگىت قوينىغا.

شاۋقۇن سالار يىراقلاردا دەريا شارقىراپ،
يۈرەكلەرنى ئويىنىتىدۇ نىگارنىڭ ھىدى.
ئاي تاشلايدۇ نىگاھ ئاندا ئاپئاق پارقىراق،
سىماب كەبى ئېرىپ كېتەر يىگىتنىڭ قەلبى.

يېشىل ياپراق چاۋاكچالار مۈگۈلىنىپ بۇدەم،
ناخشا ئېيتار ئاياغلاردا ئاچچىق قىياقلار.
شەۋدىرلايدۇ يۇمشاق شامال جۆر بولۇشۇپ ھەم،
ئاشىقلارنىڭ تارىخىنى سۆزلەر شىۋاقلار.

جىمجىت ياتار ئورمان، ئۆچكەن قۇشلار بەزمىسى،
جىمجىتلىقنى بۇزار بەزەن لەرزان شوخ شامال.
شامال بىلەن كېلەر ئاستا ۋىسال كۈلكىسى،
قىز ۋەدىسى قىلىۋالغان قەلبىنى قامال.

ئاي ئۆرلەيدۇ بۇلۇتلارنىڭ كۆكسىنى يېرىپ،
قۇچاقلىشار نىگار بىلەن يىگىت خىيالەن.

بۇلاق ئېيتار ناخشىسىنى مۇڭلۇق ئۈن سېلىپ،
قىز كېلىدۇ ساھىل بويلاپ نازۇك ھېس بىلەن.

يىگىت كۈتەر، تىپچەكلەيدۇ يۈرەك بىتىمنىم،
جۇلا تاشلار يارقىن يۇلتۇز نىگار كۆزىدەك.
ھېسلىرىنى تۇتۇۋالدى يىگىت كۆپ قېتىم،
خىيالىنى يوچۇن خىيال ئەكىپ سايىدەك.

تونۇش تىۋىش يېقىنلاشتى ئىشانغا ئاستا،
ۋىسال بىلەن چاقناپ كەتتى يىگىتنىڭ كۆزى.
ئاي بۇلۇتنىڭ قوينىغا گاھ سىڭگەندە نازلىق،
بىر جۇپ ئاشىق ۋىسالىنى تاپتى ئاخىرى...

سەييار

## كۆرمىدىم

بۇ جاھاندا ئۆز ئانامدەك دىلرابانى كۆرمىدىم،
نە بەخت، ئۇندىن زىيادە – بىباھانى كۆرمىدىم.
ساچلىرى كۆردى قىراۋ، كۈلدەك ئۆڭى سولدى بىراق—
گۈل يۈزى ئۇندىن گۈزەلرەك ھۆرلىقانى كۆرمىدىم.
«ئانىجان يادىمدىدۇر ئاق سۈت بېرىپ باققانلىرىڭ»
كى ھاياتلىق بابىدا ئۇنداق داۋانى كۆرمىدىم.
تولغىنىپ تۇغدى مېنى، باقتى يەنە مېھرى بىلەن،
ئەجرىنى قىلدىم قازا، بەرگەن جازانى كۆرمىدىم.
مىڭ پۇشايمان ئىلكىدە، ئاھ ... ئۆز ئانىسىنىڭ مەن كەبى،
ئەجرىنى ئاقلالمىغان – باغرى يارانى كۆرمىدىم.
خوشلۇقۇمغا خوش بولۇپ، رەنجىمگە بەردى جان دېسەم،
سېخىلىقتا بىر ئۇنىڭدەك رەھنىمانى كۆرمىدىم.
مەيلى، سالقىن تاغدىمۇ ۋە پاكىسى جەننەت باغدىمۇ،
ماڭلىيىمغا سۆيگىنىمدەك ساپ ھاۋانى كۆرمىدىم.
تۆگە ئىزدەر بوتىسىنى، قوي ئىزدەر قوزىسىنى،
ھەر كىشىنىڭ ئۆز ئانىسىدەك مەھلىيانى كۆرمىدىم.
شۇنچە يىللار مەن يۈرۈرمەن ئىستىقامەت ئاختۇرۇپ،
بەلكى قەلبىمدە ئانامدەك نۇر – زىيانى كۆرمىدىم.

قادىر سىدىق

# شېئىرلار

## باھار

ئاپئاق تۇماق، ئاپئاق جۇۋىلار،
خانىلاردا ئاسقىغا چىقتى.
بادام دوپپا ـ چېكىلەردە گۈل،
شايى بەلباغ بەللەردە ئۈچتى.

تالا ـ تۈزنىڭ جامالىدا نۇر،
جەزبىلىرى دىللارنى ئۇتتى.
ئەگىزلەرنىڭ ئېقىنى — ئۆستەڭ،
ئۈچۈملىدۇق ئۇسسۇزلۇق پۇتتى.

«يىلنىڭ بېشى نەۋ باھار» دېدى،
كۆدەكلەرگە چاللار تونۇتتى.
خاسىيەتلىك باھار ھېكمىتى،
جۇت ـ سوغۇقنى سۈردى ـ قۇرۇتتى.

قىن ـ قىنىغا پاتمىدى خوشلۇق،
باھار شەۋقى كۈچ ـ مادار قوشتى.
قىردا مامكاپ، چوغلۇق جىلۋىسى،
ئېتىز بېشى زوقمەنگە توشتى.

قىز ـ يىگىتلەر قايىنتىپ مېھنەت،
تاڭ بىلەن تەڭ دەستىنى تۇتتى.
لېۋەن ناخشا «ئىشچان بالىسى»،
كۆكنى قۇچتى ـ ئەلنى ئويغاتتى.

سېخى ئىگەن ئەجەبمۇ مېھنەت،
قۇياش كەبى يۈزنى يورۇتتى.
گۈللەر ھىدى مەسخۇش ئەيلىگەچ.
ھارغىنلىقنى مەردلەر ئۇنۇتتى.

## خىياللىرىم ۋەسلى ئوتلۇق شېئىرىمنىڭ

كېچىلەرنىڭ ئەللەيلىشى كار قىلماس،
چۈش كۆرمەيدۇ، جۈپ كۆزۈمنىڭ قاراقى.
كۆيدۈرىدۇ ۋۇجۇدۇمنى بىر ئاتەش،
گويا جانان ئىشتىياقى ـ پىراقى.

تەپەككۇرۇم تەسۋىرىدىن مىسرالار،
جۇلالايدۇ مارجان كەبى تىزىلىپ.
ھېسلىرىمنى ئېلىپ قاچار بەزىدە،
خىيالىمغا بەرھەم بېرەر ئاي كىرىپ.

ھېسلىرىمدا چۆمۈلىمەن نۇرلارغا،
جانان بىلەن قولتۇقلىشىپ ـ ئوينىشىپ.
چۇقان سالار شېئىرلىرىمشۇ تاپتا،
دولقۇن ئاتقان سادالارغا كۆمۈلۈپ.

خىياللىرىم تىرەنلىشەر دەممۇ دەم،
شەپەق سۆيسە كەڭ ئۇپۇقنى سەھەردە.
دالىلارنى كەزگىنىمدە خىياللار،
ئارتىۋالار كۆزلىرىمگە پەرەنجە.

چىڭگىلىكتەك چىرمىۋالغان خىياللار،
مۇئەككىلى ۋۇجۇدۇمنىڭ — قەلبىمنىڭ.
بەزمە ئىشقى بەرمەس ئارام كۆڭلۈمگە،
شۇ خىياللار ۋەسلى ئوتلۇق شېئىرىمنىڭ.

## ياش

تەۋەللۇت بولۇپلا يىغلىدى بوۋاق،
كۆزدىن چىقمىدى زەررىچە مونچاق.
ھە، بۈگۈن چۈشەندىم، ئاقاركەن ياشمۇ،
تۇغۇلسا يۈرەكتە نەپرەت، ئىشتىياق.

## سانايمەن

مەن ئۆزۈمنى بوۋاق سانايمەن،
ئەلدە غەمسىز ئۆتكەنلىكىمدىن.
باغدا بۇلبۇل گويا سانايمەن،
سەير ئەيلەپ كۈلگەنلىكىمدىن.

ئوسمانجان زۇنۇن

## ئىككى شېئىر

### مويسىپىتلەر گويا كى خىزىر

مويسىپىتلەر تۇرسا يېنىمىدا،
پەرىشتىنى ئىزدەش نە ھاجەت؟
ئورۇن بەرگىن ئۇلارغا تۆردىن،
چىن كۆڭلۈڭدىن بىلدۇرۇپ ھۆرمەت.

قەدىرلەيلى مويسىپىتلەرنى،
چۈنكى ئۇلار بىز ئۈچۈن «مېھمان».
ئۇلار قانسۇن ھايات پەيزىگە،
كۈتەيلى بىز بولۇپ ساھىپخان.

مويسىپىتلەر گويا كى خىزىر،
ساقاللىرى ئاقارغان ئاپئاق.
كۆرۈنىدۇ بوۋاڭغا ئوخشاش،
سەن سەپسېلىپ ئوبدان قاراپ باق.
مويسىپىتلەر بىزلەرگە مېھمان،
كۈتەيلى بىز بولۇپ ساھىپخان.

### قىلمىغىن دەۋا

شائىرمەن، دەپ جار سالىدىڭ ئەجەب،
سەن ئۆزەڭنى شۇنچە چوڭ بىلىپ.
چۈشۈڭدىمۇ شېئىر ئوقۇيسەن،
«شائىر» لىقىڭنى نامايىش قىلىپ.

باشقىلارنى «چېكىمىندى» دەپسەن،
«ئات چاپتۇرۇپ بىردەم چەللىمە.»①
شائىرلىقىڭ سېنىڭ پۇل ئۈچۈن،
«قولۇڭ قەلەمدە، كۆزۈڭ غەللىمە»②

چېكىمىندى دېسەڭ، دەۋەر بۇرادەر،
شېئىر يېزىش ۋەزىپىمىز يوق.
شېئىر دېگەننى يازىمىز پەقەت،
يۈرەك، ۋىجدان قىلغاندا بۇيرۇق.
شائىرمەن، دەپ قىلما كۆپ دەۋا،
خەلق ئەڭ ئادىل بېرىدۇ باھا.

مۇختەر قادىر

## يارقىن ناخشىلار

### يېڭى ھايات

كۆي تىڭشىدىم ئۇن چىقارماي تالاي رەت،
ۋە بەزىدە كۈيىمۇ قوشتۇم كۈيۈڭگە.
كۆي ئىشقىدا يېتىلگەچكە مۇھەببەت،
ھېچ ھېيىقماي قەدەم باستىم ئۆيۈڭگە.

ئۆيۈڭ بولغاچ شۇنچە ئىللىق شۇنچە كەڭ،
ئۇزۇن ئۆتمەي بولۇپ قالدىم قانا تلىق.
شېئىر يېزىپ بەزى ئۇستۇن بەزى تەڭ.
تاپتىم يېڭى، يېڭىچە بىر ھاياتلىق.

ئۇچۇپ چىقسام سۈزۈلگەن كۆك ئاسمانغا،
خىيالىمنى يۆتكىدىڭ سەن ھەيرانغا.
ئۆز روھىڭنى بەخش ئەتتىڭ قايغۇرما،
شۇ روھىڭدىن روھ بېرىمەن دەۋرانغا.

### مۇئەللىملەرنى ھۆرمەتلەيلى، ئادەملەر

مۇئەللىملەرنى ھۆرمەتلەيلى، ئادەملەر،
بىز ئۈنىڭكى ئوغلانلىرى ـ قىزلىرى.
شاد دەۋردە بېسىلغان ھەر قەدەملەر،
مۇئەللىملەرنىڭ بىزدە قالغان ئىزلىرى.

---

① ② بۇ مىسرالار قاسىم سىدىقنىڭ

مۇئەللىملەرنى ھۆرمەتلەيلى، ئادەملەر،
ئۇلار بىزنىڭ يولتۇزىمىز، پەخرىمىز.
ئۇلار بىلەن يوقاپ ئازاب، ئەلەملەر،
ياشناپ بارار بەخت تاجۇ تەختىمىز.

مۇئەللىملەرنى ھۆرمەتلەيلى، ئادەملەر،
ئۇلار بىزنى يەنە ئالغا يېتەكلەر.
پۈتسە داستان، ئاجىز كېلەر قەلەملەر،
شۇندىمۇ ھەم مۇئەللىم ئىزى چېچەكلەر.

## ئاققۇلارمۇ سالام بېرەر شائىرغا

پايانسىز كۆل، قومۇشلىرى يېشىل گۈل،
خۇددى ئەينەك پارقىرىشى كۆك سۇنىڭ.
يەردە شائىر، ئاڭلىنىدۇ ئاسمانىدىن،
«سالام!» دېگەن ئاۋازى جۇپ ئاققۇنىڭ.

كۆز ئويناتىپ كۈلۈمسىرەر شائىرمۇ،
چۈنكى ئاققۇ ئېيتقان ناخشا-ئۆز شېئىرى.
ئۇرغۇماقتا جۇپ ھاياتقا ھازىرمۇ،
ئىشتىياقى، ساداقىتى، دىل مېھرى.

ئاققۇلارمۇ سالام بېرەر شائىرغا،
چۈنكى شائىر غەمگۇزارى ئاققۇنىڭ.
شائىر دېگەن ئورتاق بايلىق دۇنياغا،
ھەم جارچىسى بارچە گۈزەل ئارزۇنىڭ.

**ئابدۇرېھىم قاۋۇل**

# ئىككى شېئىر

## يېنىك شامال ئەپكەلگەن ھېسلار

يېنىك شامال ئەپكەلگەن ھېسلار.
چوققىلاردىن كېلىدۇ ھالقىپ.
سۆيۈپ ئۆتەر دالا - تۈزلەرنى،
گىياھلارنى شوخ ئىغاڭلىتىپ.

يېنىك شامال ئەپكەلگەن ھېسلار،
شاۋقۇنلارنى بېرىدۇ تۇغۇپ.
كېچە، ئۇندا ئىزگۈ سادالار،
جىمجىتلىقنى تۇرىدۇ بوغۇپ.

يېنىك شامال ئەپكەلگەن ھېسلار،
كۆزنەكلەرنى ئۆتىدۇ چېكىپ.
ئۆي ئىچىدە تەشۋىشلىنەر قىز،
ۋاپادارى ئېسىگە يېتىپ.

يېنىك شامال ئەپكەلگەن ھېسلار،
ناخشىلارنى ئەللەيلەر بەزلەپ.
رۇجەكلەردىن كىرگەن سادادا،
ئولتۇرىدۇ مومايلار ئەسنەپ.

يېنىك شامال ئەپكەلگەن ھېسلار،
مەجنۇن تالغا قىلىدۇ چاقچاق.
ئۇ تۈۋىدە ئەنسىز بىر شەپە،
تەمشىلىدۇ كېتىشكە يىراق.

يېنىك شامال ئەپكەلگەن ھېسلار،
شۇنداق كېتەر يىراق - يىراققا.
ئۇ تاراتقان بىر خىل سېغىنىش،
ساقلىنىدۇ دىلدا ئۇزاققا.

## سۆيگۈ ناخشىسى

ئاي يۈزۈڭدىن خىجىل بولۇپ كۆكتىكى ئاي،
يۈرىكىمنىڭ خانىسىغا مۆكۈۋالدى.
كۆز نۇرۇڭدىن قەۋەت ئالغان ئىلھامىرىم،
ئاق قەغەزگە سىرلىرىنى تۆكۈۋالدى.

پاك ئىشقىتىن پۈتكەن ناخشا بەتلىرىنى،
قىسىۋالدىڭ گۈلدەك بىلىپ سەن چېكەڭگە.
پۇراپ تويماي ئىپار ھىدلىق ساچلىرىڭنى،
سوۋغا قىلدىم شوخ ناخشامنى مەن ئەتەڭگە.

يېنىڭ شامال ئېلىپ كېتىپ بۇ ناخشىنى،
ساچلىرىڭنىڭ چاستۇتىغا قوشۇپ قويدى.
ناخشام ئەۋجى قۇياش سۆيگەن ئۇپۇقلارغا،
ساداقەتتىن ئۆچمەس قىلىپ نەقىش ئويدى.

قارماق بولدى، ئىجتىمھادىم نەزەرىڭگە،
بويلىرىڭدا سەكىدىدى يۈرەكلىرىم.
چىن گۈزەللىك كەشتە تاپقان ئەقىدەڭگە،
سىڭىپ كەتتى ئارزۇلىرىم، تىلەكلىرىم.

كىرپىكلىرىڭ قارچۇقىڭنى يوشۇرغانتى،
بىلدىم يارىم، يۈرىكىڭدىن بەردى دەپ جاي.
نەكەتتىكىن ھېس تاراتقان ئەقىللىرىم،
بىھوش بولۇپ لەۋلىرىڭدىن ئىچتىم سىنچاي.

**ئابلىجان ھېيت**

## سۆيگۈ قوشىقى

مەمنۇنلۇق بىلدۈرسەم بۈگۈن ئامرىقىم،
مەڭگۈلۈك رازى ئۇ دېمەكتىن زىنھار.
يورىغان تاڭلارنىڭ، ئاتار تاڭلارنىڭ،
ئوخشىمىدۇ جىلۋىسى، ھەۋىسى دىلدار؟!

بۈگۈنكى ئەجرىڭدىن يورۇتتۇڭ دىلىم،
شۇ سەۋەب كىرگەندۇ چاچلارغىمۇ ئاق.
ناھەتكى: ئەتىنىڭ ئەزگۈ خىيالى،
يۈرەككە سالماقتا يېڭى ئىشتىياق.

قانائەت كەيىندە ئاچچىق ئۆكۈنۈش،
كېيىنكى پۇشايمان دىلنى قىلار لال.
بۈگۈننىڭ سىردىنى يەشكىنىڭ بىلەن،
ئەتىنىڭ سىنىقى ئۆزگىچە سوئال.

قانائەت كۆزىدە غەپلەت قەبرىسى.
ھاياتنى ئۆپرىتار تۆشەككە بۆلەپ.
ھەر دەقىق ئىشقىدا ئوتتەك يانىساڭ،
ياندۇرۇش تەس ئۇنى مىڭ بەدەل تۆلەپ.

پايانى چەكسىزدۇر سۆيگۈ ئارزۇنىڭ،
ياشىنىتار سۆيگۈنى ۋىسال سۇغۇرۇپ.
بىر سۆيۈش بىلەنلا قانسا مۇھەببەت،
ئەتىسى قالمامدۇ غازاڭدەك قۇرۇپ.

كەل جانان لېۋىڭگە مەن سۆيۈپ ئالاي،
كېلىچەك تاڭلىرى سۆيگۈدە ئاتسۇن.
بىز ئاچقان يوللارنى سۆيگۈ بابىدا،
ئەۋلادلار ـ ئەجدادلار سەيلىگاھ ئەتسۇن.

بۇ ساڭا خاس سۆيگۈ، ساڭا ئامرىقىم،
يۈرەكتىن ـ يۈرەككە يوشۇرۇن ئىزھار.
ھە ئەتە، ياقۇت لەۋلەر قالمىسۇن قۇرۇپ،
سۆيگۈنى ۋاپا بىلەن سۇغارغىن دىلدار.

**ئەنۋەرجان مۇھەممەدى**

## شائىر، شېئىر، ئۇۋچى، شىر

شىر ھۇلايدۇ چۆل ـ جەزىرە، تاغلاردا،
جان قايغۇسى چۈشكەن چاغدا بېشىغا.
بىراق، شېئىر ياڭراپ تۇرار دۇنيادا،
سىرداش بولۇپ بارچە ئەلنىڭ دىلىغا.

ئۇستا ئۇۋچى كېلەر ئوۋلاپ ھەر تامان،
قاپقان قۇرۇپ تايغان بىلەن قۇۋ شىرنى،
كېلەر شائىر ئىلھام ئېلىپ باغلاردىن،
تۇتۇپ بىزگە كۆلدەستىسى — شېئىرنى.

ئۇۋچى باتۇر، لېكىن شائىر ئالدىدا،
تەڭ تۇرالماس گاڭ قەلەمگە قۇدرىتى.
سېلىشتۇردۇم شائىر، شېئىر، ئۇۋچىنى،
شىر — جاڭگاللىنىڭ، شېئىر — دۇنيا زىننىتى،
تەڭ تۇرالماس چىكمەت، پەشكە شۇ ئوقيا،
شېئىر — دۇنيا، ئىنسان — ھايات قىممىتى.

ئوسمانجان مۇھەممەت

## ئىككى شېئىر

### خىسلەت

قىزىپ چوغدەك لاۋۇلداپ كەتسە،
خىيالىغا كەلمەس تۆمۈرنىڭ.
ئۇنى شۇنداق بىلەمدۇ ياكى،
لەززىتى دەپ ئۆتكەن ئۆمۈرنىڭ؟

### بىر ياشانغان كىشىگە

سالام قىلسام ھۆرمەت بىلەن چوڭ بىلىپ،
قاققان قوزۇق كەبى تۇردۇڭ بۇرادەر.
ئۆزۈم كىچىك بولغاچىمىكىن، بۇ ھالىڭ،
ماڭا بەكمۇ ئېغىر كەلدى شۇ قەدەر.

سالامىمنى ئىلىك ئالساڭ زېغىرچە،
يېرىلماستىم، بولار ئىدىم بېرىسى.
لايىقىدا ھۆرمىتىڭنى قىلمىساڭ،
ئۆرلەيدىكەن كىچىكلىكىمۇ نېرۋىسى.

سەندە بولغاچ كۆزگە ئىلماسلىق ياشلارنى،
سالام قىلماي ئۆتۈپ كەتكەن نەچچىسى.
ساقالنى تۇت، ھۆرمىتىڭنى بىل ئۇنىڭ،
تەگمەس ئۈچۈن بىھۆرمەتلىك قامچىسى.

تەلئەت جېلىل

## بالىلىق خاتىرىسى

غۇبارسىز شوخ، سەبى، يۇمران بالىلار،
بالىلىق دەۋرىمنى سالار ئېسىمگە.
ئۇ غەمسىز كۆڭۈللۈك، بەختىيار چاغلار،
سېغىنىمىش قوزغايدۇ كىرىپ چۈشۈمگە.

سۇلارنىڭ شىۋىرلاپ ئېقىشلىرىدىن،
بالىلىق كۈلكەمنىڭ ئەكسى كۆرۈنەر،
قۇشلارنىڭ كۆكتە پەر قېقىشلىرىدىن،
شوخ ـ بەڭباش چاغلىرىم يادىمغا كېلەر.

باھارنىڭ رەڭدار گۈل ـ چېچەكلىرىدەك،
بالىلىق چاغلىرىم گۈزەل ئىدى زەپ.
ھەر كۈنى يۈرەتتىم ئويناپ كېيىكتەك،
شوخلۇقتا تايچاقتەك كۈلۈپ ـ ئەركىلەپ.

شۇ گۈزەل غۇنچىدەك بالىلىق دەۋرىم،
ئۆتۈپتۇ شۇنچە تېز گويا كى چۈشتەك.
ئۆكۈنۈش قىلماي مەن ياشلىق ھاياتىم،
گۈزەلدۇر تېخىمۇ تاڭدىكى گۈلدەك.

جىسمىمدا ياشلىقنىڭ ھېس ـ تۇيغۇسى بار،
قەلبىمگە ئوت ياقار گۈزەل ئارزۇلار.
ھەر ۋاقىت باتۇرلار روھى ماڭا يار،
ئەجرىمدىن دىلدىكى ئۈمىد كۆز ئاچار.

قەھرىمان روزى

## ئۈچ شېئىر

### يوقالغان سۆيگۈ

مىسرالىرىم مۇڭدىدۇ تەنھا،
سۆيگۈلىرىم نەلەردە سەرسان؟
سىڭىپ كەتكەن ئۇيۇقتا يۈرەك،
نىگاھىڭدىن ئەسەر يوق ئويان.

### قۇياشقا

مۆكۈۋالما كەپەڭگە قۇياش،
ھارغىن" تاغلار قانسۇن مېھرىڭگە.
تاڭلار كېچە ئاي بىلەن چولپان،
سەيرى ئەتسۇن سېنىڭ مەلىكە.

## ئىككى ۋىناس

ۋىناس ئىزدەپ بولاقلار ئارا،
كەپە ياساپ يۈرۈيدۇ سۆيگۈك.
تىرىق - تىرىق...
يۈرەك چىكىدۇ،
ئەسلى ۋىناس لالەم سەن ئۆزۈك.

ئەھمەت يولداش

## ئۆچمەس ئوتلار

1

كۆلدەك چېھرىڭ، تىنىقلىرىڭ ئوت،
قاراشلىرىڭ تىترىتەر مېنى.
بولۇتلارنىڭ قاتلاملىرىدا،
خىياللىرىم كۆيلەيدۇ سېنى.
تۈگىمەكىڭنىڭ بېشىدىن بۇندا،
كېتەلمەيدۇ چۈشلىرىم ئەگىپ،
قويۇپ مېنى داغدا، ئارماندا
خورەكلەزدە ياتامسەن سەگىپ؟

2

چۈشلىرىمنى بۇزغاندا ناخشاڭ،
تىنىقلىرىم بوپ كەتتى پارە.
خىياللىمنى ئەپقاچتى يۇلۇپ،
ئاھ، كۆلەڭگەڭ قىلىپ ئاۋارە.
شېپىرلاشلار ئاستا ۋە ئوتلۇق،
يېرىپ ئۆتەر قۇلاقلىرىمدىن.
شۇنچە گۈزەل، شۇنچىلىك لەۋەن،
سەن تۆرەلدىڭ زىنا قىلىرىمدىن.

3

تۆكۈلگەندە ئالتۇن ياپراقلار،
شاخلىرىدىن دانە ۋە دانە.
شاماللارنىڭ قوغلاپ كەينىدىن،
تىنىقلىرىم بولدى غەمخانە.
يېتىمسىراپ قالدى يىراقتا،
مېھمانلارغا ئامراق شۇ كەپەڭ.
ئۆت بولماقتا كۆزلىرىم ھايات،
قاياقلاردىن چىقاركىن شەپەڭ؟

4

كۆزلىرىڭدىن چاچرىغاندا ئوت،
قاراشلىرىم كەتتى يوقۇلۇپ.
مەڭگۈ - مەڭگۈ بولۇپ بىر قوشاق،
ئىزلىرىمدىن چىقتى توقۇلۇپ.
يۇلتۇزلارنىڭ جۇلالىشىدىن،
تېردۋالدىم تىلەكلىرىمنى.
يوللىرىڭغا قىلىپ نۇر - پانۇس،
يېقىۋالغىن يۈرەكلىرىمنى.

تۇرسۇنجان ھەسەن

## ئىككى شېئىر

### ھىجران چۆلىدە

قۇرۇپ كەتتى بوستان يۈرىكىم،
ۋەيران بولۇپ ھىجران چۆلىدە.
چىرىپ كەتكەن ياغاچ تىلىكىم،
لەيلەپ يۈرەر سۆيگۈ كۆلىدە.

سۇنۇپ كەتتى شاخلىق ئەقىدەم،
بوران ئۇرغان قۇمغا كۆمۈلۈپ.
غەمكىن يۈرەر ۋاپا - مەھبۇبەم،
ھەسرەت ئارىلاش نۇرغا چۆمۈلۈپ.

ئۇسسۇل ئوينار ئارمان ياپرىقىم،
يىراق كەتكەن ئۈمىد كۆيىگە.
سايە تاشلار غۇرۇر بايرىقىم،
ۋىسال تىلەپ قىسمەت سۆيىگە.

## باشقىلاردىن ئاشقاندا پەرقىم

تەلمۈرگەندە كۆز بىز سىزگە،
ئالدىڭىزدا تۆۋەنتى نەرقىم.
نەزەر دىگىز بۇرالدى بىزگە،
باشقىلاردىن ئاشقاندا پەرقىم.

تەلپۈندىگىز ئۆچكەندە ئوتۇم،
ئايلانغاندا يۈرىكىم كۈلگە.
تەۋەككۈلگە باسمايدۇ پۇتۇم،
شەيدالىقتا ئۈزاتقان كۈلگە،

كۈللىرىڭىزنى قىلمىسام قوبۇل،
بولمىغايسىز مىنىڭدىن خاپا،
مۇھەببەتنىڭ يوللىرى ئۇدۇل،
ئورنىغاندا يۈرەككە ۋاپا.

نۇرمۇھەممەت ياسىن

# شېئىرلار

### يېزا بالىسى

تاغلار ئاپئاق، داللار ئاپئاق،
ئاق كىمخاپتىن كۆينەك كىيىپتۇ.
ئاستا - ئاستا چۈشكەن ماموق قار،
يەر يۈزىنى تەكشى يېپىپتۇ.

ئاقلىق ئىچىدە تاۋلىنار زېمىن،
قار ياتىدۇ يەرنى قۇچاقلاپ.
تېپىلىپ - تېپىلىپ بۇ دەم بىر بالا،
مەكتىپىگە ماڭار ئالدىراپ.

ئۇرۇلىدۇ سوغاق يۈزىگە،
قورقىتالماس ئۇنىڭ ھەۋىسى.
شۇنچە تەمكىن، ماڭار خىرامان،
يوقالغاندەك گويا سەزگۈسى.

يېزا يولى تېيىلغاق، پاتقاق،
مەكتىپىنىڭ يىراق ئارىسى.
ئەمما تەمكىن، ماڭار مەردانە،
بۇ يوللاردا يېزا بالىسى.

### شېئىر بىلەن پۈتكەن ۋۇجۇدۇم

شېئىر بىلەن پۈتكەن ۋۇجۇدۇم،
ھېسسىيا تلىرىم شېئىرغا تۇتاش.
شېئىر مېنىڭ ئىززەت - غۇرۇرۇم،
شېئىر گويا كۆكتىكى قۇياش.

شېئىر بىلەن پۈتكەن ۋۇجۇدۇم،
شېئىر دەپلا سوقار يۈرىكىم.
شېئىر مېنىڭ شادلىق - ھوزۇرۇم،
شېئىر بىلەن كۈلەر تىلىكىم.

شېئىر بىلەن پۈتكەن ۋۇجۇدۇم،
رىشتىم ئاڭا مەھكەم چىتىلغان.
شېئىر بىلەن تۇتاش تومۇرۇم،
مىسرالارغا قېنىم قېتىلغان.

شېئىر بىلەن پۈتكەن ۋۇجۇدۇم،
ياشالمايمەن شېئىرسىز بىردەم.
ئاخىرلاشسا ئەگەردە ئۆمرۈم،
شېئىر بىلەن قويىدۇ قەبرەم.

### ئەيىب

نەچچە ۋاقىتتىن —
ئاۋارە ئىدىم،
باشقىلاردىن ئەيىب تاپالماي.
مانا ئەمدى،
ئاۋارە بولدۇم،
ئەيىبىمگە چاپان ياپالماي.

ئىپتىخار

## شېئىرلار

### دوست

«دوست» دېگەن سۆز ئاران بىر بوغۇم،
ۋەزنى سىغماس لېكىن ئالەمگە.
دوستلۇق — ئۇلۇغ، دوستلۇق — مۇقەددەس،
گەر قەدرىگە يەتكەن ئادەمگە.

### شامالغا

كېتىپ بارغان ئەي ئۇچقۇر شامال،
بىر ئىشىم بار بەرگىن توغرىلاپ.
قاراپ تۇرغان گۈزەل قىزچاقنىڭ،
چۈمبىلىنى قاچقىن ئۇغرىلاپ.

### قىرغاق

ئۇچقۇر قانات تەپەككۇرۇمنىڭ،
مەنزىلگاھى چىمەنزار قىرغاق.
مەن كۆيمەن ئۇندا پىراقتا،
سەزگۈلىرىم تاڭغىچە ئويغاق.

نەمخۇش ھاۋا سۆيەر مەڭزىمگە،
ئۈنچە مارجان چېچىپ زىلال سۇ.
«شىر - شىر» ئاققان نازۇك كۈيلەردىن،
يېتىلىدۇ گۈزەل ھېس - تۇيغۇ.

مەيىن شامال يەلپۈپ قىياقنى،
چاچلىرىمنى يۇمشاق تارايدۇ.
دەريا ئۈزرە بەلباش دولقۇنلار،
بويۇن سوزۇپ ماڭا قارايدۇ.

سۇمۇرسەم ساپ ئىپار ھاۋانى،
غىدىقلايدۇ سەزگۈنى يالپۇز.
كىملەرنىدۇ كۈتۈپ تۈنلىرى،
زەر قىرغاقنى ساقلايمەن يالغۇز.

تۇرغۇن سادىر

## پاكلانسۇن جىسمىمىز تامچىغان تەردە

ئانىلار تاغ بولسا، ئاتىلار چوققا،
ئىككىسى ئايرىلماس بىر پۈتۈن گەۋدە.
كۆكلەمدۇ قارىغاي ئېگىز تاغلاردا،
بولمىسا يىلتىزى بۇ ئانا يەردە.

دەيمەن: ئاتا-ئانىنىڭ بالىغا ئەجرى،
بەرگەن ئاق سۈتى، مېھنىتى، تەردە.
بولمايلى ئەرشىلا ياكى جەننەتتە،
قويمايلى ئاتا-ئانىنىڭ ئەجرىنى يەردە.

يەلكىدە كۆتۈرۈپ كۈتەيلى ئۇنى،
پاكلانسۇن جىسمىمىز تامچىغان تەردە.
كۆكلىمەس قارىغاي ئېگىز تاغلاردا،
بولمىسا يىلتىزى بۇ ئانا يەردە.

مەخمۇت ھامۇت

## بېيىتلار

### مەرىپەت

سەن بىر پەرى — ماھى تابان،
ۋەسلىڭنى قۇچسام نە ئارمان!...

### شام

ۋۇجۇدىدىن يورۇق بېرەر ئىنسانغا شام،
تەلەپ قىلماس بەدىلىگە زەررىچە نام.

### ۋاپا ۋە جاپا

دوستۇم دەپ چىقارسام سېنى تۆرگە،
ئاخىرى ئىتتەردىڭ مېنى گۆرگە،

### ئالمىشش

ھەقنى سۆزلەپ چۈشتۇم پەگاغا
تۆر ياراشتى زېرەك، ئاگاھقا.

### ئالىم ياۋا

## پارچىلار

دوست تۇتمايمەن نامۇ شۆھرەت دېگەننى،
كۆچەت تىكمەي تەييار مېۋە يېگەننى.
«تەر تۆكەيلى ئەل ئۈچۈن» دەپ جار سېلىپ،
ئەلگە باقماي ئەل رىسقىنى يېگەننى.

گۈل دېمەيدۇ، كىشى ھەرگىز ئاپتاپپەرەسنى،
ھايالىقلار دوست تۇتمايدۇ، مەس ھەم ئەلەسنى.
ئىنسان تۇرماقھا يۇۋانلارمۇ ياقتۇرمايدۇ ھېچ،
ئۆزنە سلمدىن بولۇپ قالغان شۆھرەتپەرەسنى.

### بۇخەلچەم مامۇت

## قارشى قىرغاق

بۇلۇتلارنىڭ دولقۇنلىرىدا،
ئۈزۈپ بارار جۇۋەك ئاي بېغەم.
كۈيلەيمەن بىر مىسكىن ئاھاڭنى،
قىرغىقىدا دەريانىڭ بۇ دەم.

تۇمانلارغا يۆگىلىپ سۆيگۈم،
لەيلەيدۇ، ئاھ يوقالماس بىراق.
تەلمۈرىمەن قارشى قىرغاققا،
ئۇ مېنىڭدىن يىراق، بەك يىراق...

### يۇسۇپجان بارات (جەۋھەرى)

## باغاق

توي باغىقى كەلسە دوستلاردىن،
ۋىسال تاپسۇن قىز - يىگىت دەيمەن.
بەزى شۇنداق كەلسە شۇم خەۋەر،
قايغۇرىمەن ئاھ، ئېسىت! دەيمەن.

بۈگۈن يەنە كېلىپتۇ باغاق،
بىر دوستۇمنىڭ تويىغا چىللاپ.
تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ كەينىدىن،
كەپتۇ بىرسى قايغۇرۇپ يىغلاپ.

بۇ قىسمەتكە نېمە دەي ئەمدى؟
كەلگەن چاغدا «ئىككى خىل باغاق»
تويغىمۇ، يا باراي ھازىسىغا —
تەئەججۇپتە ئويلايمەن ئۇزاق.

قوشماق ئىكەن قايغۇ ۋە شادلىق،
توينى قۇتلاپ خۇشال ئوينايمەن.
شادلىقىغا كۈلۈپ دوستلارنىڭ،
قايغۇسىغا تەڭلا يىغلايمەن.

### ئابدۇرۇسۇل ئىمىن

## خوراز

ھەر چىللىسا خورازنىڭ،
بوينى كۆككە سوزۇلار.
سوزۇلمىسا مۇبادا،
ئاۋازىمۇ بوغۇلار.

بۇ ھېكمەتنى چۈشەنمەي،
غادايدى ئۇ، دېمەيلى.
غەيۋەت قىلىپ ئارقىدىن،
بىھۇدە غەم يېمەيلى.

مېھرىنىسا مامۇت

# ئىزسىز جاراھەت

(ھېكايە)

«ئادەمنىڭ مەنىۋى ھاياتى—ۋىجدانىدا، ۋىجدانىنىڭ ھاياتى — ئىپپەتتە.» بۇ نەقەدەر توغرا ئېيتىلغان سۆز- ھە!

ئەپسۇس، ۋىجدان بىلەن ياشاشنى ئويلىغان كىشلەرنىڭ بەختلىك بولىشى تەس. بولۇپمۇ، ھاياتلىق سەھنىسىدە رىيازەت چەكمەيدىغانلار بولمىسا كېرەك. بىراق، دەھشەتلىك بوران - چاپقۇنلار ئارىسىدا مەنىۋى ئازاب دېڭىزىغا تىنىمسىز چۆكۈۋاتقان تۇرۇقلۇقمۇ ئۆزىنىڭ قىزلىق ئەقىدىسىنى ساقلاپ قالالىغان قىزنى بەختسىز دېيىش توغرىمۇ؟ ياق! ئىپپەتلىك بىر قىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، قىزلىق ئەقىدىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ياشاشتىن ئارتۇق بەخت يوق. بۇ ئۇنىڭغا قانچىلىك چىدىغۇسىز ئازابلارنى، قانچىلىك ئۈمىدسىز ھادىسىلەرنى ۋە يەنە قانچىلىك پىتنە - پاساتلارنى ئېلىپ كەلمىسۇن، يەنىلا ھەممىگە بەرداشلىق بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرگەن يىگىتى ياشىغان تۇپراق ئۈستىدە ياشاۋاتىدۇ. شۇ زېمىن نۇرلىرىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتىدۇ ھەم يەنە شۇ زېمىن ئۇنىڭغا يورۇقلۇق، بەخت ئاتا قىلىۋاتىدۇ. ئۇنداقتا ئۇ قانداقمۇ ھاياتقا ئىنتىلمەي، ھايات ئۈچۈن كۈرەش قىلماي تۇرالىسۇن؟

سەلىمە تۇرۇپ - تۇرۇپ ئويلىناتتى، ئۆز - ئۆزىگە سوئال قويۇپ، تۈرلۈك خىياللارغا غەرق بولاتتى. بىراق خىياللارنىڭ ئاخىرى ئېچىنىشلىق يىغا بىلەن ئالمىشاتتى-دە، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا بۇلدۇقلاپ يىغلاپ كېتەتتى. ئارقىدىن ئانىسىنىڭ تۇيۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ تېزلا ئۆزىنى ئوڭشىۋالاتتى. چۈنكى، ئانىسىنىڭ ئازابىمۇ ئۇنىڭكىدىن يېنىك ئەمەس ئىدى. بىمەجەل كەتكەن ئوغلىنىڭ ئىچ ئاغرىقى ئۇنى ھالىدىن كەتكۈزگەن بولۇپ، قىزىنىڭ كۆيۈنۈپ كۈتۈشلىرى بولمىغاندا ئۇ ئاللىبۇرۇن تۈگەشكەنمۇ بولاتتى. قىزىنىڭ ئەقىدىسى بىچارە ئانىغا چەكسىز خۇشاللىق كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن قىزىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى ئۇنى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ قويۇۋاتاتتى. بىراق، ئانا ھەر قانچە قىلسىمۇ بۇ ئىشتا ئامالسىز ئىدى. سەلىمە خىزمەتتىن تولا چاغلاردا ئاجايىپ بىر خىل مۇڭلۇق ھالەتتە قايتىپ كېلەتتى- دە، بوسۇغىدىن پۇتىنى ئېلىپلا ھويلا ئوتتۇرىسىدىكى ئۈجمە دەرىخى ئاستىدا خىيالغا پېتىپ ئولتۇرۇپ قالغان بۇ ئانىنى كۆرۈپ، يۈرىكىگە قۇيۇلۇپ كېلىۋاتقان ئانىلىق مېھرىدىن خۇدىنى يوقىتىپ، ئۇنىڭدىن كۆڭلىنىڭ قانداق تاماق تارتىدى-

غا نلمقمنى سورايتتى. بمراق ئانا قمزنمڭسو-
ئالمغا جاۋاب بېرىش ئورنمغا، ئۇنى قېشمغا
كېلمپ ئولتۇرۇشقا شەرەتلەيتتى ـ دە، خۇنۇك
كۆزلمرىگە ياش ئېلمپ تۇرۇپ، قمزنمڭكەل-
گۈسى تۇرمۇشى توغرۇلۇق سۆز باشلايتتى. بۇن-
داق چاغلاردا سەلمىە يۈرىكى تمترىگەنھال-
دا ئانمنمڭ قېشمغا بېرىپ، ئۈن-تمنسمز ئول-
تۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتى. ھەسرەتكە تولغان
ئانا نۇرسمز كۆزلمرىدىن چەكسمز ئانلمىق
مېھرىنى ياغدۇرۇپ يمغلامسمرىغان ھالداھەر
كۈنى قملمدىغان شۇ سۆزنى تەكرارلايتتى:

— قمزىم، ھەر كۈنى بېشمڭمزنى ئاغرى-
تمپ تۇرۇۋاتقانلمقمنى ئۆزەممۇ سېزىپ تۇ-
رىمەن. بمراق، بۇنداق قملماسلمققا نېمە ئا-
مالىم بار دەيسمز؟ سمز بولسمڭمز تېخى ياش،
ئۈن گۈلمڭمزنمڭ بىرى ئېچملمىغان سەبى
غۇنچە. مېنمڭ بولسا تۆت كۈنامكىم قالدى.
ئۇلۇغ ئاللا، ئاندىن قالسا سمزنمڭ ياردى-
مىڭمزدە ئۆز كۈنۈمنى ئۆزەم ئالغۇدەك ماغ-
دۇرغا كېلمپ قالدىم. مەن سمزدىن رازى،
مەڭگۈ رازى. بۈگۈن شەھەردىن يەنە ھېلم-
قى مېھمانلار چمقمپتمكەن، ئۇلارنمڭ ئېيتم-
شمچە قەيسەر مۇشۇ يېزىغا يۆتكملمپ كې-
لمشكە يول مېڭمۇپتمپتۇدەك. شۇڭا سمز يەنە بمر
قېتمم ئويلمنمپ باقسمڭمز، مەن سمزدىن
خۇش بولۇپ كېتەي. جاھاندىن بۇنداق ئۆ-
تۈپ كەتكملى بولمايدۇ. ئويلمنمپ بېقمڭ قمز-
زىم! بۇ مېنمڭ ئەڭ ئاخمرقى قېتمم سمزگە
قويغان تەلمپىم...

سەلمىە بۇنداق چاغلاردا تاكى ئانمسى
يېنمدىن چمقمپ كەتكۈچە ھەيكەلدەك قېتمپ
ئولتۇرۇپ قالاتتى. ئانمسى چمقمپ كەتكەن-
دىن كېيمن بولسا، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماستمن
شۇنداق ئېچمنمشلمق يمغلاپ كېتەتتمكى، بۇ
يمغا خېلى ۋاقمتلارغمچە داۋاملمشاتتى. ما-
نا سەلمىە بۈگۈنمۇ مەكتەپتمن قايتمپ، ئا-
نمنمڭ چوڭقۇر ھەسرەت يوشۇرۇنۇپ تۇرغان
كۆزلمرىدىن قانداقتۇر بمر بمسەرەمجانلمق-
نى بايقمدى ـ دە، تاماقمۇ ئەتمەستمن ھا-
تاق ئۆيمگە كمرىپ ياتتى. بمراق كۆز ئال-
دىدا شۇ ئېچمنمشلمق ئۆتمۇش خاتمرىلمرى
گەۋدىلمنمپ، خمىيال قۇشامرىنمڭ قانداقلار-
چە يمراق ـ يمراقلارغا ئۇچۇپ كەتكەنامكم-
نى سەزمەيلا قالدى.

تۈن يېرىمدىن ئاشقان چاغ.

جاھان ياقۇتلمرىنمڭ ئەتراپمغا تەكشى
چېچملغان كۈمۈشرەڭ نۇرلمرىدىن، ياتاق ئم-
چمۇ خۇددى كۈندۈزدەك يورۇپ كەتكەن بو-
لۇپ، دېرىزە رۇجمكمدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان
ھملال ئاي، يېتملگەن تملەكنمڭ بەختمىيار-
لمق تەبەسسۇمى ئمچمدە قەلبى تەسۋىرلمگۈ-
سمز شادلمقتمن كۈۋەجەپ دولقۇنلمنمۋات-
قان سەلمىەنمڭ خمىيال دېڭمزىدا بەھوزۇر
سەيلە قملمشقا يار ـ يۆلەك بولۇۋاتاتتى.
مانا، باش توخۇمۇ چململمدى. سەلمىەنمڭكۆز-
لمرىگە ھېچ ئۇيقۇ كېلمدىغاندەك ئەمەس ئم-
دى. ياتاق ئمچى جممجمت. ئۇنمڭغا بەخت
ئۇيقۇسمدا تاتلمق ئۇخلمشمۋاتقان ياتاقداش-
لمرىنمڭ يېنمك پۇشۇلداشلمرىدىن باشقا ئا-
ۋاز ئاڭلانمايتتى.

يېتملگەن تملەك، شۇنداقلا ئۆزى بملەن
تەڭ دىمەتلمك قمزلار بملەن بمر ياتاقتا
يېتمش، ئۇنمڭ سەبى يۈرىكمدە ئاللمقانداق
ھېسسمياتلارنى ئويغاتتممكەن، مەسۇم قەلبى
ئاجايمپ ھېسسمياتلار تۇرتكمسمدە توختماي
دولقۇنلمناتتى. خمىيال قۇشلمرى تەپەككۇر
ئاسمنمدا پەرۋاز قملاتتى. سەلمىەنمڭ دا-
دىسى پېشقەدەم مائارىپچى بولۇپ، ئاتال-
مىش «مەدەنىيەت ئمنقملابى» دا قېيناپ
ئۆلتۈرۈلگەن. ئانمسمۇ كۆپ ئۆتمەي بو

زەرىندىن يۈرەك كېسەلىگە گىرىپتار بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەن. ئاتا ـ ئانىسىدىن بىر ئاقىلا يېتىم قالغان سەلىمە تاغىسىنىڭ ئۆيىدە ۋە ئۇنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرغانىدى. سەلىمە بۇ ئۆيگە كېلىپمۇ ياخشى كۈنگە ئېرىشەلمىدى ۋە تۇرمۇشنىڭ نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇقلىرىنى بېشىدىن كەچۈردى. نەتىجىدە، ئۇنىڭ سەبى، يۇمران قەلبىدە مۇھەببەت ـ نەپرەت، گۈزەللىك، رەزىللىك كۆز قارىشى ئېنىق تىكلىنىپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئىمتىھاندىن ئەلا نەتىجە بىلەن ئۆتۈپ، ئۆزىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كىردى. بۈگۈن ئوقۇش باشلانغان دەسلەپكى كۈن، شۇڭا ھاياجاندىن كۆزلىرىگە تېخىچە ئۇيقۇ يېقىن كەلمەيۋاتاتتى. سەلىمە مۇشۇ كۈندىن باشلاپ كەلگۈسى توغرىسىدىكى شېرىن خىيالغا، مۇستەھكەم ئىرادىگە، تەلەپچان ئىستەككە تولغان نۇرغۇن كۈنلەرنى كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ خۇشاللىقى ئىچىگە سىغمايتتى. كۈنبويى ئارزۇ ـ ھەۋەسلەر قاينىمىغا شۇڭغۇپ، مەكتەپ ھاياتى، جەمئىيەت، ۋەتەن، ئىنسانلار مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئويلىنىپ، كەلگۈسىدە قانداق ئىشلارنى قىلىشنى، ۋەتەن ۋە خەلقىنىڭ، شۇنداقلا مەرھۇم ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۈمىدىنى قانداق ئاقلاشنى كۆڭلىگە پۈكەتتى. كۈنلەرنى ئوقۇش، يېزىش، چەت ئەل تىللىرىنى ئۆگىنىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ئۇنىڭ بىلىم ئىقتىدارىغا يارىشا تەقىي ـ تۇرقى، يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىدا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان قىزلارغا خاس نازاكەت ئەتكەن بولۇپ، بىر قاراشتىلا ھەممىنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالايتتى. شۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ خەت يازىدىغانلارمۇ چىقىپ قالدى. بولۇپمۇ، يېقىندىن بېرى تەلەپچى رەت قىلىنغان بولسىمۇ، بىر يۇرتلۇقنى باھانە قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئۇزۇلدۇرمەي ئاشكارە مۇھەببەت ئىزھار قىلىۋاتقان، يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ھەر خىل پىتنە ـ پاسات، سۆز ـ چۆچەكلەرنى تارقىتىۋاتقان ساۋاقدىشى قەيسەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ئۇنى تولىمۇ بىزار قىلاتتى. لېكىن مۇھەببەت قاينىمىغا كىرىپ قېلىپ چىقالماي يۈرگەن دوستلىرىنىڭ بەختسىز كەچۈرمىشلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن سەلىمە، قەيسەرنىڭ تەلەپىنى قەتئىي رەت قىلىپ، ھازىرچە بۇ ئىشقا ئالدىرىماسلىقنى ئۆز ـ ئۆزىگە ۋەدە بەردى. كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتۈپ، بىرىنچى، ئىككىنچى ئوقۇش يىللىرى تۈگەپ، ئۈچىنچى ئوقۇش يىلىمۇ كىرىپ قالدى. ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر ئىش (تاسادىپىي قولىغا تەگكەن بىر پارچە خەت) قاتتىق تەسىر قىلدى. خەت بىلەن تەڭ ئۇنىڭ يۇملاق كۆزلىرى ھاياجان ئىچىدە ئوتقاشتەك يېنىپ، نۇرانە چېھرىدە قانداقتۇر بىر خىل يۈرەك شادلىقىنىڭ جىلۋىگەر نامايەندىسى ئەكس ئېتىشكە باشلىدى ۋە كاللىسىدا بولسا: «توۋا، بۇ نېمە ئىش، مەن نېمە بولۇۋاتىدىغاندىمەن؟» دېگەن بىر خىل سوئال پەيدا بولدى. ئۇ روھىي دۇنياسىدا ئاجايىپ جانلىنىش پەيدا قىلغان بۇ خەتنىڭ ئاخىرقى قۇرلىرىنى يانىدۇرۇپ ـ يانىدۇرۇپ ئوقۇشقا كىرىشتى:

«قەدىرلىك سەلىمە! مېنىڭ ئاخىرىدا دېمەكچى بولغىنىم، بىز ئۆزىمىزنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىمىزنىڭ پارلاق بولۇشىغا ھۇل راسلاۋاتقان بۈگۈنكى كۈنلەردە، ھازىر نېمىلەرنى ئۆگىنىشىمىز، شۇنداقلا كەلگۈسىدە قانداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشىمىز توغرىسىدا چوڭقۇر ئويلىنىپ كۆرۈشىمىز كېرەك.

بۇ ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە. بىز ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا كەلگەن ئىكەنمىز، جەزمەن ئىلىم - پەن دىڭىزىنىڭ ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ، خەلقىمىزگە قىممەتلىك دۇردانىلارنى تەقدىم قىلىشىمىز، ئامرات ۋە قالاق يۇرتلىرىمىزنى باي، گۈزەل، مەدەنىيەتلىك يۇرت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ياش گۆدەكلەر قەلبىگە ئىلىم ئۇرۇقلىرىنى چېچىشىمىز — بۇ، بىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارزۇيىمىز بولۇشى كېرەك. ھازىر بىزنىڭ بىر قىسىم دوستلىرىمىز ۋاقىتلىق ھېسسىياتىنىڭ قۇربانى بولۇپ، ساختا مۇھەببەتنىڭ قاينىمىغا چۆكمەكتە. قەلب گادايلىقى خېلى بىر قىسىم دوستلىرىمىزنىڭ ئەقلىنى بۇلغىماقتا! بۇ ئىشلار قايسىبىر ۋىجدان ئىگىسىنى ئېچىندۇرمىسۇن؟! سىزنىڭ پىكىرلىرىمگە قارشى چىقمايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن.»

سەلىمە ئەكبەر ئىسىملىك بۇ يىگىتنى تۇنجى قېتىم تىل فاكۇلتېت بىناسىنىڭ ئالدىدىكى قارا تاختىغا شېئىر يېزىۋاتقان ھالەتتە كۆرگەن ۋە ئۇنىڭ يېزىۋاتقان خەت نۇسخىلىرىغا، شېئىرلىرىغا قاراپ ھەيران قالغانىدى. ئېگىز بوي، قوڭۇر چاچ بۇ يىگىتنىڭ بۇغداي مايسىلىرىدەك كۆكىرىشكە باشلىغان يۇمران بۇرۇتى چىرايىغا تولىمۇ ياراشقان بولۇپ، ئۇنىڭ كىشىنىڭ مەسلىكىنى كەلتۈرگىدەك دەرىجىدە ئوماق كۆرۈنىدىغان تەبەسسۇمى خۇشپىچىم قىياپىتى سەلىمىنىڭ قەلب ئېكرانىدا تۇنجى قېتىم پەيدا بولغان ۋە ئۇندىن كېيىن كۆپلەپ ئۇچراتقان بولسىمۇ، لېكىن تېخى ئوچۇق - يورۇق سۆزلىشىۋېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇشالمىغان ئىدى. مانا بۈگۈن بۇ خەت ئۇنىڭ تۇنجى ئۇبارىسىز سۆيگۈسىنى نامايەن قىلدى. قەددى قامەتلىك، ئېغىر - بېسىق بۇ يىگىت ئۇلۇغ تەسەۋۋۇرىدىكىدەك يىگىتلەردىن بولۇپ چىقتى. ئۇلار ئورتاق ھەۋەس، ئورتاق قىزىقىش ئاستىدا، يېزىقچىلىق مەشقلىرىدە ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇرغان، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە بولسا سەيلە - ساياھەت قىلىپ، ئەشۇ ئىشلار ئۈستىدە قىزغىن پاراڭلىشىدىغان بولدى. قىسقىسى، ھەر ئىككىيلەن ئۆز بەختىدىن چەكسىز خۇرسەن ئىدى. بىر كۈنى ئۇلار مەكتەپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە كىنو كۆرۈپ چىقماقچى بولۇپ مەكتەپ كىنوخانىسىغا كىرگەندە، ئۇلارنىڭ ئالدىدا تۇيۇقسىزلا قەيسەر پەيدا بولۇپ قالدى ۋە ئەكبەر بىلەن شۇنداق قىزغىن ئەھۋاللىشىپ كەتتىكى، سەلىمە بۇ مەنزىرىگە قاراپ ھەيرانە-ھەس قالدى. ئاي - يىللار ئۆتۈپ بىر-بىرى بىلەن بىرەر ئېغىز پاراڭلاشمايدىغان بۇ ساۋاقداشلار ھازىر خۇددى جان - جىگەر ئاغىنىلەرگە ئوخشىشىپ قالغانىدى، بولۇپمۇ قەيسەر تولاراق سۆزلەيتتى. ئەكبەر بولسا، مەمنۇنلۇق كۈلكىسى بىلەن باش لىڭشىتىپلا قويۇپ، ئاندا - ساندا سورالغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ قويۇش بىلەن كۇپايىلىنەتتى. قەيسەر سۆز ئارىلىقىدا پات-پات سەلىمىگە قاراپ گەپ قىلغاچ ئولتۇرۇشنى ئېيتاتتى - دە، قاھ - قاھلاپ كۈلەتتى. سەلىمە قەيسەرنىڭ كۈلكىسى ئىچىدىن بىر خىل شۇملۇقنى سەزگەندەك يۈرىكى ئېغىپ، كىنونىڭ پاتراق تۈگىشىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. ئاخىرى كىنومۇ تۈگەپ ھەممە ياتاقلىرىغا قايتىشتى.

شۇ قېتىملىق پاراڭلىشىشتىن كېيىن، ئەكبەر بىلەن قەيسەر يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدى. سەلىمە ھەرقانچە قىلسىمۇ، ئۇلارنى ئايرىۋېتەلمىدى. تاسادىپىي ئۈچەيلەن

بىرگە بولۇپ قالغان چاغلاردا، سەلىمە ئۆ-زىنى قانچە خۇشخۇي تۇتۇشقا تىرىشسىمۇ، ئۇنداق قىلالمايتتى. چۈنكى، قەيسەرنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق تارقاتقان گەپ - سۆزلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىدىن تېخىچە كەتمىگەنىدى.

ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە ھەپتە قالغان چاغ.

كەچلىك ئارام ئېلىشقا چېلىنغان سىگ-نال ئاۋازى ئەكبەر بىلەن سەلىمىنىڭ قىز-غىن داۋاملىشىۋاتقان مۇنازىرىسىنى توخ-تىتىپ قويۇشقا مەجبۇر قىلدى. ھاياجان ئىچىدە سۆيگۈ ئېقىمى بىلەن دولقۇنلاۋاتقان ۋاپادارلىق، سەمىمىيە تىلەكنىڭ ئالىيجاناپپە-زىلىتىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان بىرجۈپ يۈرەك شۇ تاپتا ئايرىلىشقا چىدىمىغانىدەك بىر خىل ھالەتتە سوقۇۋاتاتتى.

قەيسەر نېمىشقىدۇ بۈگۈن كۆرۈنمەيتتى.

— بولدى، سەلىمە، ئەتە ئالىدىغان ئەڭ ئاخىرقى بىرلا ئىمتىھاننى ياخشى بېرى-شىمىز كېرەك. چارچاپ كەتتىڭىز، كىرىپ ئارام ئېلىڭ.

ئەكبەر مۇلايىم، ئەمما سەل تىترەك ئارىلاش ئاۋازدا سۆزلىگەچ ئورنىدىن تۇر-دى. سەلىمىگە قاراپ ئىللىق كۈلۈمسىرىدى. كېيىن بىر ئىشتىن خىجىل بولغانىدەك يۈزى-گە «ھۆپپىدە» ئوت ئېلىپ، لېكىن بۇ ھالەت-نى سەزدۇرۇپ قويماسلىققا تىرىشىپ ئىتتىك-لا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ھە راست، ئانامدىن خەت كەپتىكەن، ئۇ خېتىدە ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ھەر ئىككىڭلار مېنىڭ يېنىمغا قايتىپ كېلىڭلار، دەپتۇ.

سەلىمە ئەكبەرنىڭ بۇ خىل نومۇسچان پە-زىلىتىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، بىر پەس يەرگە تىكىلىپ تۇرۇپ كەتتى - دە، كېيىن سىلىق، ئەمما قەتئىي ئاۋازدا دېدى:

— بىزمۇ شۇنداق كېلىشكەنغۇ؟! سىزنىڭ ئانىڭىز مېنىڭ ئانام، مەن ھايات بولسام، ئانىڭىزنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ ئۆتىمەن.

قىزلارغا خاس نومۇس ۋە ھاياجان ئىلى-كىدە ھەددىدىن تاشقىرى جۈرئەت بىلەن ئېي-تىلغان بۇ سۆز ئەكبەرنىڭ يۈرەك قەلبىنى ئېرىتىۋەتكەن بولسا كېرەك، كۆز چاناق-لىرى لىققىدە ياشقا تولۇپ ئاران ئاڭلانغى-دەك ئاۋازدا:

— رەھمەت سىزگە، — دېيەلىدىيۇ، يىغ-لاپ سالماسلىق ئۈچۈن ئىتتىككىلا خوشلىشىپ كەينىگە ئۆرۈلدى. بۇ ئىشتىن سەلىمىنىڭ يۈرىكى سەل ئاغرىغاندەك بولدى، لېكىن ئۇ ئەك-بەرنىڭ روھىي ھالىتىدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىش ئانىسىنىڭ خېتىنى ئوقۇغانىدىن كېيىن سېغىنىش تۇيغۇسىدىن بولسا كېرەك، دەپ چۈشەندى.

— خوش، ياخشى چۈش كۆرۈڭ!

بۈگۈن ئۇلار نېمىشقىدۇ بىر - بىرىدىن ئايرىلغۇسى كەلمىگەندەك ئىككى - ئۈچ قە-دەم ماڭا-ماڭا يەنە توختاپ، بىرەر - ئىك-كى مىنۇت ئۈنسىز تۇرۇپ كېتىشكەندىن كېيىن تەسلىكتە ئايرىلىشتى.

سەلىمە ياتاققا كىرىپ ئۇخلاش ئۈچۈن كارىۋاتقا چىقتى. بىراق خېلى ئۇزاققىچە كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەي مىڭ تەسلىكتە ئۇخ-لاپ قالدى. ئىشىكنىڭ قاتتىق چېكىلىشى ئۇنى تاتلىق ئۇيقۇدىن ئويغىتىۋەتتى. بۇ تاڭ سۈزۈلگەن چاغ بولۇپ، ئەتراپقا يورۇق چۈ-شۈشكە باشلىغانىدى. سەلىمە كىيىملىرىنى كىيىپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچقانىدا، ئىشىك ئالدىدا قەيسەرنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى ۋە «ئەتىگەندە نېمە ئىش؟» دېگەن سوئال نەزەرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىل-دى. چۈنكى، سەلىمە قەيسەرنى كۆرسىلا قا-داقتۇر بىر يوشۇرۇن ئاچچىق ئۇنى قورشى-ۋالاتتى.

قەيسەر سەلىمىنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ، بىر ئاز ھودۇققاندەك قىلدى-يۇ، يەنە تېزلا ئەكسىگە قايتىپ، بىر خىل ئەنسىز قىياپەتكە كىردى.

— يۈرۈڭ، سىزگە دەيدىغان مۇھىم بىر گەپ بار، — قەيسەر شۇ گەپنى دەپلا ئارقىغا بۇرۇلۇپ ماڭدى. سەلىمە قەيسەرنىڭ روھىي ھالىتىدىن بىرەر پېشكەللىكنىڭ بولغانلىقىنى پەملەپ، ئۈن-تىنسىز ئۇنىڭغا ئەگەشتى. قەيسەر سەلىمىنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ ئاستا سۆزىنى باشلىدى:

— سەلىمە، سىزنىڭ ھەرقانداق بىر ئىشقا ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن. لېكىن شۇنداقتىمۇ ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، ئاخشام ئەكبەر نامەلۇم لۈكچەكلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپتۇ، بىز ئۇنىڭدىن باياتىلا خەۋەر تاپتۇق.

— ئەكبەر؟ ئۇ قېنى، ئۇ قانداقراق؟! — سەلىمە ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى. شۇ قىسقىغىنە بىرقانچە سېكۇنت ئىچىدە ئۇنىڭ چىرايى ئاقتىن سېرىققا، سېرىقتىن ئاققا ئۆزگىرىپ بولغانىدى.

— مۇنداق قىلمىسىڭىز بولمايدۇ، ئەكبەر ھازىر دوختۇرخانىدا قالدى. ئەھۋالىمۇ ئانچە يامان دېگۈدەك ئەمەس.

قەيسەرنىڭ چىرايىدىن بىر ئاز ئەندىشىلىك، قايغۇلۇق ئالامەتلەر چىقىپ تۇرغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن كۆزلىرىدە نېمىشقىدۇر بىر ئوت چاقناپ تۇراتتى.

سەلىمە ھېچنەرسىنى ئاڭقىرالماي، گاراڭ ھالەتتە قەيسەرگە ئەگىشىپ دوختۇرخانىغا يېتىپ كەلگەندە، ئەكبەر ياتقۇزۇلغان كارىۋات ئەتراپىدا ئۈچ-تۆت سېستىرا ۋە بىر ياشانغان دوختۇر تۇراتتى. ئەكبەرنىڭ بېشى پۈتۈنلەي داكا بىلەن ئورالغان بولۇپ، كۆزىلا ئوچۇق ئىدى، سەلىمە شۇ چاغدىلا ئەكبەرنىڭ يارىسىنىڭ ئىنتايىن ئېغىرلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى-دە، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي بوقۇلداپ يىغلاپ تاشلىدى. ئۇ دوختۇرنىڭ قول ئىشارىتى بىلەن ئىچ-ئىچىدىن قايناپ چىقىۋاتقان يىغا ئاۋازىنى توسۇۋېلىشقا مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، كۆزلىرىدىن قۇيۇلۇۋاتقان ياش تامچىلىرى تېخىمۇ كۆپەيمەكتە ئىدى. شۇ چاغ ئەكبەر بىر ئاز ھوشىغا كەلگەن بولسا كېرەك، قاپىقىنى مىڭ تەسلىكتە مىدىرلىتىپ بىلىنەر-بىلىنمەس ئېچىشقا باشلىدى ۋە كۆزىنى يېرىم ئاچالىدى. ئۇنىڭ قان قۇيۇلغاندەك قىزىرىپ كەتكەن يېرىم ئوچۇق كۆزلىرى كىمنىدۇر ئىزدەيتتى، ئەتراپقا تەلمۈرەتتى. كۆپ ئۆتمەي ئەكبەرنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى كارىۋات يېنىدا ئېسەدەپ يىغلاۋاتقان سەلىمىگە كېلىپ توختىدى، ئاندىن لەۋلىرى تىترەپ گەپ قىلىشقا تەمشەلدىيۇ، ئاۋازى چىقمىدى. ئاخىرى زەئىپ ئاۋازدا:

— سەلىمە، ئا...نام ... ئانامغا... ياخشى ... دېگەن بىر ئېغىز سۆزنىلا ئېيتىپ چەكچىيىپ پېتى قېتىپ قالدى، ھەممەيلەن پاتپاراق بولۇپ كېتىشتى. دوختۇر ئەپسۇسلىنىپ بېشىنى چايقاپ، ئەكبەرنىڭ ئوچۇق قالغان كۆزىنى يۇمدۇرۇپ قويدى. بۇ ئىشتىن ئۆز سېزىمىنى يوقىتىپ قويغان سەلىمە ئۈن-تىنسىزلا ئولتۇرۇپ قالدى.

ۋەقە يۈز بېرىپ بىر-ئىككى كۈن ئىچىدىلا جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈشىدىن كېيىن، ئەكبەرنىڭ جەسىتى يۇرتىغا ئېلىپ كېتىلدى. مەكتەپ ئىچىدە بىر قانچە

كۆڭلەرگىچە ھەرخىل غۇلغۇلىلار ۋە بۇ ئىش توغ-
رىسىدىكى پەرەزلەر تۈگىمىدى: بىرسى يېقىن
ئۆتىمىدىغان بىرسىنىڭ قىلغان ئىشى دېسە،
يەنە بەزىلەر ئەكبەرنىڭ رەقىبى
بولۇشى مۇمكىن، دەپ قىياس قىلىشاتتى.
سەلىمە كۆزىنى يۇمۇپ ئاچقىچە يۈز بەرگەن
بۇ ۋەقەدىن خۇددى يوقىتىپ ھېچنەرسىنى
ئويلىيالمايتتى. بۇرۇنقى كۈلكە تىمەيدىغان
كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان، قاشلىرى تېخىمۇ
ئالدىغا چىققان، ئىششىقلىپ، پۈتۈن چىرايى
ئۆزگىرىپ باشقىچىلا بىر سەلىمىگە ئايلىنىپ
قالغانىدى. ئادەمنى ئىچىندۇرۇپ ھەس-
رەتتە قويىدىغان بۇ پاجىئە ئۇنىڭ تەسەۋ-
ۋۇرىغا سىغمىغاچقا، بەزىدە بۇنىڭ بىر قور-
قۇنچلۇق چۈش بولۇپ قېلىشىنى، ھېلىلا
ئويغىنىپ بۇ ئازابتىن خالاس بولۇپ كې-
تىشىنى ئويلايتتى. بىراق ھەر قانچە قىلسىمۇ،
نامەلۇم بىر سەزگۈ بۇلارنىڭ ھەقىقەت ئىكەن-
لىكىنى ئۇقتۇرۇپ، خۇددى بىر قورقۇنچ-
لۇق ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇ-
لاتتى. ئۇ ۋىجدانىنىڭ ئۆزىگە قويۇۋاتقان
مۈشكۈل سوئاللىغا جاۋاب تېپىش
ئۈچۈن توختىماي باش قاتۇ-
راتتى. «قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇنىڭدىن
ئايرىلىپ ياشاش مۇمكىنمۇ؟ ناۋادا قىزلىق
ئەقىدىسى بويىچە ئەكبەرنىڭ ئانىسىنىڭ
خىزمىتىنى قىلىپ ياشىسىچۇ؟ بۇنىڭغا جەم-
ئىيەت يول قويارمۇ؟ ياق، ياق، قەتئىي نى-
يەتكە كېلىش كېرەك. ئىككىلىنىشكە بولما-
دۇ. شۇ بىچارە ئانىنىڭ قېشىغا كەتمەكتىن
باشقا ئامال يوق.» سەلىمە چوڭقۇر ئۇھ
تارتىۋەتتى.

سەلىمىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى تاش-
لاپ، ئۆز ئۆيىگە كۆچۈپ كېلىشى بىچارە ئا-
نىنىڭ يۈرەك يارىسىنى ساقايتىپ، شادلىق
ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىغا تولدۇرغان بول-
سىمۇ، مەرھۇم يولدىشىدىن تەۋەرۈك قالغان
بىردىنبىر يۆلەنچۈكىنىڭ ۋاقىتسىز ئۆلۈپ
كېتىشى، ئانىغا قاتتىق تەسىر قىلغاچقا،
بارغانسېرى تاماقتىن، ئۇيقۇدىن قېلىپ تې-
نى ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتاتتى. كۈنبويى جاي-
نامازدىن قوپماي ناماز ئوقۇشنى باھانە قىلىپ،
يوشۇرۇن ھالدا ياش تۆكەتتى. ئالدىدا تۇ-
رۇۋاتقان بۇ قىز ئۇنىڭغا ئوغلىنىڭ سىماسىنى
ئەسلەتكەچكە، قىزى ھەر قېتىم خىزمەتتىن
قايتقاندا، ئوغلىمۇ بىرگە كىرىپ كېلىدى-
غاندەك چۆچۈپ قارايتتى.

سەلىمىنىڭ ئازابىمۇ ئانىسىنىڭكىدىن
قېلىشمايتتى. ئانا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئۇلۇغ،
ئەڭ مۇقەددەس! تەۋەرۈك، ئانىنىڭ تىنىق-
لىرى ئۇنىڭ دەردلىك يۈرىكىگە زور مەلھەم،
ئۇ ياشاۋاتقان زېمىن، ئۇ تۇرۇۋاتقان ئۆي،
ئۇ دەسسەۋاتقان تۇپراقمۇ شۇنداق. بولۇپ-
مۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەر كۈنى ئەتىگەندە مېھ-
رى ۋاپاسى بىلەن بېرىلىپ قەبرە يوقلاش
چەكسىز بەخت...

سەلىمە شۇ كۈنى ئۇزاق ئويلىدى.
بەختلىك ھەم بەختسىز كەچۈرمىشلىرىنى كۆز
ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئويلىدى، تەھلىل يۈر-
گۈزدى. ئاخىرى ئۇزاق ئويلىنىشلاردىن كې-
يىن، ئانىنىڭ تەلپىگە قوشۇلۇش قارارى-
غا كەلدى-دە، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ
كەتتى.

ئەتىسى سەلىمىنىڭ ماقۇللىقى بىلەن
توي تەييارلىقى باشلاندى. بىچارە ئانىمۇ
ئۈستىدىن ئېغىر بىر يۈك ئېلىپ تاشلانغان-
دەك يەڭگىللەشتى. توي ۋاقتىغا ئاز قالغان
كۈنلەرنىڭ بىرىدە، سەلىمە بىر پارچە خەت
تاپشۇرۇۋالدى. خەت بولغۇسى يىگىتى قەي-
سەردىن كەلگەن بولۇپ، سەلىمىنىڭ جۇدۇ-
نى تۇتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئېرەڭشىمىگەن قى-
ياپەتتە خەتنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى.
قېرىنداش بىلەن يېزىلغان بۇ خەت مۇنداق
باشلانغانىدى:



«سالام قەدىرلىك سەلىمە:

— مەن بۇ خەتنى، ئادەمخور مەخلۇقنىڭ بۇ ئىتىرانامىسىنى كۆركەم ياسالغان قەۋەتلىك بىنالاردا، ياكى بولمىسا مەكتەپ ئىشخانىلىرىدىكى ئازادە ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ ئەمەس، بەلكى تۆت ئەتراپى پىششىق خىش بىلەن قوپۇرۇلغان تۈرمە ئىچىدە ئولتۇرۇپ يېزىۋاتىمەن.

ئاھ، سەلىمە! خېتىمدىن ھېچنېمىنى چۈشەنمەيۋاتىمىزغۇ دەيمەن؟ ياق! چۈشىنىسىز، سىزلا بۇنى چۈشىنىسىز. مەن ھازىر قاتىللىق جىنايىتى ئاشكارىلانغان جىنايەتچى، كىشىنىڭ قاتىلى، دەل سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزنىڭ، شۇنداقلا ئەكبەرنىڭ قاتىلى! ئاھ، جېنىم سەلىمە! بۇلارنى دېمەي ئامالىم يوق. شۇ تاپ ئۆزەمنىڭ قايسى ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىمنى قەغەز ئۈستىدە تەسۋىرلەپ بېرىشىم مۇمكىن ئەمەس، ئىنسانىنىڭ قانداقلىقى دەل سىزنىڭ خاتىرە دەپتىرىڭىزگە يېزىپ قويۇلغان سوۋېت خەلقىنىڭ مەشھۇر پېداگوگى ۋ. گا. سۇخۇملىنسكى ئېيتقىنىدەك: تەنھا ئۆزى قالغان ۋاقىتتىكى ھالىتىدىلا بىلىنىدىكەن ۋە شۇنداقلا ئۇنىڭدىكى ھەقىقىي ئىنسانىي ماھىيەت ئۇنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى باشقا بىرسى ئەمەس، ئەينەن ئۇنىڭ ئۆز ۋىجدانى باشقۇرغاندىلا نامايەن بولىدىكەن.

قىممەتلىك سەلىمە! خەتنى ئاۋۇتقىنىمنىڭ ئەمدى پايدىسى يوق، قان - زەردابقا تولغان شۇ جاراھەتلىك يۈرىكىڭىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمىسىمۇ، ھالاكەت گىردابىغا ئىتتىرىلگەن شۇ پەيتلەردە بۇ خەتنى يازماسلىققا ئامالىم بولمىدى. بىلىمەن، سىز مېنى كەچۈرمەيسىز. بۇ رەزىل قىلمىشىمنى ئاڭلىغان ھەر قانداق بىر ئىنسانمۇ مېنى كەچۈرمەيدۇ. ئاللا سىزگە مەدەت بەرسۇن، يېڭى بەخت نېسىپ قىلسۇن!

مەن سىزگە ھەرگىزمۇ يۈز كېلەلمەيمەن، خەير، سىزگە يېڭى بەخت تىلەپ:

رەزىل ساۋاقدىشىڭىز قەيسەردىن.»

سەلىمە خەتنى ئوقۇپ، ياغاچتەك قېتىپلا قالدى، پۈتۈن ۋۇجۇدى قانچە ئاي، قانچە كۈنلەردىن بېرى ئۇنىڭ يۈرىكىنى غاجىلاپ يەۋاتقان قۇرۇت بىردىنلا كۈچلۈك يىلانغا ئايلىنىپ، ئىچ - باغرىنى تىرە - پىرەن قىلىشقا باشلىغاندەك ماغدۇرسىزلىنىپ كەتتى. كۆزلىرى جانسىز ھەيكەلنىڭ كۆزىگە ئوخشاپلا قالدى. كۆكىرىپ كەتكەن لەۋلىرى توختىماي تىترەيتتى. ئۇ دەلدەڭشىپ سىرتقا قاراپ ماڭدى. شۇ تاپ ئۇنىڭ دەردلىك يۈرىكىدىن ئۇرغۇغان غەزەپلىك بىر نىدا جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرمەكتە ئىدى…

مۇھەممەتتۇرسۇن ئەھەت




(ھېكايە)

ئادالەتنى خىرلىما تېرىك تۇرۇپ ئۆلسەن،
مۇھەببەتنى خىرلىما چىرىپ يۈرۈپ ئۆلسەن.
— ئەلىيا بەختىيا

ئوچۇق دېرىزىدىن شۇڭغۇپ چۈشكەن تولۇن ئاينىڭ كۈمۈشسىمان نۇرلىرى ئىككى قولى بىلەن ئېڭىكىنى تىرەپ چوڭقۇر خىيالغا پاتقان لالەنىڭ يۈز-كۆزلىرىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى.

ئاجايىپ-غارايىپ ھايات قىسمەتلىرىگە دۇچار بولغان، ئىنسانلار ئارىسىدا ئۆزىنى «ئادەم» ھېسابلاپ يۈرگەن تېرىك مۇردىلارنىڭ سۇيىقەست، ھىيلە-مىكىرلىرىنى ئۆزىنىڭ پاك سۆيگۈسى ئارقىلىق بەربات قىلىپ، ھايات قەسىرىنى غۇبارسىز جاۋاھىراتلار بىلەن قوپۇرۇۋاتقان بۇ چوكاننىڭ شۇ تاپتىكى پىكىر-خىيالى ناھايىتى چىگىش، مۇرەككەپ ئىدى.

— توۋا، — دەيتتى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپ، — بەزى ئادەملەر نېمانچە پەسكەشلىشىپ كېتىدىغاندۇ؟ ئۇلار ھاياتنى، دوستلارنى، سۆيگۈ-مۇھەببەتنى قەدىرلىشى ۋە ھۆرمەتلىشى كېرەك ئەمەدىغۇ؟ ئىنسان ئۈچۈن يارىتىلغان پاك سۆيگۈنىڭ ئەشتەۋازلىرى بولۇشى كېرەك ئەمەدىغۇ؟ بىراق، ئۇلار نېمىنى ئويلاۋاتىدۇ؟ نېمىنى قىلىۋاتىدۇ؟ ئۆزىنىڭ قىسقا، لېكىن بىباھا ھاياتىنى ئازغىنا جىسمانىي لەززەتنىڭ قۇلى قىلىپ، خارابلاشتۇرۇپ چەيلەۋاتىدىغۇ؟ بۇلارنى سۆيگۈ ئىلاھىنىڭ كۆزى كۆرمەمدىغاندۇ؟

ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، مۇستاپا ياتقان ھوجرىغا قاراپ ماڭدى. قەلبىدىكى دولقۇنلۇق ھېسسىياتنىڭ گاھ كۆتۈرۈلۈپ، گاھ پەسىيىشى بىلەن لالەنىڭ ۋۇجۇدى ياپراقتەك تىترەۋاتاتتى.

ئۇ ئىشىكنى قىيا ئېچىپ، ھوجرىغا قارىدى. مۇستاپا تېخى ئۇخلىمىغانىدى. مۇستاپا ئۆي ئىچىنى ئاپئاق يورۇتۇۋەتكەن

نېئون لامپا يورۇقىدا بىر دىلەپ كىتاب كۆرۈ-
ۋاتاتتى. لالە ئۇنىڭ دىققىتىنى بۇزماسلىق
ئۈچۈن دەرھال ئارقىغا ياندى - دە، دالان
ئۆيگە چىقىپ يېزىق شىرەسىگە ئولتۇردى.
ئۇنىڭ كۆزىگە ھېلىلا ئۆزى ئوقۇپ چىققان،
يۈرىكىنى ئامبۇردەك قىسىپ، چەكسىز ئازاب،
خورلۇق دېڭىزىغا غەرق قىلىۋەتكەن بىر
پارچە خەت چۈشتى.

ئۇ خەت مۇنداق يېزىلغانىدى:

«قەدىرلىكىم لالە، ياخشىمۇ سىز؟ يۈرىكىمە-
دىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان سۆيگۈ فونتانىنى سىيا
قىلىپ، سىزگە بولغان چەكسىز مېھرى - مۇھەببە-
تىمنى قەغەز بېتىگە تىزىپ، مۇنۇ مەكتۇپنى يازـ
دىم. بەلكىم بۇ مەكتۇپ قولىڭىزغا تېگىشى
بىلەن، ۋۇجۇدىڭىزدىكى غەزەپ ئوتلىرى تې-
خىمۇ ئۇلغىيىپ بۇ مەكتۇپنى كۆيدۈرۈپ تاش-
لىشىڭىز، ئىشىق بالاسىغا مۇپتىلا بولغان
پەقىرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ ئالماسلىقىڭىز مۇم-
كىن. ئۇنداق قىلماڭ، خېتىمنى ئاخىرغىچە
سەۋرى قىلىپ ئوقۇڭ.

قەدىرلىكىم، تەن يارىسىدىن دىل يا-
رىسىنىڭ يامانلىقىنى ئەمدى تېخىمۇ ئېنىق
چۈشىنىۋاتىمەن. مېنىڭ سۆيگۈگە چاڭقاق چاك-
چاك قەلبىم پەقەت ۋە پەقەت سىز بى-
لەنلا ئېمىن تاپاتتى. بۇنى مەن سىزگە تالاي
قېتىم ئىزھار قىلغانىدىم. بىراق سىز نەپ-
رەتلىك كۆزلىرىڭىز بىلەن دىل خانەمنى يارا
قىلىپ، ۋۇجۇد تاغلىرىمنى پارە قىلىپ تاش-
لىدىڭىز. شۇنىڭ بىلەن ئىشىق ئوتى ئۈستىگە
بېنزىن چاچتىڭىز، ئۇ ياندى، مېنى كۆيدۈر-
مەكتە. بەلكىم پات ئارىدا كۈلگە ئايلىنار-
مەن، بۇ دۇنيا بىلەن ئەبەدى خوشلىشارمەن،
بارلىق يورۇق دۇنيا مەئىشەتلىرىدىن رىس-
قىم ئۈزۈلەر، غەم - قايغۇ، ئازابلاردىن بىر
يولى قۇتۇلۇپ خاتىرجەم ياتارمەن. بىراق،
مەن يەنىلا ئۈمىدۋارمەن. ئۈمىد كۆچىتىم
سىزنىڭ مېھرىڭىز بىلەنلا ياشىرىپ كۆكلەي-
دۇ. ئاھ ... مەن نېمىلەرنى دەپ كەتتىم؟

مېنى كەچۈرۈڭ، گەپلىرىم چۇۋالچاق بولۇپ
كېتىۋاتىدۇ. چۈنكى، مەن ھازىر بىر سەۋدايى
مەجنۇن، شۇڭا سۆزلىرىم تاققۇ - تۇققا. بۇ
مەن ئۈچۈن ھازىرچە ئەيىب ئەمەس! قەدىر-
لىكىم، مەن سىزنى سۆيىمەن، سىز ئۈچۈن يا-
شاپ، سىز ئۈچۈن ئۆلۈشتىن ئارتۇقراق بۇ
دۇنيانىڭ لەززىتى ماڭا يوق! سىزنىڭ گۈل
خېجىل، ئاي رەشىك قىلغۇدەك تەڭ-
داشسىز گۈزەل چېھرىڭىزنىڭ ئەشۇ
بىر كېرەكسىز مەجرۇھنىڭ قولىدا سولىشىپ
كېتىشىگە چىداپ تۇرالمايمەن. ئۇنىڭ نەرى
سىزنى شۇنچىۋالا ئەسىر قىلىۋالغان بولغىي-
تى؟ بەلكىم بۇمۇ تەقدىرنىڭ ئىشىدۇر. قە-
دىرلىكىم، سۆيگۈ شۇنداق نەرسىكەن. ئۇ،
ئىنسانلارنى ھەر كويلارغا سېلىپ، ياخشىنى
يامانغا چاتىدىكەن. شۇڭا، بۇ دۇنيا تەڭ-
شەلمىگەن ئىكەن.

ئاھ ... سۆيگۈ گۈلۈم سېنىڭ قەلب باغىڭدا
ئېچىلسا، نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى - ھە؟!

جېنىم! سىز مېنىڭ ھاياتىم، ئىلاھىمسىز!
مانا، خەتنى داۋاملاشتۇرالمىدىم. كۆۋەجەپ
دولقۇنلىغان ھېسسىياتىم قەلەم تۇتۇش ئىخ-
تىيارىمدىن مەھرۇم قىلىۋاتىدۇ. جېنىم! مې-
نىڭ شۇتاپتىكى ھالىتىمنى كۆز ئالدىڭىزغا كەل-
تۈرگىن، پارە بولغان قەلبىمنى چۈشەنگىن.
مەن سېنى مەڭگۈ بەختلىك قىلىمەن. مەيلى
سەن ھازىر توي قىلىپ بولغان بولساڭمۇ، مەن
ئۈچۈن يەنىلا مېنىڭ قىزدىن ئەۋزەلسەن! جا-
ۋابىڭنى كۈتۈپ:

چاپپار

1987- يىلى 24- ئاۋغۇست»

لالە بېشىنى ئاستا كۆتەردى، بولاق قىرىدىن تاشقان سۇدەك لىققىدە تەپچىگەن كۆز يېشى قويۇق، ئۇزۇن كىرپىكلىرىگە ئېسىلىپ لىغىرلاپ قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئاچا يېرىپ ۋەھىمە بىلەن سوقۇپ كەتتى. چېھرىدىن غەزەپ-نەپرەت ۋە ئېچىنىش ئالامەتلىرى ئەكس ئەتتى، ئۇ چىدالمىدى، چاپپارنىڭ بۇ خورلىقىغا زادىلا چىدالمىدى. قولىغا قەلەم ئالدى:

« چاپپار، ياخشىمۇسىز؟ ئەسلى مۇنداق ھال سوراش ئىرادەمگە خىلاپ بىر ئىش ئىدى. بىراق ئۆزەمنىڭ بىر ئادەم ئىكەنلىكىمنى تونۇتقان ئىنسانىي خىسلىتىم، مېنى شۇنداق دېيىشكە دالالەت قىلدى.

شۇ مىنۇتتىكى غەزەپ-نەپرىتىمنى قەغەز بېتىگە تىزىشقا ئاجىزمەن، ھەم ئۇنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن. كونىلار: ‹ پىلنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقىنى يەڭگەن باتۇر › دېيىشكەن، خەيرىيەت، مەن ئاچچىقىمنى يۇتۇپ سۆزۈمنى باشلاي.

چاپپار، ئەسلى سىزگە مۇنداق خەتنى يازماقچى ئەمەس ئىدىم. سىزنىڭ ئۆز قىلمىشىڭىزنى تونۇپ، ھەقىقىي ئىنساندەك ياشىشىڭىزنى تولىمۇ ئۈمىد قىلاتتىم. ئازغۇنلۇق تورىغا ئىلىنىشىپ قالغان كىشىلەرنىڭمۇ ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ، توغرا يولغا ماڭالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. بىراق سىز ئويلىغىنىمدەك بولۇپ چىقمىدىڭىز. ئىنسان تۆرەلگەنىكەن، ياشىشى، ياشاش ئۈچۈن مېھنەت قىلىشى، شۇ ئارقىلىق، پاك سۆيگۈ-مۇھەببەتتىن ئېسىل شەربەتلەر ئىچىپ، ھاياتنى پەيزىنى سۈرۈشى كېرەك ئىدى. بىراق، سىز ئۇنداق قىلمىدىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ يورۇق دۇنيادا، مۇشۇ پاك-غۇبارسىز ئانا تۇپراقتا ياشاپ يۈرگەن ئىدراكلىق ئادەم ئىكەنلى-كىڭىزنى ئۇنۇتتىڭىز. باشقىلارنىڭ سەممىيە قىزغىن كۆيۈنۈشىگە پەسكەش خىيانەت بىلەن جاۋاب قايتۇرماقچى بولدىڭىز. تېخىمۇ ئەندەك بىر ئاجىزەنىڭ ياشاش يولىنى تو-راپ، ۋەيران قىلىشقا قەست قىلىۋاتىسىز (بۇرۇنمۇ مۇشۇنداق قىلغانىدىڭىز). سىز نېمە دېگەن نومۇسسىز ئادەم-ھە؟!

چاپپار، قىسقىسى، مۇشۇ خەتنى يېزىشقا ئۆزىڭىز مەجبۇر لىدىڭىز، بۇمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بولدى. قېنى، خېتىمنى ئەشۇ سىتۇدېنتلىق ھاياتىمدىن باشلاي: ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىپ، سىتۇدېنتلىق ھاياتىنى باشلىغان تۇنجى كۈنى، سىنىپ مۇدىرىمىز ھەممە ساۋاقداشلارنى سىنىپقا يىغىپ، بىر-بىرلەپ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇشقا دەۋەت قىلدى. بىرىنچى بولۇپ ئوڭ تەرەپتىكى ئورۇندا ئولتۇرغان ئېگىز بوي، موكا يۈز، زامانىنىڭ ئەڭ يېڭى مودا كىيىملىرى بىلەن كىيىنگەن بىرسى ئۆزىنى تونۇشتۇردى:

— ئىسمىم چاپپار (بۇ سىز ئىدىڭىز)، $K$ ناھىيىدىن، دادام ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ئانام ناھىيىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى، ئۆزەم ۋالىبولغا قىزىقىمەن. ئۈچ-تۆت قېتىم ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلارتەرىپىدىن مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەتچى بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلانغان...

ئەجەبلەندىم، چۈنكى سىز ‹ باشلىق ›، ‹ مۇكاپاتلانغان › دېگەن سۆزلەرنى ئالاھىدە تەلەپپۇز بىلەن ئېيتتىڭىز. مەن باشقىلارنىڭ يۈز-ئابرۇيىنى، مال-مۈلۈك، دەپى-دۇنياسىنى، ئارتۇقچىلىق ۋە ئەمەل-مەنسەپلىرىنى پەش قىلىپ، قۇرۇق تېرە تاراقشىتىشقا ناھايىتى ئۆچ ئىدىم.

— سىز...، — دېدى مۇئەللىم سىزنىڭ يېنىڭىزدا ئولتۇرغان يۇمۇلاق يۈز، قاراقاش، ئوڭ مەڭزىدە تولىمۇ ياراشقان بىر تال مېڭى بار، گەۋدىلىك، خىيالچان، لېكىن ئادەتتىكىچە كېيىنگەن بىر بالىغا قاراپ. مۇئەللىمنىڭ قارىشىدىن تەمتىرەپ قالدىمۇ ياكى ساۋاقداشلىرىدىن تارتىنىپ قالدىمۇ، ئەيتاۋۇر، ئۇ بالا ھوپپىدە قىزىرىپ، سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن:

— ئىسمىم مۇستاپا، ئالمەت يېزىسىدىن، ئانام ئۆيدە، دادام... — ئۇ دۇدۇقلاپ قالدى.

ھەممەيلەن ئۇنىڭغا تىكىلدۇق. بىراق، سىز ئۇنىڭدىن سەسكەنگەندەك بۇرنىڭىزنى باشقا ياققا بۇراپ مەنسىتمەسلىك نەزەرى بىلەن كىدىيىپ ئولتۇردىڭىز. ئىككى تامچە ياش چاناقلىرىدا لىغىرلاپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يېشى غۇبارسىز تاڭ نۇرى بىلەن يالتىراپ تۇرغان گۈل بەرگىدىكى پاك شەبنەمگە ئوخشايتتى.

مۇئەللىم بىر ئىشنى سەزدى بولغاي، گەپنى باشقا ياققا بۇردى:

— قانداق ئالاھىدىلىكىڭىز بار؟

— ھە... مېنىڭ ئالاھىدىلىكىم يوق.

مۇئەللىم ئۇنىڭغا ھەيران بولغان ھالدا تىكىلدى:

— ئوكام، ھەر قانداق ئادەمنىڭ كىچىككىنە بولسىمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. سىز تارتىنماڭ! بىز مەكتەپتە ئۆتكۈزىدىغان تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىگە قاراپ ئورۇنلاشتۇرىمىز.

— ھە... م... مېنىڭ، ھە...ھە... مەن شېئىر يېزىشقا ھەۋەس قىلىمەن.

«ھە؟!» يۈرىكىم «قارتتىدە» قىلىپ كەتتى. مەن بىر خىل گۇمانسىراش بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدىم. مەن ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ھەۋەس قىلاتتىم. بولۇپمۇ، شېئىر مېنىڭ ھاياتىمدا كەم بولسا بولمايدىغان مەنىۋى ئوزۇقۇم ئىدى. مەن ناتونۇش بىر شائىرغا ناھايىتى قايىل ئىدىم. گېزىت — ژۇرناللاردا «مۇستاپا مۇھەممەدى» ئىسىملىك ئاپتورنىڭ شېئىرلىرىنى قويماي سۆيۈپ ئوقۇيتتىم. چۈنكى، بۇ شائىر مېنىڭ قەلبىمدىكىنىلا تاپاتتى. ئۇنىڭ يارقىن، ئوبرازلىق، لىرىك شېئىرلىرىنى ئوقۇسام، شېئىردا يېزىلغان شۇ مۇھىت، شۇ شارائىت مېنى خىيال قوينىغا ئېلىپ، دىلىمنىڭ نازۇك تارلىرىنى سازلايتتى. شۇڭا مەن ئۇنىڭغا غايىۋانە ھېرىس ئىدىم ۋە ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكى سىماسى مېنى ياشلىقنىڭ تاتلىق سۆيگۈ قوينىغا باشلاپ كېتەتتى... «شۇمىدۇ؟!»، كاللامدا پەقەت شۇ سۆزلا ھۆكۈمران ئىدى.

ئاخىرىچە مۇئەللىم سورىدى:

— مەتبۇئاتلارغا ئەسەر بەرگەنمۇ؟

— ھەئە.

— «مۇستاپا مۇھەممەدى» سىز بولامسىز؟

— ھەئە.

— ياخشى، ياخشى! — دېدى مۇئەللىم ھاياجىنىنى باسالماي.

ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ھەۋەس بىلەن تىكىلدۇق (پەقەت سىزلا ئۇنىڭ سىرتىدا)...

ئارىدىن بىر يىل ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كەتتى. سېنتەبىر ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرى، بىز دەرستىن چۈشۈپ ھەر قايسىمىز ئۆز ئىشلىرىمىز بىلەن بەنت ئىدۇق.

مۇستاپاچۇ؟ مېنىڭ بىر يىل بۇرۇنغا يىۋانە ھەۋەسلەنگەن، ئەمدىلىكتە بولسا تەقدىرنىڭ سىرلىق شامىلى ئۇچۇرۇپ كېلىپ، بىر سىنىپتا ئوقۇشقا مۇيەسسەر قىلغان مۇستاپا يەنىچۇ؟

ئۇ، مەكتەپنىڭ شەرقىدىكى گۈللۈكتە يالغۇز ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرەتتى. ئۇنىڭ (ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز) كىتابتىن ئېزىز كۆرىدىغان ھېچقانداق نەرسىسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئەشۇ خىيالچان بىر جۈپ ئۆتكۈر كۆزلىرى ماڭا گويا ھايات يولىدىكى نۇرلۇق ماياكتەك بىلىنەتتى. ساددا تەقتى - تۇرقى مۇستەھكەم چىناردەك كۆرۈنەتتى.

شۇ كۈنلەردە (ئۆزەمۇ بىلمەيمەن)، ئاجايىپ بىر نازۇك ھېس ئىلكىدە قالدىم. قانداقتۇ يوشۇرۇن رىشتە مېنى مۇستاپانىڭ يېنىغا بېرىشقا ئۈندەيتتى، بەزىدە مەن ئۇنىڭغا يوشۇرۇن قاراپ خىيالغا كېتەتتىم.

سۆيگۈ تەشنالىقىدا تۇتاشقان ئوت بىلەن لاۋادەك يانغان ئوتاۋۇق جىسمىم ئۇنىڭ قۇچىقىدا غايىۋانە لەززەتلىنەتتى.

بىر كۈنى مەن ئۇنىڭ قارشىدا ئولتۇرۇپ، ئىككى قولۇم بىلەن ئېڭىكىمنى تىرەپ خىيالغا كېتىپتىمەن. ئۇ، مېنى كۆرۈپ يېنىمغا كەپتۇ:

— لالە، نېمىنى خىيال قىلىۋاتىسىز؟

مەن بۇ تونۇش ئاۋازدىن چۆچۈپلا ئېسىمگە كەلدىم - دە، ئۇنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ:

— ھېچ ... ھېچ ...، - دېگىنىمچە گەپ قىلالماي قالدىم. پۈتۈن بەدىنىم قىزىشىپلا كەتتى.

ئۇ، كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى:

— لالە، شېئىرنى ياخشى كۆرەمسىز؟

مەن ئۇشتۇمتۇت قوزغالغان ئىچكى ھاياجىنىمنى باسالماي:

— ياخشى كۆرىمەن، ياخشى كۆرىمەن، ھەممىدىن سىزنىڭكىنى ... - دەپ سالغانلىقىمنى تۇيماي قاپتىمەن. مەن قاتتىق ئوڭايسىزلاندىم.

شۇ چاغدا بىزنىڭ سۆھبىتىمىزنى سىز ئۈزۈپ قويدىڭىز:

— ھە، «ئاشىق - مەشۇق» لار نېمىلەر ئۈستىدە سۆھبەتلىشىۋاتىمىلەر؟

بۇ سۆزىڭىزدىن مۇستاپانىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلگەن چېغى:

— چاپپار، نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسەن؟! - دەپ ۋارقىرىدى.

شۇ چاغدا مېنىڭ نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىمنى بىلەمسىز؟ ئەسلىدە مەن سىزگە دەككە بەرمەكچى، تاللاپ رەسۋايىڭىزنى چىقىرىپ تاشلىماقچى ئىدىم. بىراق مۇستاپادىن ئويىلىدىم، ئۇنىڭ ئالدىدا بىئەدەبلىك بولمىسۇن دەپ، ئۇشۇق گەپ قىلمىدىم. مۇستاپانىڭ سۆزىدىن چۆچىدىڭىزمۇ ياكى مېنى رەنجىتمىشنى خالىمىدىڭىزمۇ ئەيتاۋۇر، گەپ - سۆزسىزلا كېتىپ قالدىڭىز، بىزمۇ ئۈنسىز ئايرىلدۇق.

شۇندىن كېيىن، سىز ماڭا باشقىچە قارايدىغان بولۇپ قالدىڭىز. بۇ قارشىڭىز ماڭا نىسبەتەن قاتتىق ھاقارەتتەك بىلىنەتتى، سىز ماڭا ھەر قېتىم تىكىلگەندە، سىزنىڭ ئاجايىپ كۆكۈش نۇرلارغا بۆلۈنگەن چېقىر كۆزلىرىڭىز يامان نىيىتىڭىزنى بىلدۈرۈپ قوياتتى. قارا كۆڭلىڭىزنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى مانا مەن دەپلا ئاشكارا قىلاتتى. بۇ چاغدا مېنىڭ غەزىپىم تېخىمۇ ئۆرلەيتتى. چۈنكى، مەن خالىسا كۆلگە، خالىسا چۆلگە تاشلىسا بولىۋېرىدىغان ھېسسىز داڭگال ئەمەس - تە؟! سىزگە ئەگەر ساۋاقداشلىق يۈز خاتىرىسىنى دېمىسەم، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلغۇم يوق ئىدى. ھەتتا، سىزنىڭ سىمايىڭىزنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈش مەن ئۈچۈن يىرگىنىشلىك ئىدى. شۇ ۋاقىتتىكى ئەشۇ يوشۇرۇن ئازابىمنى سىز بىلەتتىڭىزمۇ؟ ئەلۋەتتە بىلمەيتتىڭىز. (شۇ ۋاقىتتا) مېنى

ئەگىپ كېتەلمەي ئۈمىد كۈتۈپ يۈرۈۋېرەتتىمىز. مەن سىزنىڭ ئارزۇلىرىڭىزنى قانداقمۇ رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشتا قادىر بولالاي؟ سىزنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىڭىز، قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭىز ماڭا بەش قولدەك ئايان! سىزنىڭ مېنىڭ قاپقارا ئەگىم قاشلىرىم، بۇلاقتەك تىنىق كۆزلىرىم، جىنەستىدەك لەۋلىرىم، ئاي خېجىل گۈزەل ھۆسن جامالىم، پەرى سىياق زىلۋا قامىتىم ...... نىڭلا مەھلىياسى ئىدىڭىز. ئاھ، بۇنداق ئاشىققا قانداقمۇ كۆڭۈل بەرگىلى بولسۇن؟ ئادەملەرنىڭ بىرىنى ياخشى كۆرۈشى ئۇنىڭ سىرتقى قىياپىتى، سالاھىيىتى، باشقىلار بىلەن بولغان بىر دەملىك ئىللىق مۇئامىلىسى . ئۈستىگە قۇرۇلسا، دۇنيانى ئەخمەقلار بېسىپ كەتمەسمىدى؟! ئەگەر شۇنداق بولىدىكەن، دېگەندە «سۆيگۈ» دېگەن بۇ ئۇلۇغ، سەلتەنەتلىك ئىبارىنى قانداقمۇ ئېغىزغا ئالغىلى بولسۇن؟

بىلىمەن، مېنىڭ قەلبىم بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل بۇرۇنلا غايىۋانە بىر سىماغا تەلپۈنگەن، كۆزلىرىم ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى خىيالىي تەققى - تۇرقىغا تەلمۈرگەن، كۆڭۈل رىشتىم ئۇنىڭغا باغلانغان. ئەمدىلىكتە بولسا ئۇ، كۆز ئالدىمدا رېئال ئادەمگە ئايلاندى، سۆيگۈم تېخىمۇ ئاشتى. سىزنىڭ ئەشۇ بىچارىلارچە تىكىلىشىڭىز، خۇرسەنغان ھالىتىڭىزنى كۆرۈپ تەسىرلىنىپ، سىزنى سۆيىمەن، دېسەم توغرا بولامتىمۇ؟ بەلكىم سىزنىڭچە توغرىدۇ، بىراق بۇ ماڭا ئۆلۈم بىلەن باراۋەر. چۈنكى، سۆيگۈ دېگەن بۇ ئىبارىگە تەڭ تەقسىماتچىلىقنى يولغا قويغىلى بولمايدۇ - دە!

جاپپار، ھېلىقى قېتىم يېڭى يىلنى كۈتۈۋېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى ئېسىڭىزدىمۇ؟ بەلكىم ئېسىڭىزدىدۇ. ئادەمگە ھەقىقىي تەسىر قىلغان بىر ئىش ئۆمۈر بويى ئېسىدىن چىقمايدۇ.

شۇ كۈنى كەچ بىزنىڭ سىنىپ ناھايىتى جانلىنىپ كەتكەنىدى. ساۋاقداشلارنىڭ ۋە مۇئەللىمنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى ياخشى ئىدى. كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى رەسمىي باشلاندى. سىنىپ باشلىقىمىز مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن سىنىپىمىزنىڭ يېقىنقى بىر قانچە ئايلىق خىزمەتلىرى، ئۆگىنىش ئەھۋالىدىن خۇلاسە سۆزى سۆزلىدى.

مەن ئۇشتۇمتۇت ئەندىكىپ كەتتىم. ھوي نېمىشقا بۇرۇنراق دىققەت قىلمىغاندىمەن؟ ھەي ... ي ... ي، يۈرىكىم گويا تۇز قۇيۇلغان ياردەك ۋاژىلداپ ئېچىشىپلا كەتتى. چۈنكى مۇستاپا سىنىپتا كۆرۈنمەيتتى. تەنلىرىم بوشىشىپ، سىنىپتىكى ھەرقانداق سادا قۇلىقىمغا كىرمەيدى، ئىچىم تىتىلداپ زادىلا ئولتۇرالمىدىم. مەن ئەندىشىگە چۈشتۈم. ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟! ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ كىرىپ كەلدى. چىرايى سولغۇن، بىراق كۆزلىرى بۇرۇنقىدەكلا نۇرلۇق ئىدى. مۇئەللىم مۇنبەرگە چىقىپ، جاراڭلىق ئاۋازدا مۇنداق دېدى:

— ساۋاقداشلار، ھازىر كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىمىزنى رەسمىي باشلايمىز. كېچىلىكىمىزنىڭ كۆڭۈللۈك بولۇشى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن مۇستاپانى شېئىر ئوقۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلساق.

سىنىپ بىردىنلا جانلىنىپ، ھەممىمىز گويا شۇ سۆزنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا چاۋاك ياڭرىتىپ، مۇستاپانى مۇنبەرگە تەكلىپ قىلدۇق. مانا، ئۇنىڭ سولغۇن چىرايىغا بىردىنلا قان يۈگۈردى. كۆزلىرىدىن غەلىتىلا بىر يېقىملىق نۇر چاقناپ كەتتى. مۇستاپا مۇنبەرگە چىقتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى ھەممە يەلەنگە بىر-

قۇر تىكىلدى. ئاھ، مەن شۇ تاپتا قانداق ھېستا دېمەمسىز؟ قەلبىمدىكى پەخىرلىنىش تۇيغۇسى ئۆركەشلەپ، ئۇنىڭغا تىكىلىپلا قالدىم. ئۇچۇ؟ ئۇ ماڭا ئوتلۇق مېھرى بىلەن بىر قارىدى-دە، بېشىنى دەررۇ ئەيىبكارلاردەك ئېگىپ، ئۆزىنىڭ قىلغىنىدىن قاتتىق پۇشايمان قىلغاندەك قىزاردى. مەن ئەجەبلەندىم. ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟ نېمىگە شۇنچىۋالا قىزىرىپ كېتىدىغاندۇ؟ نېمە ئۇچۇن ئەيىبكاردەك قىياپەت بىلەن كۆرۈنىدىغاندۇ؟ ياق، ئۇنىڭدا چوقۇم بىر سىر بار.

ئۇ دەررۇ ئۆزىنى ئوڭشىدى. شائىرغا خاس قىياپەت بىلەن ھېسسىيات دولقۇنىغا ئەپەككۇر قاچىلىرىنى ئۇرۇپ، گۈزەللىك ناۋالىرىنى ياڭرىتىشقا باشلىدى:

سۇبھىدەم پەردەك ئاچقاندا جامال،
تاڭ قىزى ناز بىلەن كېلەر ئەبرىشىم.
ۋۇجۇدۇم، سۆيگۈسى ئۇنىڭغا قامال،
بىر ئۇمىد ئىچىدە خىيال سىردىشىم.

زەر ئۇپۇق باغرىدىن تۇغۇلسا قۇياش،
زېمىندا چايقىلار نۇرلار دېڭىزى.
رەڭ ئالار كائىنات يۈزى بىر ئوتقاش،
قەلبىمدە قالدۇ نۇرلارنىڭ ئىزى.

ئاھ مېھرىم تاڭ نۇرغا رەڭداش ۋە لېكىن،
شۇلارنى ياراتقان ئىنسانلىق سۆيگۈم.
يۈرىكىم لاۋاغا تۇتاش ۋە لېكىن،
سۆيگۈنىڭ ئوتىدا كېلىدۇ كۆيگۈم.
..............................

مېنىڭ شۇ مىنۇتتىكى ھېسسىياتىمنى تىل بىلەن ئىپادىلەشكە ئاجىزلىق قىلىمەن. قىسقىسى، مەن ئۇچۇن بۇ دۇنيادا ئەڭ پەخىرلىك ئادەمم—مۇستاپادىن چەكسىز ئىپتىخارلىنىش تۇيغۇسى ۋۇجۇدۇمنى چۇلغىۋالدى. يۈرىكىم دېڭىز دولقۇنىدەك مەۋج ئۇراتتى؛ ھېسسىياتىم تىنىمسىز ئۇرغۇيتتى. گۈل بەرگىدە تاڭ قۇياشىنىڭ زەر نۇرلىرى بىلەن يالتىراۋاتقان تاڭ شەبنەملىرىدەك خۇشاللىق ياشلىرىم مەڭزىمنى بويلاپ سىرغىماقتا ئىدى.

ئېھ سۆيگۈ! سېنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس يالقۇنۇڭ مۇز تاغلاردەك ئېرىمەس قەلبلەرنى ئېرىتىشكە قادىر. سېنىڭ پىنھان رىشتە يىپىڭ دىللارنى مەڭگۈ باغلىغۇچى، سەن مۇھەببەت ئىلاھىنىڭ ئەتىل جەۋھىرى، ھاياتلىق كارۋانلىرىنىڭ يېقىلماس زىل قوڭغىرىقى! دۇپپىلايىڭ ئۇچۇن بىبادا گۆھەرسەن!

— لالە، نېمە بولدۇڭ؟ نېمىشقا يىغلايسەن؟

بۇ تۇيۇقسىز ئاۋازدىن چۆچۈپ يېنىمغا قارىدىم. دوستۇم شېرىن ماڭا ھەيرانلىق ئىلكىدە تىكىلىپ تۇراتتى. مەن دەرھال قول ياغلىقنى ئېلىپ يېشىمنى سۈرتتۈم-دە، مۇنبەرگە قارىسام مۇستاپا يوق. يۈرىكىم ئەمدى ۋەھىمە بىلەن تېخىمۇ قاتتىق سىلىشقا باشلىدى. مەن ئۇياق-بۇياققا قاراپ سىزگە كۆزۈم چۈشتى. سىز گويا ھېچنەرسىدىن خەۋەرسىز كىشىدەك بىغەم، خاتىرجەم قىياپەتتە ئولتۇراتتىڭىز. بىر دەمدىن كېيىن ئۇنالغۇدىن يېنىك تانسا مۇزىكىسى ياڭراشقا باشلىدى. ساۋاقداشلار بىردىن-ئىككىدىن تۇرۇپ تانسىغا چۈشۈپ كېتىشتى. مېنىڭ قۇلىقىمغا نە مۇزىكا، نە باشقا ۋاڭ-چۇڭلار كىرمەيتتى. ئۇنىڭغا زادى نېمە بولغاندۇ؟

مەن دەررۇ ئورنۇمدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتىم. سىرتتىكى سوغۇق ھاۋا يۈزلىرىمگە نەشتەردەك ئۇرۇلاتتى. بىراق بۇ سوغۇق ماڭا تەسىر قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. مېنىڭ

پۇتكۇل ئۆي - خىيالىم مۇستاپانى تېپىشتا ئىدى. ئۇنى ئاخىرى تاپتىم، ئۇ، ۋالىبول مەيدانىدا ئۆزى يالغۇز ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى.

مەن ئاستا ئۇنىڭ يېنىغا باردىم.

— مۇستاپا نېمىشقا قايتىپ چىقتىڭىز؟

ئۇ دەررۇ مەن تەرەپكە يۈزلىنىپ بىر مىنۇتچە سۈكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن:

— بىردەم ئايلىنىپ كېرەي دەپ چىققانىدىم، سىزمۇ قايتىپ چىقىپسىزغۇ؟- دېدى.

مەن قانداق بىر سېھىردىكۈچنىڭ تەسىرىدىنكىن، ئۆزەممۇ بىلمەيمەن، ئىشتىلىپ ھاياجىنىمنى باسالماي، ئۇن - تىنسىز ئۇنىڭ قولىنى تۇتتۇم. ئۇنىڭ قولى مۇزلاپ كەتكەنىدى. ئالقان گۆشلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەيتتى، نەپەسلىرى ئېغىر - ئېغىر ئىدى.

— مۇستاپا قولىڭىز مۇزلاپ كېتىپتۇ،- دېدىم ئىچ ئاغرىتىپ.

— ياق!- دېدى ئۇ مەندىن قولىنى ئاستا تارتىۋېلىپ،- قولۇم ئەمەس، يۈرىكىممۇ مۇزلاپ كەتتى. بىراق مەن باشقىلارنىڭ ئىسسىق ھارارىتىدىن بەھرىمەن بولۇشى ئۈچۈن بەدەل ئورنىدا توڭلاپ قالسام ئارمىنىم يوق. چۈنكى، مەن ئادەم!

مەن تىڭىرقاپ: «مۇستاپا، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟» دەپ سورىدىم.

— بۇ... بۇ...- ئۇ دۇدۇقلاپ قېلىپ، دەررۇ يانچۇقىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ ماڭا تۇتقۇزدى - دە، يۈگۈرگەندەك مېڭىپ قاراڭغۇلۇق قوينىغا سىڭىپ كەتتى. مەنچۇ؟ مەن شۇ مىنۇت چەكسىز خۇشال ئىدىم. چۈنكى، بۇ تالاي تۈنلەرنى ئۇيقۇسىز خىيال بىلەن ئۆتكۈزگەن ۋە شۇ خىيال سورۇنۇمنىڭ بىردىنبىر ئېزىز مېھمانى مۇستاپانىڭ خېتى - دە!

.مەن چەكسىز خۇشاللىق ئىچىدە، مەيدانىنىڭ چېتىدىكى سىتولبىغا ئورنىتىلغان چىراغ يېنىغا بېرىپ خەتنى ئاچتىم. خەت ئىككى بەتلا بولۇپ، بىرىنچى بېتى مۇستاپانىڭ پۈچۈركىسىغا ئوخشىمايتتى. ئۇ سىزنىڭ پۈچۈركىڭىز ئىدى.

مەن خەتنى ھەيرانلىق ئىلكىدە ئوقۇشقا باشلىدىم:

‹دوستۇم مۇستاپا، مەن ساڭا نېمە دېسەم بولار؟ نېمىلا دېسەم سۆزلىرىمنى ئەقىل تارازىدا جىڭلاپ، پاراسەت ئۆلچىمىگە ئۆلچەپ، خاپا بولمىغايسەن. غەمگۇزار دوستۇم، مېھرىبان ئانامدىن بۇ زېمىنگە تەۋەللۇت قىلغاندىن بۇيان، بۇنداق كۆڭۈل ۋەيرانچىلىقىغا دۇچار بولمىغانىدىم. ھازىر سەۋدايى بولايلا دەپ قالدىم، يېگەن تامىقىم تاماق ئەمەس، كەيگەن كىيىمىم كىيىم ئەمەس. پۈتۈن پىكىر - خىيالىم، كائىناتتىكى پۈتكۈل گۈزەللىك مۇجەسسەملەشكەن يىگانە پەرىلالىدە. ئۇ سېنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ. بۇنىڭغا مەن قايىل. بىراق سەن دائىم باشقىلارنىڭ ھاجىتى ئۈچۈن جېنىڭنى بىر تىنكە تەييار، دەيتتىڭ. دوستۇم، سېنىڭ تېپىلماس ئاقكۆڭۈل يىگىت ئىكەنلىكىڭنى بىلىمەن. ئېھتىمال، سەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانسەن. ئەگەر ياخشى كۆرسەڭمۇ، مەنچىلىك ئەمەسسەن. دوستۇم، مەن ئۇنىڭغا شۇنداق كۆيۈپ قالدىمكى، ھەتتا ماڭغان - تۇرغىنىمنى بىلەلمەي خۇدرەي بولۇپ قالغىلى تاسلا قېلىۋاتىمەن (بۇلارنى بۇرۇن سەندىن سىر تۇتقانىدىم)، ھەتتا بىر كۈنى تاماق يېگىلى ئاشخانىغا بارىمەن، دەپ چىنىمنى كۆتۈرۈپ ھاجەتخانىغا كىرىپ كېتىپ، باشقىلارنىڭ شاڭخۇسىغا قالدىم. مەن لايىگە ئاشىق - بىقارار بولۇپ شۇ

دەرىجىگە يېتىپ يەتتىم. بىراق ئۇ ماڭا قىلچىمۇ ئىلتىپات كۆرسەتمەيدۇ. مېنى كۆزىگە ئىلىپمۇ قويمايدۇ. مەن بۇ ئىشتىن قاتتىق ئازابلىنىمەن، ئەگەر مەن ئۇنىڭ ۋىسالىغا ئېرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولسام ئىدىم، ئۇنىڭغا ئۆمۈر بويى پەرمانبەردار بولغان بولاتتىم ھەم شۇنداق بولۇش ئۈمىدىدە مەن. دوستۇم، ماڭا بىر ياردەم قىلساڭ. ئەگەر تىنىچلىقلا بولۇپ ھاياتلىق دەرياسىدا لەپەڭلەپ ئېقىپلا تۇرىدىكەنمەن، سېنىڭ بۇ زور ياردىمىڭنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن. دوستۇم، جېنىم دوستۇم، مېنىڭ ۋىسالىغا يېتىشىمگە بىر ياردەم قىلغىن. خۇدا ھەققى، بىر ھاجەتمەن دوستۇڭنىڭ كۆڭۈل دەپتىرىدىكى بۇ غارايىپ قىسسەتلەرنى ئوقۇپ، تاڭلا كۈندە بۇ قىسسەتلەرنىڭ ئورنىغا گۈزەل تۇرمۇش، بەختلىك ھايات كارتىنىسىنىڭ تىزىلىشىغا ئازراق ئەمەك سىڭدۈرۈپ قويغايسەن. سېنىڭ ھايات توغرۇلۇق بىلىملىرىڭ ناھايىتى كۆپ، مېنىڭ بۇ سۆزلىرىمنى تەپەككۇر تارازىغا سېلىپ، ئاللىجاناب خىسلىتىڭ بىلەن ئۆلچەپ، مەندەك بىچارە دوستۇڭنىڭ ياشلىق باھارىغا ھىجران ئەجدىھالىرىنىڭ زەھەر چېچىپ، جۇدالىق دىۋىلىرىنىڭ چاڭگال سېلىشىنى كۈتمەي، ۋىسال جامىدا مەي تۇتۇشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن ۋە ئىشىنىمەن.

جاپپار

1984 - يىل، 28 - دېكابىر›

بېشىم گويا يىگىنە سانجىلغاندەك قاتتىق ئاغرىماقتا، قۇلىقىم بىر توپ ھەرە كىرىۋالغاندەك غوڭۇلدىماقتا، تېنىم كەچكۈزدىكى بەرگىدىن ئاجىرىلىش ئالدىدا تۇرغان ئاجىز ياپراقتەك تىترىمەكتە، ۋۇجۇدۇم غەزەپتىن لەرزىگە كەلمەكتە. ھايات شۇنداق: تەڭلىك بىلەن تەڭسىزلىك، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، خۇشاللىق بىلەن قايغۇ، ھېسسىداشلىق بىلەن شۇم غەرەزلىكنىڭ كەڭرى سەھناسى. ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ ھېسسىياتىغا تايىنىپ، باشقىلارنىڭ بۈيۈك مەقسەت بىلەن تاشلىغان قەدىمىنى چۈشەشكە ئۇرۇنغان مەلئۇنلارغا بىريولىلا جازا بېرىلسە، بۇ ھايات قانداق گۈللەنگەن بولاتتى-ھە؟! ياق، ھايات ئاشۇنداق زىددىيەت ئىچىدىلا گۈزەلدۇر. ئاقىللار بىلەن غاپىللار، ئادىللار بىلەن مۇناپىقلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ھاياتنى قانداق تونۇشقا تۈرتكە بولىدۇ. ئۇلار بىر-بىرىنىڭ ئۈستىدىن غالىپ كېلىشكە تىرىشىدۇ، بۇ ئارىلىقتىكى تىركىشىش — كۈرەشتۇر. بۇ كۈرەشتە ئاقىللار بىلەن ئادىللار مەڭگۈ غالىپتۇر. بۇ — ھايات ۋە تارىخنىڭ ئىلمىي يەكۈنى!

كۆز چاناقلىرىمدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان ياش تامچىلىرى شىۋىرغاننىڭ مۇزلىتىشى بىلەن مەڭگۈگە ئازاب سالماقتا. ياش — ئىنسان سەزگۈسىنىڭ غەزەپلىنىش، ئىچ ئاغرىتىش، ھاياجانلىنىشىنىڭ تەندىكى ئەڭ تەسىرلىك ئىپادىسى. ئۇ — ئىنساننىڭ يۈرىكىدىن گويا ئەگىز سۈيىدەك تېمىپ، ۋۇجۇد ھۇجەيرىلىرى ئارقىلىق چاناقتىن تەپچىيدۇ. بىراق، سىرتقا چىقىپلا يەنە شۇ تەننىڭ ئۆزىگە ئازاب سالغىنى نېمىسى؟!

مەن كاللامدىكى پۈتكۈل ئوي - پىكىرنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئىككىنچى خەتنى ئاچتىم:

‹سالام لالە! ئېھتىمال، بىرىنچى خەتنى ئوقۇغان ئىكەنسىز، بۇ خەتنى يېزىشىم ھاجەتسىز بولسا كېرەك. بىراق ئىنسانلىق مېھرى - شەپقىتىم، ۋاپا، مۇھەببىتىم تۆۋەندىكى قۇرلارنى يۈرەك سۆزۈم بىلەن تولدۇ-

رۇشقا مەجبۇرلاپ قويدى. لالە، يۈرىكىمدىـ
كى پىنھان سۆيگۈمنىڭ يەنە شۇ پېتى قېلىـ
شىنى قارار قىلدىم. چۈنكى، بىراۋنىڭ چەكـ
سىز يېلىنىشى، مېنى شۇ قارارغا كېلىشكە مەجـ
بۇر قىلدى. مەن ئادەم، مېنىڭ تۇراقلىق
ئاڭ فورماتىم، مۇقىم تەپەككۇر ئىنتىدارىم
بار. مەن ھەممىنى كۆڭۈل تارازامغا سېلىپ،
ئەقىل تېشىم بىلەن جىگلاپ كۆردۈم. بىراۋ
سىزنى شۇنداق ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ (بۇنى
قايتا قەيت قىلىش ھاجەتسىز بولساكېرەك)،
بىراۋنىڭ ئەنە شۇ ئادەم يۈرىكىنى سىتىدىغان
مەجنۇنچە ھالىتى ئادەمنىڭ شەپقەت ھۆجەيـ
رىسىنى ئويغىتىدۇ. لالە، مېنى كەچۈرۈڭ،
سىزنىڭ مېنى قانچىلىك دەرىجىدە سۆيىدىـ
غانلىقىڭىزنى بىلمەيمەن. قەلب ئەلبومىڭىزدا
پەقەت مېنىڭلا سۈرىتىمنىڭ ساقلىنىۋاتقانـ
لىقىنى بىلمەيمەن. بىراق، ئەمدى سىز بۇ سۈـ
رەتنىڭ ئۈستىگە بىر پارچە ئاق قەغەزنى
چاپلىۋېتىڭ، ئۇ پىنھان سۆيگۈمىزنىڭ گۇۋاھـ
چىسى بولۇپ ساقلىنىپ قالسۇن.

خەير - خوش،

مۇستاپا

1984 - يىل، 30- دېكابىر›

تۇرمۇش — غارايىپ قىسمەتلەر سورۇنى.
ئۇنىڭدىن ئالىملارمۇ، زالىملارمۇ، ئاقكۆڭۈل پەـ
رىشتە سىيا قىلارمۇ، قاراكۆڭۈل يەجۈجى - مەـ
جۈجى سىيا قىلارمۇ ئورۇن ئالغان. بىر ئازاب
مىڭ ئازابنى تۇغدۇرىدۇ، بىر قىياس مىڭ
قىياسنى تۇغدۇرىدۇ. كۆڭلۈم ھەرخىل پىكىرلەر
قاينىمىدا داۋالغۇماقتا. مەن سىرتقا قايسى
ئۈمىد بىلەن چىقتىم؟ نېمىگە ئېرىشتىم؟ ياق،
مانا شۇكۈنكى ئىش سىزنىڭ كۆڭلۈمدىكى
مەۋھۇم سۈرىتىڭىزنى تېخىمۇ يىرگىنىچلىك
بىر مەخلۇقاتنىڭ سۈرىتىگە، مۇستاپانىڭ

رىئال سۈرىتىنى يوقالماس، مۇقەددەس بىر
يارقىن سۈرەتكە ئايلاندۇردى.

كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆتتى. ئىنىـ
سانىنىڭ كۆڭلىگە ئەڭ تەسىر قىلغان (ئۆمەيـ
لى خۇشاللىق ۋە خاپىلىق بولسۇن) ئىشلار
مەڭگۈ ئېسىدىن چىقمايدۇ. مەن پەقەت ئەنە
شۇنداق تەسىرلىك، ئۇنتۇلماس چايلارنىلا
سۆزلەي. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، بەختىمگە يارىـ
شا مۇستاپا بىلەن بىر ناھىيىگە، سىز قوشنا
بىر ناھىيىگە بۆلۈندۇق. مۇستاپانىڭ مۇئاىـ
لىمى ماڭا بىر خىللا بولدى. ئۇ، كۈن -
تۈن كىتابتىن ئىبارەت بۇ مەڭگۈلۈك ئاشىـ
ناسىنى ھەمراھ قىلىپ، كۈنلەرنى ئىجاد -
تەتقىقات بىلەن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. مەن
ئۇنىڭغا كاشىلا قىلماي، دەپ قەلبىمدىكى سۆيـ
گۈمنى پىنھان تۇتۇپ ئۈمىد بىلەن يۈرۈۋەرـ
دىم. سىزچۇ؟ سىز تېخىچىلا رەزىل نىيىتىڭىزـ
دىن يانمىدىڭىز، مۇستاپا بىلەن يېقىن ئۆتـ
تىڭىز، شۇچاغدا سىزنىڭ تۇرمۇشتا قانداق
رەزىل روللارنى ئويناۋاتقانلىقـ
ىڭىز ماڭا بەش قولدەك ئايان ئىدى.
سىز بىزنىڭ ناھىيىگە پات - پات كېلەتتىڭىز،
بۇنىڭ سەۋەبىنى مەن ئوبدان بىلەتتىم. شۇ
چاغدا سىز بۇرۇنقى يولىڭىز بويىچە مۇستاـ
پاغا ئۆزىڭىزنىڭ پاسىق كۆڭلىڭىزنى بىر
قات يېپەك رەختتەك سېلىق، پىلە قۇرۇتىـ
دەك يۇمشاق، خروستالدەك پارقىراق پەردە
بىلەن يېپىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ‹چىن دوستلۇق›
دېگەن ۋىۋىسكىنى يېزىپ، تۈلكىدەك مۇـ
غەمبەرلىك بىلەن قەلبىڭىزنى ئىزھار قىـ
لاتتىڭىز. مېنىڭ كۆزىتىش ئاپپاراتىم بۇ
سۈرەتلەرنى ئەينەن تارتىۋالاتتى. بۇچاغدا
كۆڭۈل ئېكرانىمدىن ئانىسىنىڭ ئاق سۈتىنى
ھالال ئېمىپ، پەزىلەتنى تولۇق يېتىلدۈـ
رۈپ ياشىغان كۆڭلى-قارنى ئاشۇ ئاق سۈتـ

تەك غۇبارسىز، مۇددىئاسى ئىجاد - مېھنەت
خادىملىرىنى يورۇتۇپ تۇرغان سۇبا تىلىق بىر
ئەركەكنىڭ يارقىن سىماسى بىلەن، ئەپتى-
بەشىرىسى چەزىرىلەردىكى ياۋا توڭگۇزدەك
بەت - بەشىرە مەخلۇقنىڭ سۈرىتى ئالمىشىپ
ئۆتەتتى. ئالدىنقىسىغا چەكسىز ھۆرمەت بى-
لەن سۆيۈنۈش ئىلكىدە، كېيىنكىسىگە غەزەپ-
نەپرەت بىلەن قارايتتىم...

يەكشەنبە كۈنى ئىدى. مەن تاڭ سەھەر
ئورنۇمدىن تۇرۇپ، چىرايلىق دەزمايلانغان
يېڭى كىيىملىرىمنى كىيىپ، مۇستاپانىڭ يا-
تىقىغا قاراپ يول ئالدىم. بۇ مېنىڭ ھەر
يەكشەنبە قىلىدىغان بىرىنچى ئىشىم ئىدى.
ھەر يەكشەنبە كۈنى قەلب گۈلزارىمدا ئې-
چىلغان، سۆيگۈ گۈللىرىنىڭ خۇشپۇراق ھى-
دىدىن مەس بولغان ھالدا، مۇستاپانىڭ يا-
تىقىغا كىرەتتىم. كىرەتتىم - يۇ، قەلبىمدىكى
سۆيگۈ ئىزھارلىرىمنى پىنھان پېتى قالدۇ-
راتتىم. چۈنكى ئۇ، بۇ ۋاقىتتا ياكى كىتاب
كۆرۈۋاتقان ياكى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇل-
لىنىۋاتقان بولاتتى. مەن ئۇنىڭ كاللىسىنى
بۆلمەسلىك ئۈچۈن بىرەر - ئىككى ئېغىز سۆز
قىلىپلا خوشلىشىپ چىقىپ كېتەتتىم. بۈگۈن
قەتئىي نىيەتكە كەلدىم. چۈنكى ئۇنىڭمۇ،
مېنىڭمۇ مۇنداق ئازاب ئىچىدە يۈرۈۋېرى-
شىمىزگە بولمايتتى. مەن ئاستا كېلىپ، ياتاق
ئىشىكىنى يېنىك چەكتىم. ئىچكىرىدىن «كى-
رىڭ!» دېگەن، تونۇش، ئەمما مەن ئۈچۈن
قىممەتلىك ئاۋاز چىقتى. مەن «سالام مۇس-
تاپا!» دەپ ياتاققا كىردىم.

— ھە، سىز مىدىڭىز؟ كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ! -
دېدى مۇستاپا، يېزىق ئۈستىلىدىن بېشىنى
كۆتۈرۈپ. مەن ئۇنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا
ئولتۇردۇم. بۈگۈن مەن ناھايىتى جىددىي-
لىشىپ كەتكەنىدىم، سۆزلىرىمنىڭ تازا
قولاشمايتتى.

— مۇستاپا، بۈگۈنمۇ ئارام ئالمىغان
ئوخشىمامسىز؟

ئۇ ماڭا بىر پىيالە قېنىق دەملەنگەن
چاي قۇيۇپ، قولۇمغا تۇتقۇزۇپ تۇرۇپ جا-
ۋاب بەردى:

— شۇنداق، بۈگۈنمۇ ئىشلىدىم. ۋاقىت
ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، قىلىدى-
غان ئىشلىرىمنى تۈگىتەلمەيۋاتىمەن. لالە
مەن سىزگە بىر خۇشخەۋەرنى يەتكۈزەي، خۇ-
شال بولامسىز؟

مەن ئۆز ھېسسىياتىمنى باسال-
ماي «ئەلۋەتتە خۇشال بولىمەن» دەپ
سالغانلىقىمنى تۇيمايلا قاپتىمەن. ئۇ، كى-
تاب ئىشكابىنى ئېچىپ، يېڭى بىر كىتابىنى
ئېلىپ ماڭا ئۇزاتتى - دە، «سىز بۇنى كۆ-
رۈپ بېقىڭ. يېقىندا شىنجاڭ ياشلار - ئۆس-
مۈرلەر نەشرىياتى بۇ كىتابىنى نەشىر قىلىپ-
تىكەن، ماڭا بىرنى ئەۋەتىپتۇ» دەپ، كى-
تابنى ماڭا ئۇزاتتى. چىرايلىق نەقىشلەن-
گەن مۇقاۋىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا «ياشلىق
چۇقانلىرى» دېگەن ھۆسنخەت بىلەن ئۇ-
نىڭ ئۈستىگە يېزىلغان «مۇستاپا مۇھەم-
مەدى» دېگەن ئىبارىلەر كۆز ئالدىمدا ئال-
تۇندەك چاقناپ مېنى مەھلىيا قىلىۋالدى.
ئاھ، شۇ مىنۇتتىكى خۇشاللىقىمنى دېمەمسىز؟
ئۆزۈمنى گويا بۇلۇت ئۈستىدە كېتىۋاتقان-
دەك ھېس قىلدىم.

— ئاھ، ئارزۇ گۈللىرىڭىز ئاخىرى ئې-
چىلىپتۇ - دە!

مۇستاپا بىر جۈپ ئوبچان كۆزلىرىنى
ماڭا تىكىپ:

— ياق لالە، ئارزۇ گۈللىرىم ئېچىل-
غىدەك نېمە ئىش قىلالىدىم؟ پەقەت مېنى
پەيلەپ چوڭ قىلغان، مۇشۇ زېمىن سۆيگۈسي

قوزغاتقان ياش قەلب چۇقان چەشمىلىرىدىن مۇشۇنىڭلا خەلقىمگە تەقدىم ئېيتەلىدىم. بۇ پەقەت دېڭىزغا تامچە قوشۇلغاندەكلا بىر ئىش. قەلبىم سۆيگۈسى گويا بىر ئوكيان، ئۇنىڭغا ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز تۈمەنىڭ سۆيگۈ تامچىلىرى جەملەنگەن. مەن تېخى شۇ سۆيگۈ ئىزھارلىرىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىپ، مۇشۇ خاسىيەتلىك ئېزىدىز، مۇقەددەس ئانا تۇپرىقىمىزنىڭ مېھنىتى دەقىق ئىچىدىمۇ يېلىنجىتىلىدىغان ھارارەتلىك سۆيگۈسىنىڭ يالدامىسىنى قالدۇرماقچىمەن.

مەن ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇنىڭ چىرايى ئانچە چىرايلىق بولمىسىمۇ، ماڭا نېمە ئۈچۈندۇر يېقىملىق، ئۇز كۆرۈندى. بۇ، ئۇنىڭ ماڭا قىلىنغان ئىللىق مۇئامىلىسىمۇ؟ ياق، ئۇنداق ئەمەس، بۇ پەقەت مۇشۇ تەڭرىتاغ باغرىدا تۆرەلگەن، غايە يەلكەنلىرى ئۇممىد دولقۇنلىرىنى يېرىپ كېتىۋاتقان قەيسەر بىر قولۋاقنىڭ يارقىن سىماسى. قىسقىسى، مېھنەتنىڭ كۈچى!

مەن ھاياجىنىمنى تەستە بېسىپ، ئورنۇمدىن تۇردۇم - دە، ئۇنىڭغا قولۇمنى سۇندۇم.

— مۇستاپا، مەن سىزنى تەبرىكلەيمەن، ئەڭ قىزغىن تەبرىكلەيمەن!!!...

— رەھمەت!

مەن غايىۋى كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە ئاخىرى مەقسىتىمنى بايان قىلدىم:

— مۇستاپا، كۈنىڭىز دائىم كىتاب كۆرۈش، شېئىر يېزىش بىلەن ئۆتەمدۇ؟ ئەمدى تارتىنىشقا ماجالىم قالمىدى، تاقەت قىلىشقا تاقىتىم قالمىدى. سىزگە بولغان سۆيگۈسى بىلەن تېنى ئۆرتىنىپ، كۆيۈپ كۈل بولۇشقا تاس قېلىۋاتقان مەندەك بىر ئاجىزەنىڭ كۆڭلىگە نېمىشقا نەزەرىڭىزنى سالمايسىز؟ گۈل بار يەردە تىكەن بار، بىزنىڭ ئارىمىزدا بىر تىكەن بار. بىز ئىشلىرىمىزنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك، ئارزۇيىمىزدىكىدەك بولۇشى ئۈچۈن، بەك ئاقكۆڭۈللۈك قىلىپ، ئارزۇ گۈللىرىمىزنى چەيلىمەيلى!

مۇستاپا، ماڭا بىر ئاز قاراپ تۇرغاندىن كېيىن:

— لالە، چۈشىنىمەن، بىر كىشىنىڭ بىر ئىشقا مۇپتىلا بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ ئىشقىدا سەۋدايىلەرچە كۆيۈپ، قانداق ئازاب تارتىدىغانلىقىنى بىلىمەن. ھازىر ھايات يولۇمدا ئۈچ يول تۇرۇپتۇ. بىرى، بىلىمگە بولغان مۇھەببىتىم يولۇم. بۇ مۇھەببىتىم ھەممىدىن كۈچلۈك، ھەممىدىن مۇستەھكەم. چۈنكى مەن بىر كۈندە بىرەر كىتاب كۆرمىسەم ياكى بىرەر پارچە شېئىر يازمىسام، ئۆزەمنى گويا بۇ دۇنيادا ھېسسىز، مەنىسىز ياشاپ كېلىۋاتقاندەك سېزىمەن. يۈرىكىمنى بىرسى مۇجۇپ تاشلىغاندەك ئازابلىنىمەن. ئىككىنچىسى، سىزنىڭ ماڭا بولغان سۆيگۈڭىز. ئۈچىنچىسى، جاپپارنىڭ ئىشى. بۇ مەسىلە ئەنە شۇنداق. باشقىلارنىڭ ھاجىتىنى قۇربىم يەتسىلا راۋا قىلىشنى ئۆمۈرلۈك ئەھدە قىلىۋالغانمەن. بىراق، ئەمدى مەن بۇ ئەھدىمگە تۈزىتىش كىرگۈزمىسەم بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. مەن خاتا ئەھدە قىلغانىكەنمەن. سىزنىڭ قانچە - قانچە تۈنلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتقانلىقىڭىزنى چۈشىنىمەن. مەن ئەمدى تۇرمۇش ئىشىمنى ئويلاشتىم. توغرا، ماڭا ياردەم قىلىدىغان بىر ھالال جۈپ كېرەك، تۇرمۇش خاتىرجەملىكى ئىجاد گۈللىرىمنىڭ ئېچىلىپ ۋايىغا يېتىشىگە پايدىلىق.

— سىز كىمنى جۆرە تاللىماقچى؟ - دېدىم چۆچۈپ. ئۇ مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ:

— سىزنى، - دېدى.

ئاھ...! قەاب تارىم «سىزنى» دېگەن سۆز زەخـ
ـمەكى بىلەن شۇنداق چېكىلىدىكى، ئۇنىڭ كۆيـ
ـلىرى تېنىمىدىكى بىپايان دالالارنى زىلىزىـ
ـلىگە سېلىۋەتتى. شۇنداق قىلىپ بىز توي
قىلىشقا كېلىشتۇق...

جاپپار، شۇ چاغدا ماڭا بولغان ئۆچـ
ـمەنلىكىڭىز چېكىگە يەتتى. ھەرخىل ئۇسۇلـ
ـچارىلىرىڭىز كار قىلمىدى. ئاخىرى كۆڭلىـ
ـڭىزگە پۈككەن رەزىل ئويلىرىڭىزنى پىنھان
ۋاقىت بىلەن خىلۋەت ئورۇندا ئەمەلگە ئاـ
ـشۇرۇشقا ئورۇنىدىڭىز. جاپپار، ئەمدى
سىزگە مېنىڭ توي بولغان ۋاقتىمىكى ۋە ئۇـ
ـنىڭدىن كېيىنكى خۇشاللىقىمنى بىر - بىرلەپ
بايان قىلىش ھاجەتسىز. ئۇ ئۆزىڭىزگە ناـ
ـھايىتى ئايان. ئەمدى ئەشۇ ۋاپادار كىشىـ
ـنىڭ دوستىنى (سىزنى) ئاسراش يولىدا قانـ
ـداق رەنجى-مۇشەققەتلەرگە دۇچار بولغانلىـ
ـقىنى سەمىڭىزگە سېلىپ قوياي (ئۇنى بىلـ
ـسىڭىزمۇ)، بۇ ئىشنىڭ ئىنسانىي ۋىجدانغا
قانچىلىك تاقىلىدىغانلىقىنى سىز تېخى بىلـ
ـمەيسىز. ھەي...ي، دۆت، دەلدۈشلىكىڭىزنى
قاراڭ! سىزدە ئىنسانىي ۋىجدان، كىشىلىك
غۇرۇر دېگەن نەرسە نېمە ئىش قىلسۇن - ھە؟!

تويىمىز بولۇپ ئىككى ئايدىن كېيىن،
سىز بىزنى «ئالاھىدە تەبرىكلەپ» كەلدىـ
ـڭىز. بىز سىزنى قىزغىن قارشى ئالدۇق.
زاكوسكا ئۈچۈن سەي قىلدىم، ئەسلى مۇنـ
ـداق قىلىشنى زادىلا خالىمايتتىم، سىزنىڭ
ئەشۇ بىر جۈپ چېقىر كۆزلىرىڭىزنىڭ مۇسـ
ـتاپانى ئازدۇرۇپ، ماڭا تىكىلىشى تېنىمنى
شۈركەندۈرۈپ، غەزىپىمنى قوزغايتتى.
مىللىتىمىزنىڭ ئۆيىگە ھەر قانداق ئادەم
كىرىشىدىن قەتئىينەزەر قىزغىن كۈتۈۋېلىشـ
ـتەك ئادىتى يۈزىسىدىن، يەنىلا ئاچچىقىمنى يۇـ
ـتۇپ شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. تاـ
ـماقتىن كېيىن ئازراقتىن ئىچىشتىڭلار، كەچـ
ـلىكى كوچا سەيلىسىگە چىقتۇق (مەن مۇستاـ
ـپانىڭ زورى بىلەن چىقىشقا مەجبۇر بولدۇم).
سىز پىيادىلەر يولىدا مېڭىشقا ئۇنىماي،
چوڭ يولغا چىقىۋالدىڭىز، بىزمۇ سىز بىلەن
مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇق. مۇستاپا ئوتتۇردا،
مەن ئوڭ تەرەپتە، سىز سول تەرەپتە ماڭدۇق،
مەن يۈلتۈزدەك چاقناۋاتقان كوچا چىراغلىـ
ـرىغا، چوڭ يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى بۆككىدە
ئۆسكەن رېدىلەرگە ھەۋەس بىلەن تىكىلىپ
ماڭدىم. ئىككىڭلار خۇشال ھالدا ئۆز پارىـ
ـڭىڭلار بىلەن. تۇيۇقسىز دەھشەتلىك چېقىلـ
ـرىغان ئوت ئۈچۈرۈش ماشىنىسىنىڭ ئاۋازى
ئاڭلاندى. مەن ناھايىتى قورقۇپ كەتتىم،
تېنىم شۈركىنىپ كەتتى. ئاڭغىچە:

— جاپپار، بۇيا ققا ماڭ!-دېگەن قاتتىق
ئاۋازنى ئاڭلىدىم، كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ
سەزگۈلىرىمنى يوقاتتىم. «ۋاي!» دېگەن
دەھشەتلىك ئاۋاز مېنى قاتتىق چۆچۈتىۋەتتى.
ماشىنا ئۆتۈپ كەتتى، مەن دەررۇ ئېسىمنى
يىغىپ قارىدىم، سىز يولنىڭ ئۇ چېتىدە دەلـ
ـدەڭشىپ تۇرۇپسىز، مۇستاپا بولسا يولنىڭ
ئوتتۇرىدا قانغا مىلىنىپ يېتىپتۇ. مەن گويا
ئاسمان ئۆرۈلۈپ، زېمىن كۆمتۈرۈلۈپ كەتـ
ـكەندەك، ئەسەبىي ۋارقىراپ ئۇنىڭغا تاشلانـ
ـدىم، يىغلىدىم، قاتشىدىم، ئۇ يەنىلا ھوشىـ
ـغا كەلمىدى. ئاڭغىچە ئىنسابلىق بىر شوپۇر
يېتىپ كېلىپ، مۇستاپانى ماشىنىغا سالدىـ
ـدە، دوختۇرخانىغا ئۇچقاندەك يۈرۈپ
كەتتۇق.

مانا، ئاقىۋەت ئۇنىڭ ئىككى پۇتى يوـ
ـتىسىدىن كېسىلدى، ئاخىرى نىمجان ھالەتـ
ـتە قالدى. ئەسلىدە ئۇ سىزنى قۇتۇلدۇرىمەن

دەپ ئۆزى بەختسىزلىكىكە دۇچار بولدى. ئۇ ماڭا مۇھتاج، مەن يەنىلا ئۇنى چىن قەلبىمدىن سۆيىمەن، مانا مۇشۇنداق پەيتتە سىز قايسى يۈزىڭىز بىلەن ماڭا خەت يېزىپ، لاۋزا تەلەپنى قويدىڭىز؟ سىزدەك بىنومۇس ئادەمدىن بۇ دۇنيادا يەنە بىرسى بارمىدۇ؟ سىزنى دەپ ئۆز جېنىدىن ئايرىلىشقا تاس قالغان ئەشۇ دوستىڭىزنىڭ ئىنسانىي خىسلىتىدىن ئازراقمۇ تەسىرلەنمەمسىز؟ ئازراقمۇ خىجىل بولمامسىز؟ مۇنداق ياشىماڭ، جاپپار! ئاڭلىسام، دوستۇم شېرىننىڭ ياشلىق گۈلىنى ۋاقىتسىز توزىتىپ، ئۇنى خاراب قىلىپ تاشلاپسىز. ئۇنىڭ قىساسى ئاخىرى ھەلقۇمىڭىزدا بولغاي!

جاپپار، بىلىپ قويۇڭكى، سۆيگۈ دېگەن ھەرگىز تەن بىرلىكى بىلەن ياشىمايدۇ. ئۇ پەقەت روھ بىرلىكىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ئىنسانىدىكى ھەقىقىي چىن روھ بىرلەشمىسە، بىر نەچچە يىل جەملەنگەن تەن سۆيگۈسى تاڭلا كۈندە بىر مىنۇتقا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. سىز شۇنى ئۇنۇتماڭكى، ھەددىدىن زىيادە شەھۋەتپەرەسلىك ئادەمنى ئاخىرى ھالاك قىلىدۇ.

ياشىسۇن چىن روھ سۆيگۈسى!!!

لالە

1987 ـ يىل، 27ـ ئاۋغۇست»

لالە خەتنى يېزىپ بولۇپ، يېنىك تىن ئالدى. ئۈستىدىن گويا غايەت زور بىر تاغ غۇلاپ چۈشكەندەك يېنىكلەپ قالدى. تاتارغان چىرايىغا تەبەسسۇم يۈگۈرۈپ، قەلبىنى چوڭقۇر خۇشاللىق چۇلغىدى. چۈنكى ئۇ، قورسىقىدىكىنى تەلتۆكۈس چىقىرىۋالغانىدى. شۇ تاپتا ئۇ، ئوچۇق دېرىزىدىن شۇڭغۇپ كىرگەن تولۇنئاينىڭ سۈتتەك ئاق نۇرىدا بەئەينى باھار كۈنلىرى ھۆپپىدە ئېچىلىپ ئەتراپنى دىماقنى يارغىدەك خۇشبۇي ھىد تارقىتىۋاتقان ئاق لالىگە ئوخشاپ قالغانىدى...

1988 ـ يىل مارت، قەشقەر

***

( بېشى 79 ـ بەتتە )

بوۋاي ئوغلىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتتى ۋە ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. ھېلىقى كىشى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك پەرۋاسىزلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ماڭدى. بوۋاي ئۇنى ئۇزاتتى. ئۇنىڭدىن يەنىلا سادا چىقمىدى. بوۋاي ئىشىككە يۆلەنگىنىچە يەنە خىيال قىلىشقا باشلىدى: تووۋا، بۇ خەقلەرنىڭ ھەممىسى ساراڭ بولۇشۇپتۇ، ئۆيدە مەن تۇرسام يەنە «بۇ ئۆيدىكىلەر يوقمۇ» دەپ مەندىن سورىغىنى نېمىسى؟ ئاتايىتىن كېلىپ «ئادەم يوقكەن» دەپ قايتىپ كەتتى. ئەلپازىدىن بۇ ئۆيدىكى ئادەمنى ئىزدەپ يەنە بىركۈنى كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ، مېنىڭ بۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ بىرسى ئىكەنلىكىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆيدىكىلەرنىڭ ئەڭ چوڭى ئىكەنلىكىم ناھايىتى ئېنىقتۇ! توغرا، مۇشۇ ئۆينى مەن بار قىلغان، ئۆيدىكىلەرنىمۇ مەن بار قىلغان. شۇنداق، ئۆي مېنىڭ، ئوغلۇممۇ مېنىڭ! ئۇنى ئوغلۇم ئۆزىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ، ھەممە ئادەم ئېتىراپ قىلىدۇ. كىشىلەر يەنە نېمىشقا مېنى ئوغلۇمنىڭ بالىسىدەك كۆرىدىشىدۇ؟ ئاھ خۇدا، بۇ نېمە كارامەت، بەندىلىرىڭنىڭ بادىنى ساراڭ قىلىپ قويىدۇغىنى نېمە؟ ھەتتا ئوغلۇممۇ مېنى بالىسىدەك كۆرۈۋاتىدۇ. ئۇمۇ ساراڭ بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ.

توغرا! توغرا، ھەممىسى ساراڭ بولۇشۇپتۇ، مەنلا، پەقەت مەنلا ساق ئوخشايمەن، قادىر خۇدا، كارامىتىڭگە قايىلمەن!

ئابدۇمەجىت سابىر

# بىچارە

( ھېكايە )

بوۋاي خىيالغا پاتتى. يېشى يۈزنىڭ
قارىسىنى ئېلىپ، بىر پۈتى گۆرگە ساڭگىلى-
غاندا بولۇۋاتقان ئىشلار ئۇنىڭغا ھار كېلىشـ
كە باشلىدى.

ئۇنىڭ ھازىرقى ئوغلى ئەينى ۋاقىتتا
تۇماققا پاتقىدەك تۇغۇلغانىدى. ئۇ ئاستا-
ئاستا چوڭ بولدى، بوۋاي قىران ۋاقتىدا
ئۇنى كۆتۈرۈپ، يېتىلەپ يۈرۈپ چوڭ قىلدى.
شۇ چاغلاردا بوۋاينىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن
باشقا ھېچكىم ئوغلىنى بىلمەيتتى، بىلسىمۇ،
ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا مەۋجۇتلۇقىدىن پەرۋايى
پەلەك ئىدى. ئوغۇل خېلى چوڭ بولغاندىمۇ
بوۋاي ئۇنى ئېلىپ توي - تۆكۈن، نەزىرە-
چىراغلاردا جامائەت بىلەن بىر داستىخاندا
بولۇپ قالسا، بوۋاي ئۇنىڭ قولىغا ئېلىپ
بەرمىسە، ئوغۇل ھېچنېمىنى ئېلىپ يېيەلمەيت-
تى. كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ بىر جاماەتنىڭ
ئاغزىغا، بىر داستىخاندىكى گېزەكلەرگە
چاڭقىغان كىشى سۇغا تەلمۈرگەندەك تەلمۈ-
رەتتى. داستىخان سېلىنىپ يىغىشتۇرۇلغىچە
ئوغۇل ئېغىزىغا ھېچنەرسە سالمىسىمۇ دېيىچ-
ىكىنىڭ كارى بولمايتتى. بوۋاي بولسا «ئال-
ىلا، باقىلا» نىڭ تولىلىقىدىن قورساق-
لىرى چىڭقىلىپ بىئارام بولاتتى. قىسقىسى،
ئوغلىنى كىشىلەر نەزەرىگىمۇ ئېلىپ قويمايت-
تى، بوۋاينى كۆرسە پۈكلىنىپ تازىم قىلىشاتتى.

ئەمدىچۇ، ئەمدى ئەھۋال پۈتۈنلەي ئاس-
تىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتتى، ئىشلارمۇ ئا-
دەمنىڭ كۆڭلىگە سىغمىغۇدەك دەرىجىدە ئۆز-
گىرىپ كەتتى.

بوۋاي ئوغلىنى چوڭ قىلدى، ئوقۇتتى،
خىزمەتكىمۇ چىقاردى. مانا ئەمدى ئوغلى-
نىڭ تەلىيى ئوڭ كېلىپ ئەمەلدار بولدى.
كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتى
پۈتۈنلەي ئۆزگەردى. بوۋاي ياشانغىنىدا
قەدىناس ھەمرىيىدىن ئايرىلىپ قالدى،
قېرىپ ھارغىنلىق يەتتى، بېلى مۈكچەيدى،
كۆزى تورلاشتى، ئورنىدىن قولىدا دېيىنىپ
تەستە قوپۇدىغان بولۇپ قالدى. ئوغۇل ئۇ-
نى ئۆز ئۆيىگە ئەكىلىۋالدى، ھالىدىن خە-
ۋەر ئالدى.

بوۋاي ئوغلىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندىن كې-
يىن، ئوغلىنىڭ بالىسىدەك ھالغا چۈشۈپ
قالدى. چاڭگا باش كېلىنى ئۇنىڭغا كىچىك
بالىغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلدى.
ھېلى پۇتىڭىزنى يىغىپ ئولتۇرۇڭ، دېسە، ھې-
لى دەرۋازىنى تاقىۋېتىپ كىرىڭ، دەيتتى.
ئوغلىمۇ ئۇنى ئۆز بالىسىدەك كۆردى، ئىش-
قا بۇيرىدى، بەزىدە نەسىھەت قىلىدىغان،
ئەقىل ئۆگىتىدىغان بولدى. توي - تۆكۈن،
نەزىرە - چىراغلارغا باغاق كەلسە ئوغلىنىڭ
نامىنى كېلەتتى ۋە ئاخىرىغا « ئائىلىسى-
دىكىلەرگە» دەپ بوۋاي قوشۇپ قوياتتى.
ئوغۇل بوۋاينى بالىسىدەك ئەگەشتۈرۈپ ئاپ-
راتتى. داستىخاندا ئوغۇل بوۋاينى يېنىپ
ئولتۇراتتى، بوۋاي بولسا پەگادا مۈكچىيىپ
مۆڭگىلىنىپ ئولتۇراتتى. ئوغلىنى « ئال-سىلا.
باقسىلا» غا كۆمۈۋېتەتتى. بوۋاي بولسا شۇن-
چە مول داستىخان ئۈستىدىن بېقىشقا ئىجا-
زەت يوق ئاچ قايتاتتى. بوۋاي بىر ئوغلىغا،

بىر داستىخان ئەھلىگە قاراپ ھەسرەت چېكەتتى. ئوغلىنىڭمۇ ئۇنىڭ جاما ئەت ئارىسىدا بارلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ قويمىغانلىقىدىن ئىچ-ئىچىدىن ئۆرتىنەتتى. شۇنىڭ بىلەن بوۋاي مېھماندارچىلىقتىن قاچىدىغان، ئەتىدىن كەچكىچە ئۆيىدىن سىرتقا چىقمايدىغان بولۇۋالدى. ئۇ ئۆيىدىن باشقا ھەر قانداق يەرگە بارسىلا ئارتۇقلۇق قىلىدىغاندەك ئىدى.

بىر كۈنى بوۋاي ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. سەھەردە ئوغلى ئۇنىڭدىن ئاغرىنىڭ ئۇچىدىلا ئەھۋال سورىدى. كېلىنى «ماغدۇرسىزلىقتىن يېتىپ قېلىۋاتقان گەپ، ئاغرىپ قالغىدەك نېمە يەپتىكەن» دەپ كايىدى. كېلىنىنىڭ بەرگەن ئاش-نېنى بوۋاينىڭ گېلىنى غىدىقىدە بوغدى. ئۇ ھېچقاچان مىجەزى يوق بولۇپ قالغانلىقىنى كېلىنىنىڭ بەرگەن ئاش-نېنىدىن كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇلار بوۋاي قەستەن يېتىۋالغاندەك جالدىقىنى چېلىشىپ ئىشلىرىغا مېڭىشتى. بوۋاي ياتقان كارىۋات بارغانچە پەسلەپ يەر ئاستىغا كىرىپ كېتىۋاتاتتى. كارىۋات بوۋاينىڭ تېنىنى ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتاتتى. كارىۋات ئۈۋچىنىڭ ئوقىدەك، قېچىۋاتقان غازدەك ئۆزىنى بوۋايدىن قاچۇراتتى. بوۋاي غازنى قوغلىغان ئوقتەك كارىۋاتنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. بوۋاي پەسلىگەنسېرى ئۆزىنىڭ نەگە چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي، ئەتراپقا مەڭدەپ قارىدى. ئۆيىمۇ بوۋاي بىلەن تەڭ پەسلەۋاتاتتى. ئۇ رامكىدىن ئۆزىنىڭ سۈرىتىنى كۆردى. رامكىمۇ ئۆي بىلەن بىرلىكتە پەسلەۋاتاتتى. بوۋاي كۆزىنى بىر ئۇۋۇلاپ سىنچىلاپ قارىدى: ئوغلى ئۇنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇراتتى، كېلىنى، نەۋرىلىرىمۇ ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇراتتى. ئۇلارمۇ كارد-ۋاتنى قوغلاپ پەسلەۋاتاتتى. بوۋاينىڭ يۈرىكى جىغىلدا قىلىپ كەتتى-دە، ئەسەبىلەرچە تۋۋلىدى: «ياق، ياق! ئۇلار قالسۇن، ئۇلار قالسۇن!...»

ئۇ خۇددى ئۇلارنى تۇتۇۋالماقچى بولغاندەك ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۆي ئىچى يەر تەۋرىگەندەك تەۋرەپ كەتتى، بوۋاي تامنى چىڭ تۇتۇۋالدى، بولمىسا ئۆي يەر ئاستىغا پېتىپ كېتىدىغاندەك ئىدى.

ئىككى كىشى ئېغىر سومكىسىنى ئاران كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇلار ئوغلىدىن ھال سورىغىلى كەلگەنلەر ئىدى. ئۇلار ئوغلىنىڭ «بۈگۈن كەيپىم تازا ياخشى ئەمەس، چارچىغاندەك قىلىمەن» دېگىنىنى ئاڭلىغانىدى. بوۋاينىڭ ئوغلى ھازىرغىچە بىرەر قېتىممۇ بالنىتسىغا يېتىپ باقمىغانىدى. لېكىن بىر نەچچە قېتىم يېنىك زۇكام بولدى. بۇ چاغلاردا كېلىنى ئۇنى باققىلى قىشتا ئاموتنى چۆمكىگەندەك چۆمكەپ بېقىپ بىرەر-يېرىم كۈندىلا سەللىمازا ساقايتاتتى. ئۇنى يوقلايدىغانلارمۇ كۆپ ئىدى، ھەتتا ئۇ ئۆزىنىڭ زۇكامدىغىنىنى ئۇنتۇپ كەتسىمۇ كىشىلەر ئېسىدىن چىقىرىشماي خېلى بىر مەزگىلگىچە ئۇنىڭدىن ھال سوراپ تۇراتتى. بوۋاي خېلى قاتتىق ئاغرىسىمۇ ئۇنى بىرسى يوقلىمايتتى، ئوغلى ئاغرىنىڭ ئۇچىدىلا ھال سوراپ قوياتتى. كېلىنىنىڭ ئاچچىقى كېلەتتى. ئۇ دائىم «مەن زىيان قىلغۇدەك بىر نېمە ئەتمىدىمغۇ، ئادەم دېگەن ئۆزىنى قاشلاپ يېتىۋەرسە ھورۇنلىشىپ قوپقىسى كەلمەي، ئاخىرى يەر يۇتۇپ كېتىدۇ، تېتىك بولۇپ تالا-تۈزگە چىقىپ ھاۋا يېسىلە ساقىيىپ قالىلا ئەمەسمۇ» دەپ بوۋايغا چېچىلاتتى.

بوۋاينىڭ كۆزى نەمدەلدى. ئۇ يەنە شۇ خىيال بىلەن بەنت ئىدى .

ياسىداق ئۆي ئۇنىڭغا قاراڭغۇ گۆردەك بىلىندى . ئۆي ئىچى جىمجىت ئىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىنى قىلىپ بولغانلىقىنى، هازىر ئۆزاش ۋاقتىدىن ئېشىپ كەتكەن مېھمان ئىكەنلىكىنى هېس قىلادى . شۇنداق، ئۇ كىمنىڭ مېھمىنى ئىدى ؟ ئوغلىنىڭ ؟ ياق ، ئۇ ئوغلىنىڭ مېھمىنى ئەمەس ، ئوغلى ئۇنىڭ مېھمىنى. ئوغلى ئۇنىڭغا مېھمان بولۇپ دۇنياغا كۆز ئاچقان ، شۇڭا ئۇ ئوغلىنى ئېزىز مېھماندەك كۈتتى. تاپقان - تەرگىنىنى، ئۆزىنىڭ مېھرىنى ئۇنىڭغا ئايىماي تۆكتى، ھەتتا ئۇنىڭدىن جېنىنىمۇ ئايىمىدى، شۇنىڭ بەدىلىگە ئوغلى يارامىلىق ئادەم بولۇپ يېتىشىپ چىقتى . ئۇ دەسلەپ مېھمان ئىدى ، مانا ئەمدى ساھىپخان ، ياق ، خوجايىن بولدى . ئۇنداقتا بوۋايچۇ ؟ ئۇ كىمنىڭ مېھمىنى ؟ توغرا ، ئۇ مۇشۇ پانى ئالەمنىڭ مېھمىنى ، ئۇنىڭ ئۆزاش ۋاقتى يېتىپ كەلگەن ، چۈنكى ئۇ بۇ دۇنياغا ئەمدى لازىم ئەمەس . ئۇ بولمىسىمۇ ئوغلى ئەمدى داستىخانىدا بەھوزۇر غىزالىنالايدۇ ، ئۇ ئەمدى بوۋاينىڭ كۆتۈرۈشىگە، بېقىشىغا مۇھتاج ئەمەس، بوۋاي كېتىشى لازىم. نەگە كېتىدۇ؟ نەگە كەتمەكچى ؟ كەلگەن يېرىگە . توغرا ، ئوغلى كەلگەن يەرگە كېتىدۇ . بوۋاينىڭ دادىسىمۇ ، بوۋىسىمۇ… شۇ يەرگە كەتكەن ، ئوغلىمۇ شۇ يەرگە بارىدۇ، نەۋرىسىمۇ بارىدۇ، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ مېھمان بولىدۇ .

ئۇ ئەتراپقا قارىدى ، دادىسى ئۇنىڭغا تەبەسسۇم بىلەن قارىدى، بوۋىسىمۇ قارىدى، ئۇرغۇن مويسىپىت بوۋايلار، مومايلار ئۇنىڭغا قارىدى . ئەنە ، ئۇلارمۇ بوۋايغا قاراپ كۈلدى ، شەرەت قىلىپ « كېلىڭ » دېدى . بوۋاي ساقاللىرى كىندىكىگە ساڭگىلىغان بىر بوۋاينىڭ قۇچىقىغا چىقتى . ئۇ بوۋاينىڭ مەڭزىگە سۆيدى ، باشقىلارمۇ سۆيدى ، قوللىرىغا ئېلىپ ئاسمانغا ئاتتى . بوۋاي « ۋىلىق ، ۋىلىق » كۈلدى . ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى، چاچلىرىنى، ساقاللىرىنى سىلىدى ؛ بوۋاي ئۆزىنى ناھايىتى بەختلىك هېس قىلدى، ئۇ بالىلىق دەۋرىگە قايتىپ كەلگەنىدى.

ئوغلىنىڭ مۇشۇكى ئەركىلەپ قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتقىنىچە ئۇنىڭ قۇچىقىغا چىقتى . بوۋاي مۇشۇكنى مېھرى بىلەن سىلىدى، مۇشۇك ئۇنىڭغا يۈزلىرىنى سۈركىدى . يۇمشاق تۈكى بىلەن بوۋاينىڭ بەدىنىنى سىلىدى . كۆزلىرىنى بوۋايغا تىكتى . بوۋاي ئۆزىنىڭ يالغۇز ئەمەسلىكىنى ئېسىگە ئالدى. بۇ ئالەمدە ئۆزىگە ئوخشاش بىچارىدىن يەنە بىرسى بار ئىدى . ئۇ بوۋاينى يالغۇز تاشلاپ قويمايتتى، كېچىلىرىمۇ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولاتتى. يالغۇزلۇقتا زېرىكىش ھېس قىلغىنىدا ئىچ پۇشۇقىنى چىقىراتتى . ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشاتتى ، سىردىشاتتى .

ئىشىكنىڭ چېكىلىشى ئۇنى خىيالىدىن ئويغاتتى. بوۋاي ھاسىغا تايانغىنىچە ئاران مېڭىپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى . ئىشىك ئالدىدا بىر كىشى تۇراتتى ، بوۋاي ئۇنى تونۇيتتى. ئۇ كىشى بوۋاينىڭ ئوغلىنىڭ قۇردىشى ھەم خىزمەتدىشى بولۇپ ، ئۇمۇ بوۋاينىڭ ئوغلى بىلەن تەڭ بوۋاينىڭ ئالدىدا چوڭ بولغانىدى. ئۇ خۇددى بوۋايغا سالام قىلىش بىھاجەتتەك ئۇنىڭدىن گەپ سورىدى :

— بۇ ئۆيدىكىلەر يوقمۇ ؟

( ئاخىرى 76 ـ بەتتە )

كېرىمجان ئابدۇرېھىم

## ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىلىرى نەزەرىدىكى ئۇيغۇر پىروزىچىلىقى

ئەدەبىيات — يازغۇچى، ئەسەر، كىتابخاندىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ بىرلىكىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئەدەبىيات ساھەسىنى بىر ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسىغا ئوخشاتساق، تەبىئىي رەۋىشتە يازغۇچى — ئىشلەپچىقارغۇچى؛ ئەسەر — مەھسۇلات؛ كىتابخان ئىستېمال قىلغۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىستېمال نۇقتىسىدىن ياكى مەقسەتچانلىق نۇقتىسىدىن چىقىپ چۈشەندۈرسەك، ئىشلەپچىقىرىش ئىستېمال ئۈچۈن بولىدۇ. يەنى ئىستېمال مەقسەت قىلىنىپ ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنى ئەدەبىيات ساھەسىگە تەدبىقلىساق، يازغۇچى كىتابخانلارنى كۆزدە تۇتۇپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئەسەرنىڭ قىممىتىنى تايىن تاپتۇرۇشتا كىتابخان ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. كىتابخان پۈتۈن ئەدەبىيات ساھەسىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈش - ئىنكار قىلىش رولىنى ئوينايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا كىتابخان بازارغا نىسېرى ئاساسلىق تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىنىۋاتىدۇ.

بىز دېچۇ؟ بىزدە كىتابخان تولىمۇ ئېتىبارسىز قارىلىدۇ، خېلى كۆپ يازغۇچىلىرىمىز قولىغا قەلەم ئالغاندا كىتابخانلارنى زادىلا ئويلاپ قويمايدۇ، كىتابخانلارنىڭ ئىنكاسىغا قۇلاق سالمايدۇ. ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزمۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن بەدىئىي زوقلىنىش، بەدىئىي زوقلىنىش بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچى بولۇشتىن ئىبارەت رولىنى ئاساسىي جەھەتتىن يوقاتقاچقا، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن كىتابخاننىڭ مۇناسىۋىتى بىر خىل ئۆزئارا چۈشەنچە ھاسىل قىلىش مۇمكىنچىلىكىگە ئېرىشەلمەي كېلىۋاتىدۇ. بۇمۇ ئەدەبىياتىمىزنىڭ تازا تەرەققىي قىلىپ كېتەلمەسلىكىدىكى ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرى.

ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىز بىلەن كىتابخانلارنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى چۈشىنىشكە ئازتولا پايدىسى بولارمىكىن دېگەن ياخشى نىيەت بىلەن، يېقىندىن گۈللەنگەن پەن — ئەدەبىيات جەمئىيەتشۇناسلىقى ۋە يېڭىچە تەنقىدچىلىك شەكلى — كىتابخان ئىنكاسى تەنقىدچىلىكىنىڭ نەزەرىيىلىرى ئاساسىدا كىتابخانلارنىڭ ئۇيغۇر پىروزىچىلىقى ھەققىدىكى ئىنكاسىنى بىلىپ بېقىش مەقسىتىدە قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىلىرىنى پىروزىچىلىقىمىز ھەققىدىكى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا تەكلىپ قىلدۇق. بىزنىڭ

ئەدەبىي ئىجادىيەتكە دائىر مۇلاھىزىلەر

قارىشىمىزچە، ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىلىرى مەخسۇس ئەدەبىيات تەربىيىسى كۆرىدىغان بولغاچقا ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسى نىسبەتەن كەڭ، ئەدەبىيات مەسىلىلىرى ھەققىدىمۇ بەلگىلىك قاراشلارغا ئىگە. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئەڭ ياخشى كىتابخانلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئەسەرلەرنى مۇلاھىزە قىلىمىش ئاساسىدا باھالاپ ئوقۇيدۇ، ئۇلارنىڭ ئوقۇشى بىر خىل ئوبزور تۈسىنى ئالغان بولىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن كىتابخانلارنىڭ مۇناسىۋىتىدە بۇلار ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

بىز بۇ تۈنجى سىنىقىمىز ئارقىلىق بىرىنچىدىن، يازغۇچىلارغا كىتابخانلارنىڭ ئىنتىكاسىنى ئاڭلاتماقچى. ئىككىنچىدىن، كىتابخانلىرىمىزنى، ئۇلارنىڭ كىتابخانلىق ساپاسىنى بىلمەكچى. ئۈچىنچىدىن، پىروزىچىلىقىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى باشقا بىر نۇقتىدىن چىقىپ كۆزىتىپ باقماقچى.

بىز پەقەت ئەدەبىياتىمىزدىكى قىسمەن مەسىلىلەرگىلا كۆڭۈل بۆلەلىدۇق. ئەتراپلىق بولالمىغىنى ئۈچۈن ئۆزۈر.

1. پىروزىغا قىزىقىش. ئەدەبىياتنىڭ باشقا ژانىرلىرىغا قارىغاندا پىروزا ژانىرىغا بولغان قىزىقىشنىڭ ئالاھىدە گەۋدىلىك بولۇشى پۈتۈن دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ئەدەبىياتىغا ئوخشاشلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈنمۇ بىر خىل ئومۇمىي ئەھۋال ئىكەن. سوئاللىرىمىزغا جاۋاب بېرىشكە تەكلىپ قىلىنغان يۈز نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ توقسان تۆت نەپىرى پىروزا ژانىرىغا قىزىقىدىغانلىقىنى، پىروزا ئەسەرلىرىنى ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغانلىقىنى ئېيتىشتى، ھەتتا شېئىر، نەسىر، دراما ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ بېقىۋاتقانلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ پىروزا ئەسەرلىرىگىمۇ ھېرىسمەن ئىكەنلىكلىرىنى يوشۇرمىدى. شېئىرىيەتكە كەلسەك، ئۇلار ئىچىدە پەقەت شېئىرىيەتنىلا ياخشى كۆرىمەن، دېگەنلەر يوق. شېئىرىيەتنىمۇ ياخشى كۆرۈپ ئوقۇيمەن دېگەنلەر ئوتتۇز نەپەر، ئونبەش نەپىرى شېئىرىيەتنى ئالدىنقى ئورۇندا قويۇپ ئوقۇيدىكەن. ئېگىلىشىمىزچە، باشقا ژانىرلارغا بولغان قىزىقىش ئۈچۈنلا ئەمەسكەن. پىروزا ئەسەرلىرى ئىچىدە بۇلار ئەڭ قىزىقىپ، ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغىنى پوۋېست ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلارنىڭ تەلىپىگە قارىغاندا، پىروزىچىلىقىمىزدا پوۋېست شەكلىنى تېخىمۇ گۈللەندۈرسەك بولغىدەك.

2. بىز يەنە مەخسۇس سوئال چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ پىروزىچىلىقىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن رازى ياكى رازى ئەمەسلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ باقتۇق. سوئاللىرىمىزغا جاۋاب بەرگەن يۈز ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچىدە ئاتمىش بەش نەپىرى دېگەندەك رازى ئەمەسلىكىنى ئېيتتى. بۇلارنىڭ رازى بولماسلىقىدىكى سەۋەبلەر ھەر خىل. بەزىلىرى خەنزۇ، چەت ئەل پىروزىچىلىقى بىلەن پىروزىچىلىقىمىزنى سېلىشتۇرۇپ شۇنداق دېگەن بولسا، يەنە بەزىلەر ئۆزىمىزنىڭ بىر قىسىم ئالاھىدە ياخشى ئەسەرلىرىمىز بىلەن پۈتۈن ئەسەرلەرنى سېلىشتۇرۇپ ئومۇمىي نۇقتىدىن چىقىپ شۇنداق دېگەن؛ بىر قىسىملار ئەدەبىياتىمىزدا يېڭىلىق يارىتىش، بۆسۈپ چىقىش ۋەزىيىتىنىڭ تېخىچە پەيدا بولمايۋاتقانلىقىغا قاراپ ئەپسۇسلانغان بولسا، يەنە بەزىلەر بۇ سەۋىيە بىلەن قانائەتلىنىپ قېلىشقا بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. بۇنداق نارازى بولغۇچىلارنىڭ كۆڭلىگە كىرىپ چىقساق، ئۇلارنىڭ نارازىلىقى پىروزىچىلىقىمىزنىڭ

تەقدىرىگە كۆيۈنۈشتىن كېلىپ چىققان، تېخىمۇ گۈللەنسىكەن، دېگەن ياخشى نىيەتتىن كېلىپ چىققان نارازىلىقكەن، قىممەتلىك يېرى شۇكى، بۇنداق نارازىلىق ھەرگىز ئىنكار قىلىش تۈسىنى ئالغان نارازىلىق ئەمەسكەن.

ئوتتۇز نەپەر ئوقۇغۇچى پىروزىچىلىقىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن رازى ئىكەنلىكىنى، چۈنكى بۇرۇنقى ۋاقىتلارغا سېلىشتۇرغاندا ھەقىقەتەن چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ مەيدانغا كېلىۋاتقانلىقىنى، بۇندىن كېيىنمۇ پىروزىچىلىقىمىزنىڭ ئىستىقباللىق پارلاق ئىكەنلىكىنى ئېيتىشقان، ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ھازىر بىر قىسىم پېشقەدەم يازغۇچىلىرىمىز يېڭىباشتىن جانلىنىپ ئىجادىيەتكە كىرىشىپ، ياخشى ئەسەرلەرنى كىتابخانلارغا تەقدىم قىلىۋاتىدۇ. ئادەمنى خۇشال قىلىدىغىنى شۇكى، بىر تۈركۈم ياش يازغۇچىلار، ھەۋەسكارلار ئىجادىيەتتە كىتابخانلارنى رازى قىلىدىغان، پىروزىچىلىقىمىزغا ئۈمىد بېغىشلايدىغان ئېسىل ئەسەرلىرىنى مەيدانغا چىقىرىۋاتىدۇ. بۇنداق جانلىق ۋەزىيەت كىتابخانلاردا ئۈمىد تۇيغۇسى پەيدا قىلماي قالامدۇ؟

3. بىز كىتابخانلارنىڭ ئۇيغۇر ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنى قىزىقىپ ئوقۇيدىغان ياكى ئوقۇمايدىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن: ئۇيغۇر، خەنزۇ، چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدە قايسىسىنى كۆپرەك ئوقۇيسىز، دەپ سورىدۇق. بۇ يۈز نەپەر ئوقۇغۇچى ئىچىدە يەتمىش نەپىرى ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆپ ئوقۇيدىغانلىقىنى ئېيتتى، باشقىلىرى خەنزۇ، چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ، ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ قىزىقىپ كۆرىدىكەن. ئومۇمىي ئەھۋالغا قارىغاندا، ئۇلار پىروزا ئەسەرلىرىمىزنى ئومۇمىيۈزلۈك كۆرۈپ ماڭىدىكەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆز ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز قېلىش خىجىل بولارلىق ئىش ئىكەن.

بىز بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلاردىن «سىز پىروزىچىلىقىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن نارازىمەن، دەپ تۇرۇپ، يەنە ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆپ كۆرىمەن دېدىڭىز. بۇنى قانداق چۈشەنسەك بولار؟» دەپ سورىدۇق. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك، مەيلى ئۇ ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن، ھامان ئۆزىمىزنىڭ ئەدەبىياتى. شۇڭا ئۇنىڭ مەۋجۇت ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، تەقدىرىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئويلانماسلىق بولمايدۇ. شۇڭا پىروزا ئەسەرلىرىمىزنى كۆپ كۆرىمىز، دەپ جاۋاب بەردى. ئۇلار يەنە مۇنداق دېدى: پىروزا ئەسەرلىرىمىزدە ئۆزىمىزنىڭ ھاياتى، تۇرمۇشى ياخشى سۈرەتلىنىدۇ. ھاياتىمىز، تۇرمۇشىمىز ياخشى سۈرەتلەنگەن ئەسەرلەر ئارقىلىق ئۆزىمىز ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولىمىز، ئۆزىمىز ھەققىدە ئويلىنىمىز. شۇڭا ئۆزىمىزنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆپرەك كۆرىمىز.

4. بىز كىتابخانلارنىڭ قايسى يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆپ ئوقۇيدىغانلىقىنى ھەم قىزىقىپ ئوقۇيدىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن «سىز ئەسەرلىرىنى ئەڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان بەش يازغۇچى قايسىلار» دەپ سوئال سورىدۇق. بۇ يۈز نەپەر ئوقۇغۇچى جەمئىي ئوتتۇز نەپەر يازغۇچىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالدى. ئەسلى بىز ھازىر ئىجاد قىلىۋاتقان يازغۇچىلارنى

كۆرسىتىشنى تەكىتلىگەن ئىدۇق. كېيىنكى نەتىجىگە قارىساق، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك زۇنۇن قادىرنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئاپتۇ، تىز ئىلمىكنىڭ بىرىنچىسىگە زۇنۇن قادىرنى يېزىپتۇ. بىر قىسىملار زۇنۇن قادىرى ئەسەرلىرىنى، جۈملىدىن «ماغدۇر كەتكەندە» ھېكايىسىنى ھېچقانداق بىر ئەسەرگە تەڭلەشتۈرەلمەي ئوقۇيدىغانلىقىنى، زۇنۇن قادىرنىڭ ئۇيغۇر يېزىقچىلىقىمىزنىڭ باراقدارى بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى تەكىتلەشىپتۇ، بۇنىڭدىن زۇنۇن قادىر يېزىقچىلىقىنىڭ پىروزىچىلىق تارىخىدا قانچىلىك مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى، كىتابخانلىرىمىزدە قانچىلىك ئىزلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ئوتتۇز نەپەر يازغۇچى ئىچىدە ئىسمى ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىنغان يازغۇچىلار ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئەختەم ئۆمەر، زوردۇن سابىر، مۇھەممەت باغراش، ئەخەت تۇردى ۋە يەنە قېيۇم تۇردى، مەتىمىن ھوشۇر، توختى ئايۇپ، نۇر مۇھەممەت توختى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئىگىلىشىمىزچە، ئوقۇغۇچىلار ئەختەم ئۆمەر بىلەن مۇھەممەت باغراشنىڭ ئىجادىيىتىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئەختەم ئۆمەر ئەسەرلىرى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ پوۋېستلىرى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى تېپىپ قىلىش، پېرسوناژلىرىنى جانلىق يارىتىش، ئەسەرلىرىدە كەيپىيات پەيدا قىلىش، ۋەقەلىكنىڭ جىددىي بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش، كۈچلۈك چىنلىق تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇش... تەك ئالاھىدىلىكلىرى ۋە مەپتۇنكارلىقى بىلەن كىتابخانلار قەلبىنى ئۆزىگە رام قىلىۋالىدى. مۇھەممەت باغراش ئىجادىيىتىنىڭ دادىللىقى، يېڭىلىق يارىتىشقا، قوبۇل قىلىشتا ماھىرلىقى، ھاياتىي تۇرمۇشىمىزنى زامانىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرى بىلەن تېخىمۇ جانلىق، بەدىئىي يوسۇندا كۆرسىتىپ بەرگەنلىكى، بولۇپمۇ بەدىئىي جەھەتتىكى ئامراتلىقتىن قۇتۇلالماي ۋاتقان پىروزىچىلىقىمىزدا شەكىل يېڭىلاش سىنىقى ئېلىپ بارغانلىقى سەۋەبلىك كىتابخانلارنىڭ نەزەرىدىكى يەنە بىر ئۈمىدلىك يازغۇچى بولۇپ قالدى. ھەر ئىككى يازغۇچى ئەدەبىياتىمىزنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن ئىزدىنىشچانلىق كۆرسىتىپ ئەجرىگە يارىشا ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈۋاتىدۇ. كىتابخانلار بۇ ئىككى يازغۇچىغا، يۇقىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان يازغۇچىلارغا ۋە يەنە بارلىق يازغۇچىلارغا ئۈمىد باغلايدۇ، ئۇلارنىڭ جاپالىق ئەمگەك مېۋىلىرىنى قەدىرلەيدۇ.

5. بىز يەنە كىتابخانلارنىڭ قايسى خىل تېمىدىكى ئەسەرلەرنى ۋە قانداق ئۇسلۇبتىكى ئەسەرلەرنى ياقتۇرىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەكچى بولۇپ «سىز تارىخىي تېمىدىكى ئەسەرلەرنى ياقتۇرامسىز ياكى ھازىرقى زامان تېمىسىدىكى ئەسەرلەرنىمۇ؟»، «ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبتىكى ئەسەرلەرنى ياقتۇرامسىز ياكى ھازىرقى ئۇسلۇبتىكى ئەسەرلەرنىمۇ» دەپ سورىدۇق. نەتىجىدىن مەلۇم بولدىكى، تارىخىي تېمىدىكى ئەسەرلەرنى ياقتۇرىدىغانلار قىرىق نەپەر، ھازىرقى زامان تېمىسىدىكى ئەسەرلەرنى ياقتۇرىدىغانلار ئاتمىش نەپەر ئىكەن. لېكىن خېلى كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلار تېمىنى ئانچە تاللاپ كەتمەيدىغانلىقىنى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تېمىغا خېلىلا باي ئىكەنلىكىنى، ئەڭ مۇھىم ھەم كەم بولۇۋاتقىنىنىڭ بەدىئىي ماھارەت مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتى.

ئۇلار بىزدىن «ئەنئەنىۋى ئۇسلۇب» دېگەندە نېمىنى كۆزدە تۇتقانلىقىمىزنى، «ها-
زىرقى ئۇسلۇب» دېگەندە نېمىنى كۆزدە تۇتقانلىقىمىزنى سوراشتى. بىز بۇ سوئالدا «ئەنـ
ئەنىۋى ئۇسلۇب» دېگەننى كونىچە شەكىل دېگەن مەنىدە، «هازىرقى ئۇسلۇب» دېگەننى
شەكىل ئامىللىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەسەردە ئۇلارنى رول ئويناتقۇزۇش، شەكىل جەھەتـ
تىن يېڭىلىق يارىتىش ياكى يېڭى شەكىللەرنى ئىجادىي قوللىنىش دېگەن مەنىدە چۈشەنسە
بولىدىغانلىقىنى ئېيتتۇق. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ھەممىسى دېگۈدەك هازىرقى زامان ئۇسلۇ-
بىنى ياقتۇرىدىكەن، ئەسەرلىرىمىزنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسىنىڭ ئۈستۈن بولۇشىنى ئارزۇ قىـ
لىدىكەن. لېكىن بۇنداق ئۇسلۇب چوقۇم ئەنئەنىگە پۈتۈنلەي ئاساسلىق قىلىدىغان ئاجايىپـ
غارايىپ نەرسىلەر بولماسلىقى، چوقۇم مىللىي ئۇسلۇب بولۇشى كېرەك ئىكەن.

6. ئەدەبىياتتا بەلگىلەش رولىنى ئوينايدىغىنى يازغۇچى. شۇڭا ئەدەبىيات تە-
رەققىياتى هامان يازغۇچى بىلەن بىۋاسىتە باغلىنىشلىق بولىدۇ. شۇڭا بىز «سىزنىڭچە ها-
زىرقى يازغۇچىلىرىمىزنىڭ قانداق نۇقسانلىرى بار؟» دېگەن سوئالنى قويۇپ، مۇزاكىرە ئې-
لىپ باردۇق. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بىزنىڭ هازىرقى يازغۇچىلىرىمىزنىڭ مۇنداق نۇقسانلىرى
بار ئىكەن:

(1) مەسئۇلىيەتسىزلىك. شۇ سەۋەبلىك نۇرغۇن يېتەرسىزلىكلەر كېلىپ چىقىۋېتىپتۇ.
ئەگەر مەسئۇلىيەتسىزلىك تۈگىتىلمىسە ئەدەبىياتىمىز چوقۇم روناق تاپالايدۇ. (2) سەۋىيە-
سىزلىك. ياخشى ئەدەبىيات تەربىيىسى، ئەدەبىي ئۇچۇر قوبۇل قىلماي، ئەسەر يېزىش ئۇ-
چۇنلا ئەسەر يېزىپ «ماڭسا - ماڭسا قىردىن ئاشالمايدۇ» غان هالەتنى شەكىللەندۈرۈش.
بۇ ئارقىلىق ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىش. (3) يېڭىلىق يارىتىشقا،
ئىجاد قىلىشقا جۈرئەت قىلالماسلىق ھەم قوبۇل قىلىشقا، ئۆزلەشتۈرۈشكە ماھىر بولماسلىق.
(4) ئەدەبىيات، ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەققىدە كۆز قارىشى بولماسلىق ياكى ئۇنى ئېنىق دېيەلمەسلىك.

ھەقىقەتەن بىزنىڭ يازغۇچىلار قوشۇنىمىز ئاجىز ھەم تەكشىمىز. بۇ قوشۇن ئىچىدە ھە-
قىقىي يازغۇچى بولۇشقا مۇناسىپ، يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىغا، ياخشى ئەدەبىيات
تەربىيىسىگە ئىگە، داددىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ، ئىجاد قىلىپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تە-
رەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلغان يازغۇچىلار ئاز ئەمەس. لېكىن ھەۋەسكار-
لىقتىن ھالقىيالمىغان، يازغۇچىنىڭ قانداق بولۇش كېرەكلىكىنىمۇ بىلمەيدىغان، سەۋىيە-
سىز يازغۇچىلارمۇ ئاز ئەمەس. ئەدەبىياتىمىزدا ياش يازغۇچىلارنى، ھەۋەسكارلارنى تەربى-
يىلەش ئىشلىرىغا سەل قارىغانلىقتىن، مەتبۇئات، نەشرىيات ئورۇنلىرى پەقەت ئەسەر ئېلان
قىلىپ بېرىشنىلا كۆزدە تۇتقانلىقتىن، نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلمەي قېلىپ، ئاندىن دو-
راپ ئىجاد قىلىۋاتقانلار نىسبەتەن كۆپ بولۇپ كەتتى.

قىسقىسى، ئەدەبىياتىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرىمىز دەيدىكەنمىز مەسئۇلىيەتچان، سەۋ-
يىلىك، يېڭىلىق يارىتىشقا، ئىجاد قىلىشقا ماھىر، غايىلىك يازغۇچىلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىـ
قىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

# نەسرلەر

**مەھەممەتتۇرسۇن ئىبراھىمى**

## ھايات كىشىلەرنى قەدىرلەيمەن

ھايات كىشىلەرنى قەدىرلەيمەن. ھايات كىشىلەرنى چىن قەلبىمدىن ھۆرمەتلەيمەن. ئۇلارنى مەدھىيىلەش ۋە ئېزىزلاشنى قەلبىمدىكى چوڭقۇر ئېتىقاد، مۇقەددەس بۇرچۇم ھېس قىلىمەن.

ھايات كىشىلەر — باغدىكى گۈل، خۇشچىراي ئېچىپ، خۇش ھىد تارقىتىپ تۇرغان گۈل. ئۇ، تېرىك، ئۇ، ھايات. ئۇ، خۇشپۇراقلىرىنى ئىنسانىيەت دۇنياسىغا تارقىتىپ، قەلبلەرنى بەھرىلەندۈرۈۋاتىدۇ.

ھايات كىشىلەر بۇگۈننى گۈللەندۈرىدىغان قۇدرەتلىك كۈچ. بۇگۈننىڭ ئاسمىنىدا چاقناپ تۇرغان ئاي - چولپان، بەلكى بۇگۈننىڭ ئەڭ يۈكسەك قۇياشلىرى، بۇگۈننى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ، پارلاق كەلگۈ بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان ئالتۇن كۆۋرۈك!

ھايات كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدلىرىدىن چىقىپ تۇرغان نەپەسلەر بۇ دۇنيانىڭ بەختى، كەڭ ئالەمنىڭ تېرىكلىكىنىڭ نىشانىسى! ئۇلارنىڭ كۆكرەكلىرىدىكى يۈرەكنىڭ سوقۇشى — ئالەم ئۈچۈن چەكسىز شادلىق. چۈنكى ئۇلار كەڭ ئالەمنى گۈللەندۈرۈش، ئۇنى ئاۋات ماكانغا، شاۋقۇن - سۈرەنلىك، بەخت - تەلەي بىلەن تولغان، ئادەم بالىسى ياشاشقا لايىق ماكانغا ئايلاندۇرۇش يولىدا ماڭلاي تەرلىرى، ساپ قانلىرىنى تىنىمسىز ھالدا تۆكۈۋاتىدۇ. بۇ، پاكىت، بۇ ھەممىدىن ئاۋۋال، تېنىۋالغىلى بولمايدىغان پاكىت!

شۇڭا ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن « مىڭ ئۆلۈكتىن بىر شېھىد ئەلا، مىڭ شېھىدتىن بىر تېرىك ئەلا » دەيدىغان ئەقىدە قالغان. گەرچە ئۇ ھايات كىشى ئەۋلىيا - ئەنبىيالاردىن بولماي، ناھايىتى ئاددىي ئادەم بولغىنىدىمۇ، تېخى ئەرۋاھلار سېپىگە قوشۇلمىغان ھايات كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئىنسانىيەت ئالەمىنىڭ چۇلۋۇرىنى قوللىرىدا مەھكەم تۇتۇپ تۇرىدۇ. تۇرمۇش — ھايات كېمىسىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. لېكىن بۇ ھېكمەتنى مازارپەرەستلەر، مازارلارنى ۋاسىتە قىلىۋالغان دەرۋىشلەر، تاپىنلىرىنى مازارلارغا بەخشەندە قىلىدىغان زامان شەيخلىرى بىلمەيدۇ. بۇ، مازارپەرەستلەر مازارلارنى ھەيۋەتلىك قىلىپ تىكلەپ، ئۇلارغا ئۆز ۋۇجۇدلىرىنى بەخش ئېتىدۇ، ئۇنىڭدىن نىجاد ۋە ئازادلىق تىلەيدۇ. ئۇلار گۇمراھلار، ئەقلىدىن ئازغانلار! بۇنداق ئەخلەتلەرنى، ھاياتلارنىڭ يولىنى توسۇپ يېتىۋالغانلارنى چەتكە سۈرۈپ، ھاياتلارغا يول ۋە ئىمكان بېرىش كېرەك.

ھايات كىشىلەرنى قەدىرلەيمەن! ھايات كىشىلەرنى قەدىرلەش ئۇلۇغ ئاتا - بوۋىلارنى، ئەزىز ئەجدادلارنى مەنسىتمەسلىكنىڭ بىشارىتى ئەمەس. ئۆتكەن ئەجدادلار ئارىسىدا ئىنسانىيەت ئالىمى ئۈچۈن ئاجايىپ تۆھپىلەرنى قوشقان، ئازادلىق، ئەركىنلىك ئۈچۈن قان تۆكۈپ جان بەرگەن، ھېلىمۇ كۆكتە خۇددى يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرغان كارامەت كىشىلەر بار. ئۇلار قانچە ئۇلۇغلانسا، باشقىلار ئۈچۈن ئىشەنچ، ئېتىقاد، كۈچ بەخشەندە قىلىدۇ. قىممەت، ھۆرمەتلىرى ئاشىدۇ.

ئۇلارنىڭ تىرىكلىكى ھېكمەت بولغان بولسا، ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىنى زىيارەت قىلىش شان - شەرەپ. ئۇ، ئىخلاس - مۇھەببەتنىڭ ماكانى، ئىشقىۋازلارنىڭ قىبلىگاھى!

ھايات كىشىلەرنى قەدىرلەيمەن. ھايات كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدلىرىدا ئېسىل خىسلەت، سىرلىق ھېكمەت، نۇرلۇق گۆھەر بار. ئۇنى ئېزىزلاش، ئۇنى ئاسراش، ئۇنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇش كېرەك. ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى ۋە قايغۇسىغا تەڭ ئورتاق بولۇش، ئۇلارنىڭ كۆلپەتلىرىنى يەڭگىل، ئازابلىرىنى قىسقا، يىراقلىرىنى يېقىن قىلىپ بېرىشكە ئالدىراش كېرەك. ئۇلار ھاياتلىقىنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس مۇددەتلىرى ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ. تېخى ئۇلارنىڭ تالايلىرى ھالسىراپ، دەرماندىن ئايرىلىپ، كۆزلىرى خىرەلىشىپ، يۈزلىرىدە سانسىز قورۇقلار، قولىدا ھاسا، دەملىرى قىسىلىپ، ئەنە، ئېغىر قەدەملىرى بىلەن كېتىۋاتىدۇ. ئائىلە، ئاش - نان، يېقىنلىرى، ئۆي - ماكان، پەرزەنت غېمى ۋە خىجالەتچىلىكلىرى ئۇلارنى ئەقلىدىن كەتكۈزۈۋاتىدۇ، ھاياتىنىڭ غەملىرى، تۇرمۇشنىڭ تۈگىمەس سەۋدالىرى مىڭلارچە كىشىلەر قاتارى ئاجايىپ تۆھپىكار كىشىلەرنى تەلمۈرتمەكتە. ئۇلار گۆھەردەك ئەقىل - پاراسەتلىرى ۋە كامالەتلىرىنىڭ تالاي قىسىملىرىنى شۇ ئىشلارغا بىھۇدە سەرپ قىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ. ھاياتىنىڭ قىممەتلىك سائەتلىرى، مىنۇتلىرى ئىسراپ بولۇۋاتىدۇ. لېكىن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ «ئېرىقتىكى لاي سۇدەك ئۆتۈپ كېتىۋاتقان» ئىشلارغا پەرۋايى بولماي، ئەكسىچە، ئەرۋاھلار ئۇلۇغلىنىپ، مازارلار ھەيۋەتلىك، بەك كۆركەم ياسالماقتا.

ھايات كىشىلەرنى قەدىرلەيمەن. ھايات كىشىلەر تىرىك مازار، تىرىك مازارلارنى تاۋاپ قىلىش كېرەك. ئۇنى نەلەرگىدۇ بېرىپ سانسىز قەبرىلەر ئارىسىدىن ئىزدىمەيمەن. ئۇ، سېنىڭ يېنىڭدا، سېنىڭ مەھەللەڭدە، سېنىڭ ئىدارىڭدىكى ھويلىدا، سېنىڭ قەۋەتلىك بىنالىرىڭنىڭ ئىچىدە، تېخى سەن بىلەن بىر ئۆيدە. ئۇ، سېنىڭ داداڭ، سېنىڭ ئاكاڭ، سېنىڭ سىڭلىڭ، سېنىڭ ھەمساياڭ، سېنىڭ يار - مەھبۇبىڭ! ئەمما سەن ئۇنى بىلەلمىگەن، سېنىڭ نەزەرىڭدە ئۇ، ئۇلۇغلۇق مۇقامىغا يەتمىگەن، داغدۇغىلىق سادالارنىڭ جاراڭ - جۇرۇڭلىرىغا لايىق ئەمەس، چۈنكى ئۇ، تېخى ھايات، تېخى ئۆلمىگەن! ئەگەر ئۇ، ئەتە بەختلىك ھالدا ئۆلسە ئىدى، بىردىنلا ئەۋلىيالىق دەرىجىسىگە ئېرىشىپ، تېخىمۇ جۇلالىناتتى، سىلىقلىشىپ، پاك بولۇپ، ئېزىز كىشى، مۇقەددەس ئەرۋاھقا ئايلىناتتى.

...... ئاجايىپ كومېدىيە شۇكى، ئۇ، بىر قانچە كۈن، بىر قانچە سائەت ئالدىدا تامامەن بىر ئاددىي ئادەم ئىدى. بىراق ئۇنىڭغا چوڭقۇر ئۆچمەنلىك ۋە بىچارە مەنسىتمەسلىك

لەزەرى بىلەن باققان خۇنى ئۆچكەن كۆزلەر بىردىنلا پارقىراپ، ئۇنىڭغا ئىككى مۇنچاق ياش تۆكتى. ئۇ كىشىلەرنىڭ يۈرىكىگە تۈگمەس ئەلەمنى سالغان باغرى تاشلار بىردىنلا « فەمخور » لار، « ئىجادچىلار »، « شەپقەت » پەرىشتىلىرى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ قەبرىگاھلىرىغا شەيخ بولۇۋالدى، ھەتتا ئۇلارنىڭ نامىرىنى ساختاپ ساتىدىغان مەككار تىجارەتچىلەرگە ئايلىنىپ قالدى.

ھايات كىشىلەرنى قەدىرلەيمەن. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاجايىپ ھېكمەت - خىسلەت بار بولۇپ، ئۇلار راستىن ئۇلۇغ كىشىلەر، بىر - بىرىدىن ئېسىل كىشىلەر.

ئۇ، ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى ياساپ، كۆكتە ئۇچۇش، سۇغا چۆكۈش خىيالىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان تېخنىك — ئىشچى. بىلىم ۋە ھۈنەر بىلەن ئەقلىنىڭ ھېكمەتلىرىنى نامايەن قىلغان، گويا جاھاننىڭ ئېگىلمەس-سۇنماس تۈۋرۈكى. ئۇ دىھقان، مۇنبەت يەرلەرگە ماڭلايلىرىدىن ساپ تەر ئاققۇزۇپ، ئۇلۇغ ئانا يەرنىڭ سېخىلىق بىلەن ئۈندۈرگەن ئاشلىق، يېمەك، مېۋە كەبى ئېسىل نېمەتلىرىنى بىزگە تەقدىم قىلىدۇ. تەننى قۇدرەتلىك، سۆزنى جاراڭلىق قىلدۇرىدۇ. ئالەمنى باغۇ بوستانلىققا ئايلاندۇرۇپ، يېشىل كىمخاپ بىلەن پۈركەيدۇ. ئۇ، شائىر، قەلبىدىكى مۇھەببەتنى زەر يىپ قىلىپ، سۆز كەشتىلىرى بىلەن شېئىر يېزىپ زاماننى بېزەيدۇ. ۋەتەننى، دەۋرنى، ئىنسان خىسلەتلىرىنى كۈيلەيدۇ. جانسىزغا جان بەخش ئېتىدۇ. ئۇ، ياخشى تەربىيەچى — مۇئەللىم. قەلبىدىكى ئىرادىسى، غەيرەت - جاسارەت، بىلىم - ھېكمەتلىرىنى ياش ئەۋلادلارغا خالىساق بىلەن تەقدىم قىلىپ، ئۆتمۈش بىلەن كەلگۈسى ئارىسىغا ئۈزۈلمەس ھالقا بولۇپ قوشۇلىدۇ. ئۇ، ماھىر سازەندە — سەنئەتكار. زامان كۈيلىرىنى ياڭرىتىپ، كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدۇ. جەڭگە، كۈرەشكە، يېڭى دەۋر قۇرۇش سەپلىرىگە ئىلھام ۋە غەيرەت بەخش ئېتىپ تۇرمۇشقا شادلىق ۋە كۈلكە ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇ، ئۆلۈككە جان كىرگۈزگۈچ رەسسام. داڭلىق توقۇمىچى، قولى شىپاھ دوختۇر، شىجائەتلىك نەققاش - بىناكار، داڭلىق كېسىپ - تىككۈچى، قولى گۈل ئاشپەز، ھەتتا ئۆز ئۆيىدە ئاش - تاماق ئېتىدۇ، پەرزەنتلەرنىڭ تەربىيىسىدە بولۇپ، ئۇلارنى ئاسراپ، كۆز قارچۇقىدەك ھىمايە قىلىپ، ئائىلىنى، شەھەرنى، جاھاننى خاتىرجەملىك ۋە ئاسايىشلىققا مۇيەسسەر قىلىدۇ. ئۆز ۋۇجۇدلىرىدىن قەترىلەرنى تامدۇرۇپ، ئۇلاردىن زامان بېزەكلىرىنى ياساپ، بۈگۈننىڭ ھەيۋەتلىك بىناسىغا خىش قويۇپ، ئۇنى ئاۋات ماكانغا ئايلاندۇرىدۇ. شۇڭا ئۇ، ھۆرمەتكە لايىق، چۈنكى ئۇ تېخى ھايات ئىنسان.

ھاياتلىق شۇنداق ئېزىز ھەم يۈكسەك. ھايات ئىنسان، كىملىكىدىن قەتئىينەزەر، ھۆرمەتلىنىشى، ئاسرىلىشى، ئۇنىڭ ئىنسانلىق ئارزۇ ئىستەكلىرى خوپ قانائەتلىنىشى لازىم. ئۇ، ھاياتلىقىدا قەدىرلىنىشى، تۆھپىلىرىگە مۇناسىپ ئېزىزلىنىشى، ئالقىش سەزگۈسى تېتىك ۋاقتىدا شەرەپنىڭ چاۋاكلىرىنى ئاڭلىشى، نۇرانە كۆزلىرى كۆرۈۋاتقاندا سۇنۇلغان گۈلدەستىلەرنى تەقدىم قىلغۇچىلارنىڭ دوستلىرى، زامانداشلىرى، ئىخلاسمەنلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ قوبۇل قىلىشى، ئۆز ئەمگەكلىرىنىڭ ئۇرۇقلىرىدىن ئېچىلغان گۈللەردىن راھەت لەززەتلىنىش ھېس قىلىشى لازىم.

ھايات كىشىلەرنى قەدىرلەيمەن. بۇ، مېنىڭ ئېتىقادىم. ئۇ، ئەرۋاھلارغا دۇئا - تىلاۋەت قىلىشتىن ھوزۇر ھېس قىلماي، بەلكى ھاياتلارنىڭ كۆڭلىگە ئىلھام بېرىش، ئۇلارنى روھلىنىشقا، ئىپتىخارلىنىشقا دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ، ھاياتلىقىدا خارلاپ، ئۆلگەندە ئۇلۇغلايدىغان قىلىقلاردىن مىڭ مەرتىۋە قەدىرلىك.

ھايات كىشىلەرنى قەدىرلەش، ئۇلارنى ئىززەت - ئىكرامنىڭ تۆرىگە تەكلىپ قىلىش لازىم.

ھايات كىشىلەرنى قەدىرلەڭلار!

## ئىككىنچى مۇئەللىم

ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈن ئارىسىدا بىر ئۈزۈلمەس ھالقا بار. ئۇ، ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈندىن ئىبارەت ئىككى خاسىيەتلىك كۈننى بىر - بىرىگە ئۇلاپ تۇرىدۇ. ئۇ، مەدەنىي ھاياتنىڭ جېنى، ئۇنىڭغا دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك نەرسە يوشۇرۇنغان، ئۇ بولسىمۇ — كىتاب.

كىتاب ئىنسان ئەقىل - ئىدرىكىنىڭ جەۋھىرى، ئۇنىڭ مىسالسىز قەھرىمانلىقى، ئۇنىڭ دۇنيانى ئاۋات قىلىش، تەبىئەت تىلسىملىرى ئۈستىدىن غالىپ بولۇش قۇدرىتىنىڭ بۈيۈك تەنتەنىسى! ئىنساننىڭ ئۆز قۇدرەتلىرى بىلەن، ئۆزىگە يۈكلەنگەن بۇرچىغا مۇۋاپىق پۈتكۈل تەبىئەتنىڭ ھۆرمەت تۆرىدە ئولتۇرۇشقا مۇناسىپ ئىكەنلىكى ھەققىدىكى تارىخىي ھۆججەت!

كىتاب — ئىنساننىڭ دوستى، يەنە كېلىپ ئۇ، ئەقىل ئۆگەتىدىغان دوست، ئۇ كىشىگە بىلىم بېرىدۇ، ئۇنى جاھىللىق نادانلىقتىن قۇتقۇزىدۇ، ھايا ۋە پەزىلەت بېرىدۇ. ئۇنىڭ كۆزىگە ھايات ۋە كىشىلىكنى توغرى كۆرسىتىدۇ، ئىنسانغا ئۆزىنىڭ بۇرچىنى تونۇتىدۇ. ئۇنى خۇددى غايەۋى مۇئەللىمگە ئوخشاش ئۆمۈر بويى تەربىيىلەپ ئەقىللىق قىلىدۇ. ئۇنىڭدىكى چوڭقۇر پىكىرلەر، چاقناپ تۇرغان گۆھەر كەبى جۈملە، بېيىت - مىسرالار ئۆزىنىڭ ھېكمەت كۈچى بىلەن ئىنسان قەلبىنىڭ بەتلىرىگە نەقىش بولۇپ ئويۇلىدۇ. ئۇ، تەشنا دىل ئۈچۈن شەربەت كەبى ئېقىپ تۇرغان بۇلاق، ھەتتا چاڭقىغان زېمىن ئۈچۈن باھار يامغۇرى!

كىتاب شۇنداق سېھىرلىك كۈچكە ئىگە بولىدۇكى، ئىنسان مۇشكۇل ئىچىدە قېلىپ، ئۈمىدسىزلەنگەندە، كۆكتىكى قۇتۇپ يۇلتۇزى بولىدۇ. گاڭگىراپ قالغان چېغىدا ئىلھام بەرگۈچى پەرىزاتقا ئايلىنىدۇ. چارچاپ - ھېرىپ قالغان بولسا، ئۈمىد ۋە جاسارەتنىڭ پارلاق نۇرى كەبى چاقنايدۇ. ئەگەر خۇراپات ۋە جاھالەت نەيزىسىنى تەڭلىگەندە ئۇنىڭ قولىغا ھەر قانداق دۈشمەندىن غالىپ كېلىدىغان قورالنى تۇتقۇزىدۇ. ئىنساننى ئۆزىنىڭ ئەقىل - ئىدرىكىگە، ئۆزىنىڭ ھەر قاچان يېڭىلمەسلىكىگە ئىشىنىشكە خۇددى مويسىپىت ئەۋلىيالاردەك دەۋەت قىلىدۇ. بۇ مەنىدە، كىتاب — ئىنساننىڭ تەرەققىياتى ۋە ئەقلىي كامالىتى ئۈچۈن كۆڭۈلدىكىدەك ئىككىنچى مۇئەللىم. ئۇ، ئۆتكەن ھېكمەتلەر كىشىنىڭ

ۋۇجۇدىغا ئۆمۈرۋايەتلىك ھېسسىيات، پەلسەپە، لوگىكا تەقدىم قىلىدۇ. ئۇ ھەمىشە تەكرارلىنىپ، قۇم ئارىسىدىن ئالتۇن ئاسقاپ ئالغاندەك ھەر كۈنى چايقىلىپ، پاكلىنىپ تۇرىدۇ.

كىتاب — قان - تەر. ئۇ، مىڭلىغان، ئۇنمىڭلىغان پاراسەتلىك كىشىلەرنىڭ قان-تەرلىرى بىلەن پۈتۈلگەن، ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بىلەن يۇغۇرۇلغان. بۇ قان - تەر بىلەن ئېتىقاد بىرلىشىپ، خۇددى ئەنبەر كەبى خۇش ھىد چىقىرىدۇ. ئۇنىڭدا چاقناۋاتقىنى ھېكمەت، پاراسەت، جاسارەت، ئۇلار ئىنسان ھاياتىنىڭ مەنىۋى گۆھىرى. كىتابىخان كۆزىدىكى، يۈزىدىكى چاقناپ تۇرغان نۇرلار كىتاب قۇرلىرى ئارىسىدىكى گۆھەرلەردىن كۆچكەن. ھارماس مۇئەللىپلەرنىڭ قولى ئارقىلىق ئەجدادلارنىڭ ھېكمەت ئىزلەپ، تىلسىملارنى بويسۇندۇرۇپ، بەخت يارىتىش ئۈچۈن قىلغان كۈرەشلىرى، تاغلارنىڭ باغرىدىن قىممەتلىك بايلىقلارنى ئېلىش يولىدىكى جاسارەتلىرى، ھۈنەر - سەنئەتنىڭ ئالىي پەللىسىگە چىقىش يولىدىكى تىرىشىپ - تىرمىشىپ قىلغان ئەجىر - مېھنەتلىرىدىكى قەيسەر ئىرادىسىلىرى، ئازادلىق، ئەركىنلىك ئىزلەپ مۇقەددەس تاغلارنىڭ غارلىرىدا ياققان مەڭگۈ ئۆچمەس گۈلخانلىرىنىڭ لاۋۇلداشلىرىدىن ئارىيەت ئېلىنىپ، كىتابىخان ۋۇجۇدىغا كۆچۈرۈلگەن.

كىتاب — ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈندىن ئىبارەت ئىككى كۈنىنىڭلا ئەمەس، بەلكى مۇئەللىپ بىلەن كىتابىخاندىن ئىبارەت ئىككى دىل ئارىسىدىكى مەڭگۈ ئۈزۈلمەس ھالقا! قەلبدىن - قەلبكە ئېتىقاد كۆچۈرگۈچى.

خەلق ئارىسىدا، ياش ئەۋلادلار ئارىسىدا كىتابنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان، ئۇنى ھەمىشە يېنىدىن ئايرىمايدىغان كۈرمىڭ كىشى بار. بۇ ئەقىداتەن كىشىلەر ھەركۈنى كىتاب ئوقۇيدۇ، ئىلگىرىلەش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇيدۇ، ئىلىم - ھېكمەت ئىزلەپ كىتاب ئوقۇيدۇ، ھايات، پەزىلەت ئىگىلەش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇيدۇ، جەڭ مەيدانىدا كىتاب ئوقۇيدۇ، بەختىيار ھاياتتا، ھەتتا خارلىققا چۈشۈپ، كەمبەغەللىشىپ قالغىنىدىمۇ كىتاب ئوقۇپ، پەزىلەتلىرىنى ساقلايدۇ. تۈرمىنىڭ قاراڭغۇ ئۆيلىرىدە كىتاب ئوقۇيدۇ، بۇ، بىرخىل خىسلەت، ئاجايىپ پاك ۋە گۈزەل مەنىۋى ھايات. بۇنداق قىزغىنلىق — شائىرلار تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ ئىلھام مەنبەسى ھەمدە كۈچلۈك پاكىتى! مەدەنىي ھاياتنىڭ پارلاق مەنزىلى ئۈرلىگەنسېرى بۇ پاكىت تېخىمۇ ھەقىقەتلەشمەكتە! تەرەققىيات ۋە ئىلگىرىلەشنىڭ ھەيۋەتلىك پەللىمپىيى تېخىمۇ نۇرانە كۆرۈنمەكتە!

چوڭ ئاكام، ساقاللىق قېرىندىشىم كىتاب كۆرمەكتە. ئۇ، ئۆمۈرلۈك تەربىيىگە ھېرىسمەن بولماقتا، تەڭ - تۇشلىرىم كىتاب كۆرمەكتە، ئوقۇغۇچى - شاگىرتلىرىم كىتاب كۆرمەكتە، قىز - ئوغۇللىرىم كىتاب كۆرمەكتە. بەلكىم خۇشاللىق بىلەن، نەۋرە - چەۋرىلىرىمنىڭ قىزغىن كىتاب كۆرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈشىمگە نېسىپ بولار؟

كىتاب بىلەن ئۆتمۈش، كىتاب بىلەن ھازىر، كىتاب بىلەن كەلگۈسى بىر گەۋدە بولۇپ، ئېنىيانى ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ھاياتىنى تېخىمۇ ئاۋات قىلغۇسى!

ئەسئەت ئابدۇقادىر

## ھىجران

(تۇرگىنىۇنىڭ «شۇنچە كۆركەم، شۇنچە گۈزەل، شۇنچە يارقىن ئەتىرگۈل ...» ناملىق ھەسەردىنى ئوقۇغانىدىن كېيىن)

باھار كۈنلىرى ئىدى. قۇياش ئۇپۇققا باش قويغان بولۇپ، ئىللىق شامالدا ئەتىرـ
گۈل، قىزىلگۈلنىڭ پۇرىقى ئوچۇق دېرىزىدىن گۈپۈلدەپ كىرىپ تۇراتتى. گۈلزارلىق يېنـ
ىدىكى چىملىقتا بىر قىز ئولتۇراتتى. ئۇ بۇلۇتلارنىڭ كۆيۈشىنى تاماشا قىلغاندەك، بېـ
شىنى قىيسايتقىنىچە ئىككى قولىنى چىملىقنا تىرىگەن ھالدا ئاسمانغا تىكىلمەكتە ئىدى. مەڭـ
زىدىكى زىنەتى قارا كىرپىكلىرى ئاستىدىكى شەھلا كۆزلىرىگە ناز قىلغاندەك لىپ ـ لىپ
قىمىرلاپ تۇراتتى. ئۆرۈلمىگەن چاچلىرى سەلكىن شامالدا يەلپۈنۈپ زىلۋا بويىغا تولـ
مۇ ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى.

مەن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. ئەمما گۈزەللىكى مېنى بەنت قىلمـ
ۋالغانىدى. تۇيۇقسىز دېنلا نېرىدىكى ئورمانلىقتىن سوزۇپ چېلىنغان نەي ئاۋازى ئاڭلاندى.
جىمجىت زېمىندا نەي ئاۋازى شۇنداق يېقىملىق ئىدى. قىزنىڭ شەھلا كۆزلىرى نۇرلانـ
دى، قىز ئورنىدىن تۇرۇپ ئورمانلىققا قاراپ ئاستا يول ئالدى. بىر ئازدىن كېيىن
نەي ئاۋازى تۇرۇملەپ كېلىۋاتقان بولۇتلارغا سىڭىپ، يىراق ـ يىراقلارغا كەتتى. شۇنـ
دىن كېيىن نەي ئاۋازى ئەبەدكە ئۆچتى.

ئۇزۇن يىلدىن كېيىنكى باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، مەن يەنە شۇ دېرىزە تۈۋىدە
تۇرۇۋاتىمەن. ئىللىق شامال ئەتىرگۈل، قىزىلگۈلنىڭ پۇرىقىنى ئوچۇق دېرىزىدىن ئېلىپ
كىرەتتى. گۈلزارلىق يېنىدىكى چىملىق چىرايلىق ئۆسكەن بولۇپ، خېلىدىن بېرى ئادەمـ
زات ئايىغى باسقاندەك ئەمەس ئىدى. نېرىسىدىكى سىرلىق ئورمانلىقتىن بىر نەچچە قۇشـ
نىڭ سايرىشىۋاتقان ئاۋازى كېلەتتى.

بىردىنلا كۆكسۈم ئېچىشىپ كەتتى، ئارقىدىن قاتتىق يۆتەلدىن بوغۇلۇپ كەتتىم...،
دېرىزىنى يېپىۋەتتىم، قولۇمدىكى ھاسا ئۆي تىنچلىقىنى بۇزۇپ توكۇلداپ تۇراتتى.

### تەلۋە (1)

ئالەمنى سىرلىقلىق قاپلىغان، ھاۋا ناھايىتى دىمىق، سوكنو چاپىنىمنىڭ تۈگمىسىنى
چىڭ ئېتىپ غالىپ ھالدا كېتىۋاتىمەن. مەڭزىلىرىمدىن، تەنلىرىمدىن چىپىلداپ تەپچىپ
تۇرغان تەرلەر شۇنداق ھوزۇرلۇق ھەم پۇراقلىق ئىدى. ھەتتاكى، كۆزلىرىمگە ساقىپچۇشـ
كەن تامچىلارنى ئېيتىۋېتىشكىمۇ كۆڭلۈم قىيمايتتى، ئۇ شۇنداق لەززەتلىك ئىدى.

ئالەمنى سىرلىقلىق قاپلىغان، ھاۋا ناھايىتى دىمىق، بىر نەچچە كىشى قىشلىق كىيـ
ىملىرى بىلەن پۇشۇلداپ يۈرۈشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ شۇ ھالىتىنى كۆرۈپ تاقىتىم قالمىدى.

شۇڭا ئۇلارغا كۆز ئالايتىپ ئۆتۈپ كەتتىم، كۆزلىرىمگە تەر تامچىلىرى چىققانىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن شادلىقتىن قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتىم. ئەتراپىمدىمۇ قاقاقلاپ كۈلگەن سادا ياڭرىدى. ئەسلى مەن شادلىقتىن بىر ئۆزۈملا بەھىر ئېلىشىم كېرەك ئىدى. ئۇلارنىڭمۇ كۈلۈشىگە رىزاچىلىقىم زىنھار قالمىدى.

مەن بىر ئاۋغا سىقىلىپ كەتتىم. قۇلىقىمغا سوقۇلغان، گۈپۈلدەپ يىقىلغان ئاۋازكىرىشكە باشلىدى. مەن زەردە بىلەن ئورنىمدىن تۇرۇپ يولۇمنى داۋاملاشتۇردۇم.

بىردىن ھاۋا سوۋۇشقا باشلىدى، مەن كىيىملىرىمنى سىلىۋېتىپ مىڭىۋەردىم، ھېلىقى بىر نەچچە كىشىمۇ ھەم شۇنداق قىلغانىدى. كۆزلىرىمگە ساقىپ چۈشكەن تەرلەر قۇرۇپ ئەتراپ سۈزۈلدى. ئوڭ ـ تەتۈر دەسسەپ كېتىۋاتىمەن. ھېلىقىلارمۇ شۇنداق دەسسەپ كېتىۋاتىدۇ. ئەسلى ئۇلارنى كۆرمەسەم بولاتتى، شۇڭا ھاۋاغا مىڭ لەنەتلەرنى ياغدۇردۇم، ئۇلارمۇ غودۇڭشىغىنىچە شامالنى قاغاپ كېتىۋاتىدۇ.

ئالدىمدا سۈس چاقناپ تۇرغان بىر باش سۆڭەككە كۆزۈم چۈشتى (قايسى ھايۋاننىڭ ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس). ئۇنىڭ نەپىسلىكى مېنى ھەيرەتتە قالدۇردى، مەن باش سۆڭەككە قاراپ يۈگۈردۈم. ھېلىقى كىشىلەرمۇ پاتىپاراق بولۇپ شۇ ياققا يۈگۈرۈشۈپتۇ… سەت، كۆرۈمسىز بىر ئىت ھەممىمىزنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئولجىنى قاماللاپ ئالدى ـ دە، ئاللىقا ياقلارغا بەدەر قاچتى، ھەممىمىز تىڭىرقاپ تۇرۇپ قالدۇق.

## تەلۋە (2)

مەن ئۆلگەنىدىم، روھىم جەسىتىم ئۈستىدە لەيلەپ تىنىماي «ئاھ» ئۇراتتى. ئۇ غۇر قىراپ چىقىۋاتقان شامالدا ئۈچۈپمۇ كەتمەيتتى ياكى تېنىمگە كىرىپ مېنى قايتا تىرىلدۈرمەيتتى. بىر كۈچ ئۇنى بوشلۇقتا سېھىرلەپ قويغاندەكلا ئىدى.

مېنىڭ روھىمغا راستىنلا چېچىلغۇم كەلدى، ئەمما ئۈندىمىدىم، خىيال قىلسام ئۆلگىنىمگە خېلى ئۇزۇن بولغاندەك تۇراتتى، شۇڭا تەنلىرىم شۇنداق مۇزلاپ كەتكەنىدى، مەن ۋايسىماي جىملا ياتتىم، ئۆزۈمنى جەننەت بىلەن دوزاقنىڭ ئارىلىقىدا تۇرغاندەك ھېس قىلدىم.

بىر چاغدا دېمىقىمغا گۈپۈلدەپ خۇشپۇراق ئۇرۇلدى. ئارقىدىن يىپەكتەك يۇمشاق بىر قول بوشلۇقتا لەيلەپ تۇرغان روھىمغا ئىشارەت قىلىۋېدى، ئۇ دەرھاللا ئاغزىمدىن كىرىپ بوغۇزىمدا توختىدى. پۇت ـ قوللىرىم ئىللىپ ھەرىكەتلىنىشكە باشلىدى. مەن يېنىمدا تىزلىنىپ، بۇقۇلداپ ياش تۆكۈۋاتقان بىر پەرىزاتنى كۆردۈم.

— نېمە ئۈچۈن ياش تۆكۈۋاتىسىز؟ ـ سوئال قويدۇم ئۇنىڭغا.

— شادلىقتىن، ـ دېدى ئۇ.

— سىزنى كۆز يېشى قىلدۇرغان قايسى شادلىق؟ ـ دېدىمەن يەنە.

— مۇھەببىتىمىزنىڭ ماڭگىلا مەنسۇپ بولۇشى، ـ دېدى ۋە مېنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى.

— مەندە ئەزەلدىن مۇھەببەت دېگەن نەرسە بولمىسا، سىزنى قانداقمۇ بەختتىن شادلاندۇراي، ـ دېدىم تەئەججۈپ بىلەن.

پەرىزاتنىڭ كۆزلىرىدە ئۈمىدسىزلىك ئۇچقۇنى پىلىلداشقا باشلىدى.

— مۇھەببەتسىز كىشى بولالمايتتى، سىز... — دېدى ئۇ ئېسەدەپ تۇرۇپ.

— مەن ئاپىرىدە بولغاندىن بېرى قەلبىمنىڭ تىنچلىقىنى ساقلاپ كېلىۋاتىمەن، — مەن خېلىدىن بېرى ماڭا چاپلىشىپ تۇرغان پەرىزاتنى ئىتتىرىۋەتتىم، شۇندىلا، غەزىپىمنى باسالماي قولۇمنى بوغۇزىمغا تىقىپ، روھىمنى قامالاپ ئالدىمدە، يىراقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان جەھەننەمگە قارىتىپ ئاتتىم.

مەن قايتىدىن مۇزلاشقا باشلىدىم. ئەڭ ياخشىسى كۆرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوتتا تامام كۈل بولسام ئاندىن تىنچلىنىمەن.

روشەنگۈل تۇرسۇن

## قىيسايغان تېرەك

— قارا دوستۇم، ماۋۇ تېرەكلەر بىردەملىك شامالدا بىر ياندا قىيسىيىپ قاپتۇ.

— ئۇ دېگەن شامال ئەمەس، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ، — ئۇنى ئارا بىران دەيمىز. بىر دەملىك شامالدا ئېگىلىپ قالىدىغان تېرەك يوق.

— يوقمۇ؟ — دېدى دوستۇم كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ قويۇپ.

— ئەگەر سەن بولمىساڭلا، — دېدىم مەن ئۇنىڭ كۆزىگە ئاچچىق بىلەن قاراپ. ئۇ سۆزۈمنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلگىنىچە ئالغا يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۈلكە ئاۋازىدىن مېڭىلىرىم چاراسلاپ، قۇلاقلىرىم غوڭۇلداپ كەتتى، بېشىم بىر ئاز قايغاندەك قىلدى، مەن كۆزۈمنى يۇمغىنىمچە ئورنۇمدىلا ئولتۇرۇپ قالدىم.

## جانلار

— سىز راستىنلا مېنىڭ جېنىم.

قىز يىگىتنىڭ قۇلىقىغا يېقىملىق ئاۋازى بىلەن پىچىرلاپ، شۇ سۆزلەرنى قىلدى، ئاندىن يىگىتنىڭ پېشانىسىگە يېنىپ — يېنىپ سۆيۈپ كەتتى.

ئاپلا، — يىگىت ئەندىكىپ، قىزنىڭ يەلكىسىدىن بېشىنى ئېلىپ قولىغا قارىدى. قولىدىكى بەكىنىڭ بېسىلىرى ۋە يېرىم سويۇلۇپ بولغان ئالما يىگىتنىڭ كېسىلگەن بارمىقىدىن چىقىۋاتقان قاندا بويىلىغانىدى. يىگىت بەكە بىلەن ئالمىنى كېزىت ئۈستىگە قويۇپ. قولىنىڭ كېسىلگەن يېرىگە قارىدى.

— ۋايجان نېرى ئاپىرىڭە، — قىز شۇ گەپ بىلەن تەڭ يىگىتنىڭ قولىنى ئۆزىدىن نېرى ئىتتىرىپ ئورنىدىن تۇردى — دە، قول ياغلىقى بىلەن بۇرنىنى ئەتتى.

يىگىت تەئەججۇپ بىلەن قىزغا قاراپ دېدى:

— جېنىم، نېمە بولدىڭىز.

— قېنىڭىز پۇراۋاتىدۇ. سىز تېخىچە مېنىڭ قاننى كۆرسەم كۆڭلۈم ئاينىيدىغانلىقىنى بىلمەمتىڭىز، — قىز شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپلا يەنە بۇرنىنى ئەتتى.

يىگىتنىڭ مېڭىسىدىكى ھەيرانلىق بىردەمدىلا مەسخىرىلىك كۈلكىگە ئۆزگەردى:

— شۇنداقمۇ جېنىم! — يىگىت «جېنىم» دېگەن بۇ سۆزنى ئالاھىدە ئۇرغۇلۇق ئېيتتى، — مەن تېخى سىزنىڭ ئۆزىڭىزنىڭ قېنىدىنمۇ سەسكىنىدىغانلىقىڭىزنى بىلمەي قاپتىمەن.

يىگىت ئاخىرقى قېتىم قىزغا ئاچچىق كۈلۈۋېتىپ، قوللىرىدىن قانلىرىنى تامچىتقىنىچە پەرۋاسىز كېتىپ قالدى. قىز ھەيكەل كەبى تۇرۇپلا قالغانىدى. ئۇنىڭ قولىدىكى ئاپئاق قولياغلىق ئاستاغىنا يىگىتنىڭ قولىدىن تامچىغان قان تامچىلىرى ئۈستىگە سىيرىلىپ چۈشتى. قىز يەنىلا مىدىر - سىدىر قىلماي يىگىتنىڭ قولىدىن تامچىغان قانغا تىكىلگىنىچە تۇراتتى.

## ئادەملەر

— بولدى، نېرى تۇر ئۆزەم قىلاي!

ئۇ مېنىڭ قولۇمدىكى پىچاقنى زەردە بىلەن تارتىۋېلىپ، مېنى ئىتتىرىۋەتتى. كۆزۈمگە شۇ ھامان لىققىدە ياش كەلدى. شۇنداقمۇ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ ئۈن - تىنسىز ئۆز ئىشىمغا كىرىشىپ كەتتىم. چارەك سائەت ۋاقىت ئۆتمىگەنىدى، «ۋايجان» دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ سىلكىپ ئېتىلغان پىچاق پۇتۇمنىڭ دۈمبىسىنى شىلىۋېتىپ توختاپ قالدى. پىچاق كەسكەن يەردىن شۇ ھامان تېزلىك بىلەن قان سىرغىشقا باشلىدى. مەن قورقۇنچ ۋە ئاغرىق دەستىدىن «ئانا» دەپ تۇۋلاپ سالدىم ۋە ئۇنىڭغا ئاچچىق بىلەن قارىدىم. ئۇنىڭ قولىنىمۇ پىچاق كەسكەن ئىكەن. بىراق، ئۇ ماڭا چىرايىدىن غەلىبە كۈلكىسىنى ئۆچۈرمىگەن ھالدا، قولىدىن چىقىۋاتقان قاننى يېيىغلىق خېمىر ئۈستىگە تامچىتقىنىچە ماڭا قاراپ تۇراتتى. مەن ئېڭىشىپ پۇتۇمنىڭ ئۈستىدىكى پىچاقنى ئېلىپ ئۇنىڭ بېسىغا قارىدىم. پىچاق بىر قاراشتىلا بەك گال كۆرۈندى. دېمىسىمۇ، بايام مەن ئۇنى مىڭ تەسلىكتە ئىشلەتكەنىدىم. ئۇ ئۆڭ - سولى ئۆچكەن ھالدا قولىنى تېڭىش ئۈچۈن بىر نەرسە ئىزلەپ ئاغرىق دەستىدىن ۋايساۋاتاتتى. مەن پىچاقنى قويۇپ، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ قولياغلىقىم بىلەن قولىنى تېڭىپ قويدۇم.

ئۇ ماڭا چەكچەيگىنىچە قاراپ قالغانىدى.

## باھا

ئۇ ماڭا ئېچىنىش نەزەرىدە قاراپ دېدى:

— ئۆزۈڭگە ئادىلراق باھا بېرىپ باق.

— مەن ئاللىقاچان ئۆزۈمگە باھا بېرىپ بولغان. سەن ۋە باشقىلارنىڭ «سەۋەنلىك» دېگەنلىرى ھەممىسى قۇرۇق گەپ! ماڭا بۇ ئادەتتىكى ئىشلار.

ئۇ مېنىڭ جاۋابىمنى ئاڭلاپ، ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ كېتىپ قالدى. مەن ئۇنى ياڭراق كۈلكەم بىلەن ئۇزىتىپ قويدۇم، بىر چاغدا ئارقامدا ئولتۇرغان بىر نەچچە قىز - يىگىتنىڭ پىچىرلاشلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم:

— قاراڭلار، تازىمۇ ئۆزىنى بىلمەيدىغان نېمىكەن! قىز بالا تۇرۇپ، بىر چىرايلىق گەپ قىلسا بويۇن تولغىغىنىنى...

— ھالىغا باقماي...

مەن ئارقىدىن مەسخىرىلىك كۈلكىلەرنىڭ سوغۇق ئاۋازىنىمۇ ئاڭلاپ قالدىم. ئۇلار شۇ گەپلەرنى دېگىنىچە بىر - بىرىنى چاقىرىشىپ، ئالدىمدىن ئۆتۈپ كېتىشتى. مەن شۇ چاغدا ئۆزۈمنى تەمكىن تۇتۇپ ئولتۇرۇشقا تىرىشسام مۇ، يەنىلا چوغ ئۈستىگە دەسسىۋالغاندەك ئارامسىزلىنىپ كەتتىم. مۇمكىن بولسا ئۇلارنىڭ ئاۋاز چىقىرىش ئورگانلىرىنى نابۇت قىلىۋەتكەن بولاتتىم. شۇ چاغ ئەتراپىمغا قاراپ، باغدا ئۆزۈمنىڭ يالغۇز ئىكەنلىكىمنى بىلدىم ۋە ھۆكىرەپ يىغلىۋەتتىم. بۇ مېنىڭ ئەقلىمگە كەلگەندىن بۇيانقى ئىچ - ئىچىمدىن چىقىرىپ تۇنجى يىغلىشىم ئىدى. بىر نەچچە مىنۇت يىغلىغاندىن كېيىن، كۆزۈمدىن ياش چىقماي قالدى، نائىلاج يىغامنى توختاتتىم. لېكىن قىزىقارلىقى، بىردىنلا يوپۇرماقلارنىڭ پىچىرلاشلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم:

— ئەگەر بوران چىققىدەك بولسا، چېچەكلەرنى جېنىمىز بىلەن قوغدايلى. ئۇنىڭغا بوش كېلىدىغان بولساق مېۋىسىز قالىمىز...

مەن يوپۇرماقلارنىڭ بۇ سۆزىنى ئىچىمدە نەچچە ئون قېتىم تەكرارلىدىم. شۇھامان كۆڭلۈم «پاللىدە» يورۇپ كەتتى. مەن ئۆزۈمگە بەرگەن «باھا» دىن شادلىنىپ كۈلدۈم ۋە ئورنۇمدىن تۇرۇپ سىرتقا ماڭاي دەپ تۇرۇۋېدىم، كۆزۈم ئالدىمغا كېلىۋاتقان كىشىنىڭ مەمنۇنىيەت پارلاپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. مەن ئورنۇمدا توختاپ ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتتۈم.

**مەمتىمىن رەمتۇللا**

## سۆيگۈ تامچىلىرى

1

مۇھەببەت تۇنجى قېتىم مېنىڭ قەلب دېرىزەمنى چەككەندە، مەن تېخى گۆدەك ئىدىم. كېيىن ئۇنى يوقلاپ بارغىنىمدا كۆرۈنمەس، ئۈزۈلمەس يىپ بىلەن يۈرەك بېغىشىمدىن باغلاپ قويدى.

2

تۈن نىسپى، كىرپىكلىرىم ماڭا ئىلتىجا قىلدى:

— ئەي ئىنسان، تېزرەك ئۇخلىغىن. شۇندىلا بىز بىلەكلەردەك كىرەلىشىپ ۋىسالىمىزغا يېتەلەيمىز.

مەنمۇ ئۇلارغا مۇراجىئەت قىلدىم:

— ئالدى بىلەن سىلەر يادىن ئۇچقان ئوق بولۇپ ئىگارىم يۈرىكىگە سانجىلىڭلار، شۇندىلا مەن مۇرادىمغا يېتىمەن، ئاندىن سەھەرنىڭ تىلىكىڭلار ئىجاۋەت بولىدۇ.

3

مېنىڭ يۈرىكىم — بۇلاق. ئۇنىڭدىن بۇلدۇقلاپ، بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ چىقىدىغىنى — سۆيگۈ فونتانلىرى.

يۈرىكىمنىڭ رېتىملىق سوقۇشىمۇ بىر خىل مۇزىكا. ئۇنىڭدىن ياڭرايدىغىنى — سۆيگۈ سىمفونىيىسى.

4

مەن يۈرىكىمنىڭ سوقۇشىنى تىڭشاپ باقسام، ئۇ ناخشا ئېيتىۋېتىپتۇ. مەن ئۇنىڭ ناخشىسىدا كۈيلەنگەن سۆيگۈ لەززىتىدىن مەس بولۇپ تاڭغا يېقىن ئۇخلاپ قالغانىدىم. ئۇ چۈشۈمدىمۇ ئارامىمنى بۇزدى.

5

مەن ئۆلدۇم. لېكىن يۈرىكىمدىكى سۆيگۈ تېخىچە ئۆلگىنى يوق، شۇڭلاشقا مەن ئۇنى كۆكرىكىمدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ بېشىمدىن ئېگىز كۆتۈردۈم. ئۇ خۇددى دانكونىڭ يۈرىكىدەك نۇر چېچىپ نۇرغۇنلىغان سۆيگۈ مەستانىلىرىغا يول باشلىدى.

6

بىرسى مېنىڭ تەلپىمنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، مەن مۇھەببەتتىن بىزار بولۇپ، ئۇنى كۆز يەتمەس يىراقلىققا چۆرۈپ تاشلىدىم. لېكىن سۆيگۈ مېنى ئەسىر قىلىۋالدى. چۈنكى، ئۇ ئىككىنچى بىر يۈرەكنىڭ ماڭا تەشنا ئىكەنلىكىدىن بىشارەت بېرىۋاتاتتى.

7

ئەگەر مەن ۋېناس① بولغىنىمدا ئىدى، دۇنيادىكى بارلىق مۇھەببەتسىز ئادەملەرنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتەتتىم.

## يىغانلىق ھېسلار

1

مەن قولۇمغا قەلەم ئالغاندا، خەلق قەلبىدىكى ئارزۇ ئارمانلارنى قېزىپ چىقالىدىم، تۇمەنلىگەن ئادەم ئالقىش ياڭراتتى. ئۇنىڭ بەدىلىگە كېلىدىغان پۇلنى كۆزلەپ يازغىنىمدا بولسا، ئىتمۇ قولۇمنى جاراھەتلەندۈرۈپ، قەلىمىمنى چۇشۇرۇۋەتتى.

---

① ۋېناس — قەدىمكى يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى گۈزەللىك ھەم مۇھەببەت ئىلاھەسى — مۇھەررىر.

2

مەن ئەجىرسىز كەلگەن پۇلنى كۆرۈپ تەڭلىكتە قالدىم. ئالاي دېسەم، ۋىجدانىم يول قويمايدۇ. ئالماي دېسەم، نىگارىم رەنجىيدۇ.

3

مەن ئۇخلاپ قاپتىمەن، ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى بىلمەيمەن، بىر-سى پۇتۇمدىن چىشلەپ تارتتى. ئويغىنىپ قارىسام، ئەۋلادلىرىم مەن قالدۇرۇپ كەتكەن كەتمەن بىلەن بەدىنىمنى چاناۋېتىپتۇ، تېنىممۇ ئاللىقاچان توپراققا ئايلىنىپ كېتىپتۇ.

4

مەن ئەمدىلا ئېچىلىپ جۇلالىنىپ تۇرغان قىزىل گۈلنى ئۈزۈۋېلىپ، ئۇنىڭ خۇشبۇيى پۇرىقىدىن ھوزۇرلاندىم. ئارقىدىن يەرگە تاشلاپ دەسسەپ چەيلىۋەتتىم. لېكىن ئۇنىڭ تى-كىنى يۈرىكىمنى جاراھەتلەندۈردى.

5

بىر نادان ئادەم چىرايلىق نەقىشلىك قەپەزنى كۆرگىنىدە، خۇشاللىق بىلەن ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئۇخلاپ قالدى. ئەمما ئۇنى بىر ئاقىل ئادەم كۆرگىنىدە، سۇندۇرۇپ كۇ-كۇم - تالقان قىلىۋەتتى.

6

مەن — ئۆلگەن ئادەم. يۈرىكىم ئاللىقاچان سوقۇشتىن توختىغان. لېكىن كۆزلىرىم تې-خىچە ئوچۇق. چۈنكى، ئۇنىڭدا پەيدا بولغان ئۈمىد ئۇچقۇنى تۈندە چاقنىغان يۇلتۇزدەك نۇر چېچىپ تۇرىدۇ؛

7

مەن زېمىننىڭ ئۈستىدە تىك تۇرغانىدىم، ئۇنىڭدىن:

— ئەي ئوغلۇم، توپراققا ئايلىنىپ كەتكەن بوۋاڭنىڭ يۈزىگە دەسسەپ تۇرۇشقا قانداق پېتىندىڭ؟!— دېگەن غەزەپلىك سادا ئاڭلاندى.

مەن ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەنىدىم، ئەرۋاھلار ئورۇۋېلىپ بېشىمنى ئايلاندۇرۇۋەتتى.

مەن تاقەت قىلالماي قۇياشقا قاراپ يۈگۈردۈم. ئۇ ئوتلۇق تەپتى بىلەن جىسمىمنى كۆيدۈرۈپ، كۈلۈمنى زېمىنغا چېچىۋەتكەنىدى، بوۋامنىڭ توپراققا ئايلانغان ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتتى.

8

مەن زېمىننىڭ قوينىغا ئۆزۈمنى ئاتقاندا، روھىم ئاللىقاچان ئەرشكە چىقىپ كەتكەن بولىدۇ. لېكىن، مەن قالدۇرۇپ كەتكەن ناخشا زېمىن بىلەن ئەرشنىڭ ئارىلىقىدا ياڭرايدۇ.

**يالقۇنجان ئىسلام**

# تاۋۇس بىلەن تورغاي

( مەسەل )

قىش ـ زىمىستان قوغلىنىپ،
باھار كېلىپ ، ياز كېلىپ.
دەريالارغا ، كۆللەرگە،
ياۋا ئۆدەك، غاز كېلىپ.
ئورمانلاردا، قىرلاردا،
رەڭمۇ رەڭ گۈل ئېچىلىپ.
دىماقلارنى مەس قىلىپ،
ئىپار ھىدى چېچىلىپ.
جىلغىلاردا تاغ سۈيى،
شاۋقۇنلىنىپ ئاققاندا.
ۋادىلارنى ياپ ـ يېشىل،
باغرىغا چىلىڭ ياققاندا.
تەبىئەتتە بارچە جان،
خۇشال كۈلگەن كۈنلەردە.
شېرىن ھايات پەيزىنى،
راسا سۈرگەن كۈنلەردە.
بۇلبۇل بىلەن قىزىل گۈل،
ۋىسال تېپىپ توي قىپتۇ.
ئۇلار بارچە قۇشلارنى،
ئۆز تويىغا ئېيتىپتۇ.
ئاداشلىرى ئۇلارنىڭ،
كېلىشىپتۇ ھەر ياقتىن.
ئېلىپ سوۋغا ـ سالاملار،
توپ ـ توپ يېقىن ـ يىراقتىن.
تاۋۇسقىمۇ تېگىپتۇ،
كېلىپ بىرسى باغاقنىڭ.
دەپتۇدەك ئۇ : بوپتىمىش،
تويى بۇلبۇل ئاۋاقنىڭ.

بېرىپ ئۇنىڭ تويىنى،
مەن بىر كۆرۈپ كەلمەيمۇ.
ئۆزۈمنى مەن ئۇلارغا،
راست تونۇتۇپ قويمايمۇ.
تاۋۇس بولۇپ ياسانماق،
كەپتۇ بۇلاق قېشىغا.
تويماي ـ تويماي قاراپتۇ،
گۈزەل ئۈستى ـ بېشىغا.
زىلال سۇدا جامالى،
كۈندەك يورۇپ تۇرغىدەك.
يۇلتۇزلاردەك جۇلالاپ،
ئايدەك تولۇپ تۇرغىدەك.
مانا ئۇنىڭ زەر تاجى،
بېشىدا زەپ ياراشقان.
لەۋەن ـ زىبا قامىتى،
ئاجايىپمۇ قاملاشقان.
تۇرار قانات ـ قۇيرۇقى،
تەنتەنىلىك ئېچىلىپ.
ھەر تال پەيدە بىر گۆۋھەر،
ئەتراپقا نۇر چېچىلىپ.
گويا نەپىس كەشتىدەك،



ھەر تۈرلى گۈل چىكىلگەن.
ئىنسان ئەمەس ھۆر - پەرى،
قوللىرىدا تىكىلگەن.
مەيدىسىگە سانا قىسىز،
مەرۋايىتلار تىزىلغان.
گويا نادىر سۈرەتتەك،
ئەجەب لىرىك سىزىلغان.
كۆرۈنگەندە ئۆز ئەكسى،
شۇنداق، تاۋۇس كۆزىگە.
خۇشاللىقتىن قالدى ئۇ،
ئىشىنەلمەي ئۆزىگە.
باشقىلار كىم، پاھ! مەن كىم؟
دېگەنلەرنى ئويلىدى.
ئۆز ھۆسنىدىن زوقلىنىپ،
خۇمار كۆزى ئوينىدى.
ئوت چىقىراي دوستلىرىدىم،
كۆزىدىن بىر، دېدى ئۇ.
سەت مايمۇنلار ئۇيالسۇن،
ئۆزىدىن بىر، دېدى ئۇ.
شۇنداق قىلىپ ئۇ مانا،
گىدەيگەنچە ھال تارتىپ.
ئۇچرىغانغا گەپ قىلماي،
قاپاق سۈزۈپ، ماي تارتىپ.
مېڭىشىغا غىلجىڭلاپ،
زېمىن كىچىك - تار كېلىپ.
ئۇچۇپ كۆكتە تۇپراققا-
دەسسەش نومۇس-ئار كېلىپ.
تەشرىپ قەدەم ئەتتى ئۇ،
بۇلبۇلجاننىڭ تويىغا.
توي مەشرىپى تۈزۈلگەن،
بىر دەريانىڭ بويىغا.
ئۆزگە قۇشلار بۇ تويغا،
كېلىپ بولغان بۇرۇنلا.
ئۆزىگە خاس ئورۇنىنى،
ئېلىپ بولغان بۇرۇنلا.

تۇرۇپ ھەممە ئورنىدىن،
بىلەن شېرىن كالاملار.
ئىزھار قىلدى تاۋۇسقا،
ئىززەت-ئىكرام، سالاملار.
سالاملارنى تاۋۇس ھېچ،
ئېتىبارغا ئالمىدى.
تۇرغانلارغا ئورنىدىن،
نەزەرىنى سالمىدى.
بارچە قۇشلار بۇ ھالنى،
كۆرۈپ، كېلىپ غەزەپكە.
قويماق بولدى تونۇتۇپ،
ئۆزىدىن بۇ بىئەدەبكە.
بېرىشمىدى ھېچكىممۇ،
لايىق ئورۇن ئۇنىڭغا.
قالدى تاۋۇس سۈرۈلۈپ،
ئاخىرى بىر بۇلۇڭغا.
سەن جىم، مەن جىم بىر مەھەل،
ئۆتتى كۈلكە - پاراڭلا.
غەزەپىنى كۆپچىلىك،
بېسىپ ئالدى ئارانلا.
سۆرۈنلەشكەن كەيپىيات،
يەنە بىردىن بۇزۇلدى.
قىزىقچىلار ئارقىلىق،
قايناق سورۇن تۈزۈلدى.
قوللىرىغا سازچىلار،
ئالدى غېجەك، راۋابنى.
چالسا بىرى سۇنايىنى،
ئۇردى بىرسى چاۋاكنى.
ئۇسسۇلچىلار ئارىغا،
چۈشۈپ ئۇسسۇل ئوينىدى.
بەزىلىرى قۇشلارنىڭ،
قوشاق كۈيلەپ تويىدى.
ھېچقايسىمۇ تاۋۇسقا،
تەكلىپ بېرىپ قويمىدى.
ئەشۇ ھالدىن تاۋۇسنىڭ،

ئىچى ئاداپ قايىندى.
بىر كۆرسىتىپ ئۆزۈمنى،
ئاچاي ئۇلار كۆزىنى.
دەپ تەكلىپسىز مەيدانغا،
ئاتتى تاۋۇس ئۆزىنى.
ئوينىدى ئۇ شۇنچىلىك،
نەپىس، لەرزان شوخلىنىپ.
سۇلكىتىدىن ئۆزىنىڭ،
مەمنۇن بولۇپ، زوقلىنىپ.
ماڭدى يېنىك يورغىلاپ،
خۇشاللىقتىن كۈلگەنچە.
بېشىدىكى ئالتۇن تاج،
چاقناپ، قانات كەرگەنچە.
ئوينىدى ئۇ بىر هازا،
پۇت - قولىمۇ تالمىدى.
يۈگرەپ - يۈگرەپ ئاخىرى،
هېچ مادارى قالمىدى.
كۆردۈڭلارمۇ دېگەندەك،
ئەتراپىغا باقتى ئۇ.
خىيالىدا هەر دىلغا،
هەسەت ئوتى ياقتى ئۇ.
شۇ چاغ شاق-شاق سېغىزخان،
دوستلىرىغا بىر قاراپ.
دېدى : تاۋۇس ئۇسسۇلى،
كەتتى بىزگە بەك ياراپ.
ئەندى بىزگە ئادىشىم،
ناخشا ئوقۇپ بەرسىكەن.
تالانتىنى دوستۇمنىڭ،
هەممە قۇشلار كۆرسىكە.
باش لىڭشىتىپ باشقىلار،
شۇنداق بولسۇن دېيىشتى.
سېغىزخانىنىڭ ئەقلىگە،
تەهسىن ئوقۇپ كۈلۈشتى.
تەكلىپ بىلەن، تازىلار،
ياڭراق چاۋاك چېلىندى.

ئاقىللارنىڭ دامىغا،
تاۋۇس پۇتى ئىلىندى.
چۈنكى ناخشا توۋلاشنى،
تاۋۇس ئەسلا بىلمەيتتى.
هەم بىلمەيمەن دېيىشنى،
ئۇ هەم راۋا كۆرمەيتتى.
تاۋۇس ئاخىر نائىلاج،
قىرغىنىچە كېلىنى.
غەزەل ئېيتىش كويىدا،
ئۆمەللىدى تىلىنى.
زۇۋانىدىن ۋە لېكىن،
هېچبىر ناۋا چىقمايدۇ.
سەت ئاۋازى شۇ قەدەر،
پەقەتلا غاق - غاق دەيدۇ.
غاقىلدىشى غەيرىلا،
ئوخشىمايدۇ غازغىمۇ.
كەلمەيدۇ هېچ پەدىگە،
تەڭكەش قىلغان سازغىمۇ.
شۇنچە كۈچەپ باقسىمۇ،
هېچبىر ئىلاج بولمىدى.
مازاق، نومۇس - ئىزاغا،
تويدى، لېكىن ئۆلمىدى.
كىرىپ كەلدى شۇ ئاندا،
تورغاي كۈلۈپ سەهنىگە.
بىلەن سىلىق تەكەللۇپ،
تازىم قىلىپ هەممىگە.
چاۋاك، ئالقىش - تەنتەنە،
كۆتۈرۈلدى هەر ياندىن.
ئۆلمەك ئۈستىگە تەپمەك،
چىقتى تاۋۇس مەيداندىن.
دەپ ئىچىدە، تورغاي تاز،
نېمە قىلىپ بىرەركىن.
قېلىپ قانداق ئىزاغا،
نېمە كۈنلەر كۆرەركىن.
بىراق تورغاي ئاۋازى،

ياڭراپ قۇلاق قېشىمدا.
گويا چاقماق چاقناندەك،
بولدى ئۈنىڭ بېشىمدا.
ئەجەب شېرىن بىر ناۋا،
كۆڭۈللەرنى مەس قىلغان.
ھەر ئەقىلنى پەيزىدىن،
ھەيران قىلغان، ھەس قىلغان.
ئەجەب ئەپىس بىر ئاھاڭ.
يۈرەكلەرنى ئويناتقان.
كۆڭۈللەردە ئاجايىپ،
گۈزەل ھېسلار ئويغاتقان.
قايناۋاتقان قازانغا،
گوياكى سۇ قۇيغاندەك.
قۇشلار توپى لاچىنىنىڭ،
شەپىسىنى تۇيغاندەك.
ۋاراڭ - چۇرۇڭ بېسىقتى،
ھەممە بىردىن جىم بولدى.
بىر نۇقتىدا جۈپ كۆزلەر،
مىڭلاپ قۇلاق دىڭ بولدى.
تالاي ئېغىز ھەيرانلىق،
بىلەن ھاللاڭ ئېچىلدى.
نىگاھلاردىن يۈزلىگەن،
ياش ئۈنچىسى چېچىلدى.
تورغاي تازىم كەلتۈرۈپ،
ناخشىسىنى توختاتتى.
گۈلدۈرلىگەن چاۋاكتىن،
تاۋۇس ئاچچىق ئۆھ تارتتى.
دېدى: باشقا قۇشلارنى،
كۆزگە ئىلماي كەپتىمەن.
دۇنيادا مەن ئۆزۈمنى،
يىگانە مەن دەپتىمەن.
قىلماپتىمەن ئۇلارنى،
تەڭ، بۇرادەر ئۆزۈمگە.
تەكەببۇرلۇق، مەنمەنلىك،
قوم تىقىپتۇ كۆزۈمگە.

ھەر بىر قۇشتا ئۆزىگە،
خاس پەزىلەت بار ئىكەن.
ھەر خاسىيەت، تالانتقا،
ھەم بىر ئەيىب يار ئىكەن.
تۇردى تاۋۇس ئورنىدىن،
تۆككەنچە كۆز يېشىنى.
دوستلىرىنىڭ ئالدىدا،
ئەگكىنىچە بېشىنى.
بۇلبۇلجاندىن ئۆزىنى،
كەچۈرۈشنى تىلىمىدى.
ئاداشلىرى شۇ ئاندا،
كېلىپ ئۇنى يۆلىدى.
ھەر بىر جانلىق يۈرىكى،
ئېرىپ بىردىن شۇررىدە.
چۆرىسىگە تاۋۇسنىڭ،
ئۇچۇپ كەلدى پۇررىدە.
ئەلنەغمىلەر قىمزىدى،
مەشرەپ يەنە باشلاندى.
ھەممە قۇشلار ساماغا،
قانات قېقىپ تاشلاندى.
قۇچتى كۆكنى جاراڭلاپ،
ناخشا - سازلار ئاۋازى.
كەڭ مەيداننى بىر ئالدى،
ئۇسسۇلچىلار پەرۋازى.
مانا ئەندى تاۋۇسمۇ،
نازلىنىپ شوخ كۈلگەنچە.
ئۈزۈپ كېلەر مەيداندا،
قاناتلىرىن كەرگەنچە.
شۇنداق قىلىپ ئويناشتى،
ئۇلار بەغرى قانغىچە.
ئەتىگەندىن كەچكىچە،
كەچتىن ھەتتا تاڭغىچە.
داستىخانلار تارتىلدى،
نازى - نېمەت مول بولۇپ.
قايتىپ كەلدىم شۇ تويدىن،
ئاغزىم ئاران ھۆل بولۇپ.

**ئەمەتجان قەيۇم**

## كونا - يېڭى لەتىپە

سۆز باشلاي لەتىپەدىن ئىككى ئېغىز،
بوپ قالار بەزىلەرگە ئىبرەت، بىلگىز.

ئۆتمۈشتە موللا نەزەر ئاتلىق كىشى،
ئۆتكەنىكەن، پىر دىخۇنلۇق كەسپى - ئىشى.

كۈنلەردە رەيىقىسى ئۇردىخانىغا،
تېگىپتۇ قاتتىق كېسەل، قاداپ جانىغا.

كېتىپتۇ بارا - بارا ئىنىق ئازلاپ،
ئۆي ئىچى ساراسىمىدا ئاھۇ ۋايلاپ...

تۇرالماي نادامەتتىن موللا نەزەر،
تۇغ باغلاپ، داراڭلىتىپ داپنى بەدەر.

دەم ئوقۇپ، ھۇرۇپ دەمدە خەنجىرىسگە،
ئىلتىجا قىپتۇ پەلەك پەدرىگە:

«ئى خۇدا، تاقىتىم يوق، ئەمدى مېنىڭ،
ئىبەرگىن، كەلسۇن تېزراق ئەزرائىلىڭ.

رەيىقەم ئۇردىخانىغا كەلگەن ئەجەل،
ماڭىلا كەلسۇن، ئاڭا بولسۇن بەدەل...»

شۇ پەيتتە ھويلىدىكى قوڭۇر كالا،
سۆۋەتتىكى ھەلەپتىن تويۇپ راسا،

تۇرۇشى، ئىلمەك ئىلىنىپ مۈڭگۈزىگە،
كېيىلىپ قاپتۇ سۆۋەت باش - كۆزىگە.

سۆۋەتنى چىقىرالماي ئۇيان ئۇسسۇپ،
بىر ئامال (قوڭۇر كالا) بۇيان ئۇسسۇپ.

تاقىراق ئىشىك ئېچىپ كىرىپ كەپتۇ،
خانىغا مىسلى سۇربەت ئېلىپ كەپتۇ.

ئۇشبۇ ھال، موللا نەزەر ئالاق - جالاق،
ئىترەشتىن دەپتۇ: «خوتۇن مەندىن تالاق.

ئەزرائىل، ئەخسىر، ئالىي ھەزرەتلىرى،
ئەجەبمۇ تېز يېتىپتۇ قەدەملىرى.

دۇنيادا ئادىللىقتا ئۆزلىرى بار،
ئاغرىق كىم، ساق كىم؟ روشەن كۆزلىرى بار.

ئالالا، قاراپ شۇندىن ئامانەتنى،
پېقىرنىڭ كۆرگۈسى يوق قاباھەتنى...»

× ×

سۆز ئاچتىم لەتىپەدىن ئىككى ئېغىز،
بوپ قالار بەلكىم داۋا، قىرتاق مېغىز.

كۆپ ئەمەس، ئۆتكەن يىلى بولغان ئىش بۇ،
كۆز ئۆتۈپ، كىرەي دەپلا قالغان قىشمۇ.

يەرلىك مال شىركىتىدىن ئىشچى لېتىپ،
يانغىچە ئىچىپ ھەمدە كەيپى كېتىپ.

ئۆيگە كەلسە بالا - چاقا ھۆكرەپ،
بېرىپتۇ ھاللىنىشتىن ئەھۋال سۆزلەپ:

«ئانىمىز، ھېچ تاۋى يوق چۈشتىن بۇيان،
يىقىلدى، مادارى يوق، رەڭگى سامان.

خوشنىلار بالنىتسىغا ئېلىپ كەتتى،
تۇراقكام ھارۋىسىغا سېلىپ كەتتى...»

«ئاھ، جېنىم» دەپتۇ لېتىپ، ئاھ - ۋايلاپ،
جۇنەپتۇ دوختۇرخانا ياقىنى پايلاپ.

خەيرىيەت، يېتىپ كەپتۇ، تايتۇك دەسسەپ،
قويۇپتۇ مەسئۇل دوختۇرمۇنداق سەۋەب:

«يىقىلغان كۆپ تۇغۇتتىن ئايالىڭىز،
قان بېرىش بۇدەم جىددى ئامالىڭىز...»

لېتىپ مەس دەپتۇ: «مەندىن قان ئېلىڭلار،
قان ئەمەس، بولسا لازىم جان ئېلىڭلار.

رەپىقەم قالسا ھايات كۈپايە ـ بەس،
بار ۋەجىم كەتسە ئاڭا، كۆرۈنمەس خەس…»

«پىكىر دىگىز ياخشى،ـ دەپتۇ دوختۇر،ـ بىر دىلى،
ئەتىگە خىراجەتنى تەييار قىلىڭ.»

ئەتىسى كەپتۇ لىبىتىپ چۈشكە يېقىن،
ھاسىراپ ـ ھۆممەدەشتىن تۇتۇپ بېقىن.

ئەھۋالنى ئىزھار قىلىپ دوختۇر قايتا،
تاقاپتۇ سۈرۈشتىنى دورا ـ قانغا…

«ئەلھەزەر، ـ دەپتۇ لىبىتىپ، ـ مەندە قان يوق،
قۇلىقىم غوڭۇلدايدۇ، بەلدە جان يوق.

ئىقتىسادى يېقى چاغلىق، يەتتە دۇرمىز،
تەشكىلدىن غەمخورلۇقنى ئەپتۇرۇرمىز.

يۆلەكنى ئايالىمغا قىلسۇن شۇلار،
دوختۇرۇم، مەندىن جاۋاب مۇشۇ بولار…»

×

سۆز ئاچتىم لەتىپىدىن ئىككى ئېغىز،
بولسۇن دەپ بەزىلەرگە ئىبرەت، بېگىز.

پايدىلىق ياخشى كۈندە سۇنۇپ ئاپتاپ،
ئەر ئەمەس، يامىنىدا قاچقان ۋايساپ،

**ھوشۇر ئابدۇللا**

## ئىككى مەسەل

### تۈلكە

بەزىلەرنى كۆرگىنىمدە ھېچىيىپ،
بېسەلمايدۇ ئاغزىلىق سىرنىڭ كۈلكىدىن.
بەزىلەرگە نىچۈن شۇنچە رەھىمسىز،
دەپ سوراپتۇ بۆرى بىر كۈن تۈلكىدىن.

ــ بەزىلەرگە شۇنداق قاتتىق تەگمىسەم،
بەزىلەرگە كۈلمىسەم گەر باش ئۇرۇپ.
قانداق قىسىمغا ياشالايمەن توق ۋە شاد،
دەپتۇ تۈلكە بۆرىگە قاش ئوينىتىپ.

تۈلكىنىڭ بۇ قۇۋلىقىدىن سەسكىنىپ،
لەنەت ساڭا! دەپتۇ بۆرى كېتىپتۇ.
ئەمما تۈلكە دەرھال بىرىپ توشقاننىڭ،
ئۇۋىسىنى تىلغاپ پايخان ئېتىپتۇ.

### ئىككى ئاچكۆز ۋە ئوۋچى

سوقۇشۇپتۇ ئىككى بۆرى،
ئولجا تالىشىپ.
ــ ئەجەب ئىشقۇ،ـ دەپتۇ ئاڭا،
قەۋمى قارىشىپ.

توساتتىنلا ئوۋچى يېگىت،
پەيدا بولۇپتۇ.
ئاچكۆزلەرگە قەلبىدە،
غەزەپ تولۇپتۇ.

خۇپىيانە يېقىنلاپتۇ،
ئەپلىك بىر جايغا.
ئوق ئۈزۈپتۇ، ئىچى ئاغرىپ،
بىچارە تايغا.

ئىككى بۆرى يەر چىشلەپتۇ،
ئىككى پاي ئوقتا.
ئايان بوپتۇ بۇ ۋەقەدىن،
مۇنداق بىر نۇقتا:

ئىككى ئاچكۆز ئوۋ تالاشسا،
ئوۋچىغا پايدا.
ئاچكۆزلەرگە ئامانلىق يوق،
ئوۋچى بار جايدا.

**ئابلىمىت توختى**

# قۇتلۇق قەدەم

(ھېكايە)

نىجات باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چاغلاردىلا يېزىقچىلىققا ھەۋەس قىلىپ قالغانىدى. شۇڭا دەم ئېلىش، ھېيت - بايرام كۈنلىرىدىمۇ باش كۆتەرمەي ئۇنى - بۇنى يازاتتى. مۇئەللىمىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، ئاخشاملىرى ياستۇقىنىڭ يېنىغا قەلەم - قەغەزنى قويۇپ قوياتتى - دە، خىيالىدىن كەچكەن مەنزىرىلەرنى، تۇرمۇشتا ئۇچراتقان قىزىقارلىق ۋەقەلەرنى ئۆز ۋاقتىدا خاتىرىلىۋالاتتى. بىراق، ئۇنىڭ يازغانلىرى كۆپ بولغىنى بىلەن، بىرەر پارچە ئەسىرى گېزىت - ژۇرناللارنىڭ بۇرجەكلىرىدىن ئورۇن ئالالمىدى...

ھازىر نىجات تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىدا ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭ سىنىپ مەسئۇلى تۇرسۇن مۇئەللىم ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، ئىجادىيەت ئۇسۇلى ۋە يېزىقچىلىققا دائىر بىلىملەرنى سۆزلەپ بەردى، ئوقۇغۇچىلارنى ماقالە - ئەسەر يېزىشقا تەشكىللىدى. بۇ ئىش نىجاتنىڭ ئۆچۈپ قالاي دېگەن ئۈمىد شامىنى ئۇلغايتىپ، قەلبىگە يېڭى ئىلھام بەخش ئەتتى.

ئۇ، قەلەمنى قايتا قولىغا ئېلىپ ھېكايە يېزىشقا كىرىشتى. كۆڭلىدە تېمىسى يېڭى، مەزمۇنى ياخشى، قۇرۇلمىسى پۇختا دەپ قارىغان ھېكايىلىرىنى مەتبۇئات ئورۇنلىرىغا ئەۋەتتى. ئەمما بۇ ھېكايىلەر ئۇنىڭ نەزىرىدىم «ياخشى» بولغىنى بىلەن تەھرىرلەرگە ياراماي، بىرەر پارچىسىمۇ ئېلان قىلىنمىدى. ئۇنىڭ ئىچى تىت - تىت بولۇشقا، قەلبىدىكى ئىشتىياق ئوتى يەنە ئۆچۈشكە باشلىدى. ئۇ، خىيالچان بولۇپ قالدى. يازماي دېسە، ئارزۇ - ئىستىكىدىن ۋاز كېچەلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تۇرسۇن مۇئەللىممۇ دائىم: «ياخشى يېزىۋاتىسىز، سىزدىن ئۈمىدىم زور، داۋاملىق تىرىشىڭ!» دەپ ئۇنىڭغا «ئىلھام» ئاتلىق ئېمىزگىنى شورىتىپلا كەلدى. يازاي دېسە ئىشلىتىلمەي ئۈمىدسىزلەندى.

«ھەي، بىرەر پارچە ھېكايەم ئېلان قىلىنىپ قالسا قانچە ياخشى بولاتتى - ھە؟» ئۇنىڭ كاللىسىنى ئوي - خىيال ئەسىر قىلىۋالغانىدى. دەل شۇ چاغدا بىر توپ ساۋاقداشلار دۈپۈرلىشىپ يۈگۈرگەن پېتى سىنىپقا كىرىپ كەلدى.

— ھە يازغۇچى، - دېدى نىجاتنىڭ ساۋاقدىشى ۋەلى سوغۇق ھېجىيىپ، - يەنە شۇ ھېكايە يېزىش كويىدا يۈرەمسەن؟! ئەكىلە دەپتىرىڭنى، يېڭى ھېكايىدىن بىرنى باشلىۋەتتىڭمۇ نېمە؟



ۋەلىنىڭ مەسخىرىلىك كەپلىرى ئىجاتقا بەكمۇ ئېغىر كەلدى، يۇمىلاق يۈزلىرى تېخىمۇ ئېسىلىپ، قۇلىقى غوڭۇلداپ كەتتى. ئۇ شۇ ئاچچىقىدا ۋەلىنىڭ ئۇزاتقان قولىنى سىلكىۋېتىپ، ئالدىدىكى دەپتەر، قەلەملىرىنى سومكىسىغا سالدى-دە، ئۇنىڭغا ھوممىيىپ قويدى...

ئىجات كەچقۇرۇن ئۆيىگە كېلىپلا، يولبويى كۆڭلىدىن كەچكەن ئىشلارنى خاتىرىسىگە يېزىشقا كىرىشكەنىدى. «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك، دادىسى ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ:

— ھەي، سەن ھازىر بارسا كەلمەس يولغا كىرىۋالدىڭ، مەنمۇ ئون ئىككى يىل ئوقۇغان، ئەمما تارىخىمدا بىر پارچە ھېكايە يازالىغان ئەمەسمەن. چېكەڭنى تۇتۇپ مۇنداق ئۇۋۇلۇپ ئولتۇرۇۋەرسەڭ نېرۋاڭ كاردىن چىقامدۇ؟ ئۆزەڭنى ئۇپراتمىساڭ بولاتتى، مۇشۇنىڭ ئورنىغا باشقا پەنلەرنى ئۆگەنسەڭچۇ؟- دېدى.

ئىجاتنىڭ ۋەلى ئاتا قىلغان كۆڭۈل يارىسى تېخى ساقايمىغانىدى، شۇڭا ئۇ دادىسىغا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، ئازابلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

دادىسى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتتى بولغاي:

— ھازىرچە زورۇقۇپ كەتمە، ئوغلۇم. يېشىڭنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ئەقلىڭمۇ ئۇلغىيىپ بارىدۇ. يېزىقچىلىققا شۇ چاغدا تۇتۇش قىلساڭمۇ كېچىكمەيسەن، - دېدى ۋە ئىجاتنىڭ بېشىنى سىلىدى.

— باشقا پەنلەرنى ئېسىمدىن چىقىرىپ قويغىنىم يوق،- دېدى ئىجات يوغان بىرنى تىنىۋېلىپ، - ئىشەنمىسىڭىز ئوقۇتقۇچىمدىن سورۇشتۇرۇڭ، بىر نەرسە يېزىپ تۇرۇشمۇ ئادەمنىڭ زېھنىنى ئاچىدۇ.

— گەپلىرىڭغۇ توغرۇلۇق، ئوغلۇم، - دېدى دادىسى ئىجاتنىڭ يېنىدىلا ئولتۇرۇپ،- بىراق يېزىقچىلىق دېگەن ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس، قولۇڭ يەتمىگەن شاختا ئېسىلىۋالساڭ، كېيىن پۇشايمانغا قالارسەنمىكىن؟

— شائىر، يازغۇچى بولىمەن دەپ پو ئاتالمايمەن، دادا. ئەمما مەندە يېزىقچىلىق ماھارىتىمنى يېتىلدۈرۈشكە ئىشەنچىم بار،- ئىجات قوي كۆزلىرىنى دادىسىغا تىكتى. ئۇنىڭ كۆزى ھەم مۇڭلۇق ھەم نۇرلۇق ئىدى. دادىسى ئۇنىڭ مۈرىسىگە يېنىك ئۇرۇپ قويدى-دە، ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ئىجات ھويلىدا سەكرەپ يۈرگەن ئالا موزايغا قىزىقىپ، بىر ھازا قاراپ ئولتۇرۇپ قالدى. «ئەشۇ موزاي جېنىدا سەكرەپ ئوينىغىدەك بولۇپتۇ، - دەيتتى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپ، - يېڭى تۇغۇلغان چاغدا ئاپام ئۇنى كۆتۈرۈپ ئېغىلدىن سىرتقا ئەپچىقاتتى. بىر مۇنچە ھەپىلىشىپ سۈت ئەمگۈزەتتى. مانا ئەمدى ئۆزى ئېمىپ، ئۆزى ئوت يەۋاتىدۇ، يۈگۈرۈپ سەكراۋاتىدۇ، مەنمۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە چوقۇم ئۆزۈپ چىقىمەن. ئەمما بىرەر پارچە ياخشى ئەسەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى خۇددى مۇئەللىم ئېيتقاندەك يىڭنە بىلەن قۇدۇق كولىغانغا ئوخشاش جاپالىق ئىش ئوخشايدۇ. مەن راستىنلا قولۇمدىن كەلمەيدىغان ئىشقا تەۋەككۇل قىلدىممۇ؟ ياق، ھازىرقىدەك تىرىشىپ-تىرماشسام چوقۇم نەتىجە يارىتالايمەن!

ئىجات ئويلايتتى، خىيال سۈرەتتى، ئىشتىياق بىلەن يازاتتى. ئەپسۇسكى، بىرەر پارچە ماقالە-ئەسىرى مەتبۇئات يۈزىدە كۆرۈنمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ چۈشكۈنلىشىشكە باشلىدى. ئۇنى ئوي-خىياللار ئەسىر قىلىۋالدى.

كەيپىياتىمۇ روشەن هالدا سۆزلىشىپ قالدى.

تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ تۇيغۇن يۈرىكى نىجاتتىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى دەررۇ سېزدۋالدى. شۇڭا ئۇ بىر كۈنى نىجاتنى ئىشخانىسىغا باشلاپ كىرىپ، ئۇزاق سۆھبەتلەشتى:

— نىجات، — دېدى تۇرسۇن مۇئەللىم ئاخىرىدا، — يېزىقچىلىق ئىنتايىن جاپالىق بولغان ئەقلىي ئەمگەك. ئۇ، تىرىشىپ ئۆگىنىش، تۇرمۇشنى ئىنچىكە كۆزىتىش، هارماي - تالماي مەشق قىلىش، بىر قېتىم يېزىپ، كۆپ قېتىم تۈزىتىش بەدىلىگە لەززەتلىك مېۋە بېرىدۇ. بىلىشىڭىز كېرەككى، ئەسەردىكى بىر سۆز ياكى جۈملىنىڭ يۈرەك قېتىدىكى قاندىن سىرغىپ چۈشىدۇ. سىزدىن ئۈمىدىم زور، بىراق سىز بىر قېتىم يېزىپلا قانائەت هاسىل قىلىۋاتىسىز. سىز بىر قېتىم يېزىپ، ئون قېتىم تۈزىتىشكە ئادەتلىنىڭ، پىشمىغان ئەسەرنى مەتبۇئات ئورۇنلىرىغا ئەۋەتىشكە ئالدىراپ كەتمەڭ. يازغان ئەسەرلىرىڭىزنى بىمار، ئۆزىڭىزنى ۋىراچ ئورنىدا قويۇپ ئوپېراتسىيە قىلىڭ. شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتەي: تەھرىر تاغىلار ساۋاقداشلارنىڭ ئەسەرلىرىگە ئالاهىدە ئەھمىيەت بىلەن قارايدۇ. بىراق، ئەسەرنىڭ خاملىقىنى بىلىپ «ئەي ئېسىت، شاكىچىك ئاپتور قايتا بىر نۆۋەت ئىشلەپ ئەۋەتكەن بولسىچۇ؟» دەپ لېۋىنى چىشلەپ قالىدۇ. تەھرىر بۆلۈملىرىگە بارىدىغان ئەسەرلەر كۆپ بولغاچقا، ئىشلىتىش ئۆلچىمىگە توشمىغانلىرىنى قايتا يېزىپ پىششىقلاپ ئىشلەشكە تەھرىر تاغىلارنىڭ ۋاقتى يېتىشمەيدۇ. مۇنداق دېگىنىم نۇقسانسىز ئەسەر يېزىڭ دېگىنىم ئەمەس، مۇمكىن قەدەر سۈپەتلىك ياخشى ئەسەرلەرنى ئەۋەتسەك، تەھرىر تاغىلار يەنە ئۆزلىرىنىڭ يۈرەك قېنىنى سىڭدۈرۈپ، پىششىقلاپ چىقىدۇ - دە، ئۇ ئەسەر كىتابخانلارغا ئىستېتىك زوق بەخش ئېتىدۇ. قىلچە بوشاشماي داۋاملىق تىرىشىڭ، روهىي جەهەتتە تېتىك، ئۈمىدۋار بولۇڭ!

نىجاتنىڭ كۆڭلى بىردىنلا يورۇپ كەتتى. يېزىقچىلىققا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ كەچقۇرۇن ئۆيدە ئىلگىرى مەتبۇئات ئورۇنلىرىغا ئەۋەتكەن ئەسەرلىرىنىڭ ئارگىنالىنى بىر - بىرلەپ كۆرۈپ چىقتى. راست، بۇنىڭ ئەسەرلىرىدە خېلى كۆپ يېتىشمەسلىك مانا مەن دەپ تۇرمامدۇ؟ نىجات ئوڭايسىزلاندى، يۈزلىرى ئوتتەك قىزىپ كەتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ ئىجابىي دەپ تەسۋىرلىگەن پېرسوناژلار هېكايىنىڭ مەلۇم جايلىرىغا بارغاندا سەلبىي پېرسوناژلارغا ئايلىنىپ كەتكەن. بەزى ئەسەرلىرى بىرىنچى شەخسىي تىلىدا باشلىنىپ، ئۈچىنچى شەخس تىلىدا ئاخىرلىشىپ قالغانىدى. نىجات ئۆز - ئۆزىگە كايىدى، ئۆزىنى ئۆزى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك تەنە ئارىلاش كۈلۈپ قويدى...

نىجات يېزىقچىلىق جەهەتتىكى تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلىدى، قوشۇمىسىنى چىمىكتۇرۇپ ئەتراپلىق ئويلاندى، ئۇزاق باش قاتۇرۇپ «ئەزىمەت» ناملىق بىر پارچە هېكايە يېزىپ چىقتى. هېكايىنىڭ ۋەقەلىكى قىزىقارلىق ئىدى، نىجات هېكايىنى ئۇدا ئۈچ قېتىم ئوقۇپ چىقتى - دە، «بايان تەسىرلىك، پىكىر جانلىق، تەپسىلاتلار روشەن بولۇپتۇ» دەپ جەزملەشتۈردى. شۇڭا ئۇ، تۇرسۇن مۇئەللىمگە كۆرسەتمەيلا پوچتىغا سېلىۋەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى قەۋەتلا خۇشال،

كەيپى ساز ئىدى. لەۋلىرىدە كۈلكە ئوينايتتى. ئۇ ئۆز كۆڭلىدە ھېكايىسىنىڭ گېزىتكە بېسىلىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەنچ تۇرغۇزغانىدى.

ئاردىن ئىككى ھەپتە ئۆتتى. نىجات ھەر قېتىملىق پوچتىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتەتتى، گېزىتنى قولىغا ئېلىپلا تۆتىنچى بەتنىڭ ماۋزۇلىرىغا كۆز يۈگۈرتەتتى. ئۇنىڭ گېزىتنى تۇتقان قوللىرى دىرىلدەپ تىترەيتتى، يۈرىكى تېز - تېز سوقۇپ، نەپەسلىرى بىر - بىرىگە ئۇلاشمايتتى. ھە دېسىلا «ئەزىمەت» دېگەن چوڭ خەتلىك ماۋزۇ ۋە ئۇنىڭ ئاستىدىكى «نىجات» دېگەن ئىسىم يالتىراپ تۇرغاندەك كۆرۈنۈپ كېتەتتى، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ قارايتتى، ئەمما گېزىت يۈزىدە ئەسىرى كۆرۈنمەيتتى، كۆڭلى لەسسىدە بولۇپ قالاتتى. ئەمما، ئارقىدىنلا يەنە ئۈمىد، ئىشەنچكە تولاتتى. كېچىسىمۇ ئەشۇ ھېكايىنى چۈشەپ چىقاتتى، شېرىن ئەسلىمىلەرگە، خۇشال ھېسلارغا چۆمۈلەتتى، «ھېكايەم بۈگۈن بېسىلىدۇ، ئەتە بېسىلىدۇ» دەپ ئۆزىنى بەزلەيتتى. گېزىت چىقىدىغان كۈنلەرنى بارماقلىرى بىلەن سانايتتى. ھەر قېتىملىق پوچتىغا ئۈمىدلىك كۆزلىرى بىلەن تىكىلەتتى. ئاردىن ئىككى ئاي ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى.. نىجاتنىڭ ئۈمىد - ئارزۇلىرى تۇزغاقتەك تۇزۇپ، ئارامى بۇزۇلدى. قايسىبىرلىرىنىڭ «تەھرىر بىلەن تونۇشمىسا ھەر قانچە ياخشى ئەسەرمۇ بەرىبىر ئېلان قىلىنمايدۇ...» دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئەپسۇسلاندى، ئىچ - ئىچىدىن ئۆكۈندى. ئۇنىڭدىكى روھىي چۈشكۈنلۈك كەيپىياتىغا تېزلا تەسىر قىلىپ، چىرايىدىن كۈلكە ئۆچتى. سۆز - ھەرىكىتىدىكى شوخلۇقمۇ تۈگەپ، مەكتەپتە جىمغۇر، كەمسۆز بولۇپ قالدى...

— يېقىندىن يازغان ئەسىرىڭىز بولسا بېرىڭ، كۆرۈپ باقاي، - دېدى تۇرسۇن مۇئەللىم بىركۈنى دەرستىن چۈشكەندە نىجاتنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ. نىجاتنىڭ بۇ كۈنلەردە كۆڭلى غەش بولغاچقا ئەسەر يېزىشتىنمۇ يالتىيىپ قالغانىدى. ئۇ مۇئەللىمگە «يازمىدىم» دېمەكچىمۇ بولدى. ئەمما مۇئەللىمنىڭ ئۇنىڭغا تۇتۇۋاتقان قىزغىن مۇئامىلىسى، كۆز قارچۇقىدەك ئاسراشلىرى غالىپ كەلدى. شۇڭا نىجات «ۋىللىدە» قىزاردى - دە، «ئەزىمەت» ناملىق ھېكايىسىنىڭ ئارگىنالىنى تۇرسۇن مۇئەللىمگە بەردى. ئەتىسى تۇرسۇن مۇئەللىم نىجاتنىڭ يەلكىسىگە يېنىك ئۇرۇپ قويۇپ دېدى:

— ھېكايىڭىزنىڭ مەزمۇنى ياخشى، تېمىسى ئاكتىۋال ئىكەن. ئەمما، ئەزىمەت ئاپتوبۇسنىڭ ئەڭ ئارقىسىدىكى ئورۇندا ئولتۇرۇپ، ئالدى ئىشىكنىڭ تۈۋىدىكى يانچۇقچىنى سېزىۋاپتۇ، ئاپتوبۇس ئىچىدە ئادەملەر ئىنتايىن كۆپ بولغاچقا، ئەزىمەتنىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى يانچۇقچىنى سېزىۋېلىشى تۇرمۇش چىنلىقىغا تازا ئۇيغۇن ئەمەس، شۇڭا ئەزىمەتنىمۇ ئۆرە تۇرغانلار قاتارىدا قويۇپ تەسۋىرلىسىڭىز.

نىجات ھېكايىنى تۈزىتىپ، ئەتىسىلا پوچتىغا سېلىۋەتتى. ئاردىن بىر ئاي ئۆتكەندە، نىجاتنىڭ ھېكايىسى «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىگە بېسىلدى. نىجات خۇشاللىـ

قىدىن قىنىغا سىغماي قالدى. گېزىتنى كۆزلىرىگە سۈرتتى. بېشىدىن ئېگىز كۆتەرگىنىچە شوخ كېيىكتەك سەكرىدى، ساۋاقداشلىرى ئۇنى باش بارمىقىنى چىقىرىپ ماختىدى. ئوقۇتقۇچىلار ئۇنىڭدىن پەخىرلەندى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھاياجان، شادلىقنى تىل بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئىنجات «ئەزىمەت» ناملىق ھېكايىسىنىڭ گېزىتتىكى نۇسخىسىنى ئىشتىياق بىلەن ئوقۇشقا كىرىشتى. ھېكايە يېرىملىشاي دېگەندە، گويا بىر نېمىسىنى يوقىتىپ قويغاندەك جىددىيلىشىپ كەتتى. گېزىتنى تېز - تېز ئوقۇپ ئاخىرىغىمۇ چىقتى، تۇرسۇن مۇئەللىم جىجىۋەتكەن بولسىمۇ ئىنجات كۆزى قىيماي قالدۇرۇپ قويغان بىر قىسىم سۆز - جۈملىلەرنى تەھرىر تاغىلارمۇ چىقىرىپ تاشلىغانىدى. ئىنجات بىردە تەئەججۈپلەندى، يەنە بىردە خىجىل بولدى. ئۇ ھازىر تۇنجى ئەسىرىگە بېرىلگەن قەلەم ھەققىنىڭ بىر قىسمىغا چىرايلىق ھەم قىممەترەك خاتىرە دەپتەردىن بىرنى سېتىۋېلىپ مۇئەللىمگە سوۋغا قىلىشنى، ھەتتا خاتىرىنىڭ بىرىنچى بېتىگە: «مېنى كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىگەن ئۇستازىمغا تەقدىم!» دېگەن سۆزلەرنى ھۆسنخەت شەكلىدە يېزىشنىمۇ ئويلاپ ئۈلگۈردى.

بىر كۈنلۈك قايناق ئۆگىنىش غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى. ئوقۇغۇچىلار مۇئەللىمنىڭ رۇخسەت بېرىشىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. تۇرسۇن مۇئەللىم دادىل قەدەملەر بىلەن سىنىپقا كىرىپ كەلدى، ئىنجات ئۇنىڭغا قەلبى سۆيۈنگەن ھالدا قارىدى. تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ چىرايىدا شادلىق نۇرلىرى جىلۋە قىلىپ، كۆزلىرى چاقناپ كەتكەنىدى، قولىدا بولسا چىرايلىق خاتىرە دەپتەر تۇراتتى.

— ساۋاقداشلار! — دېدى مۇئەللىم بالىلارغا تەكشى قاراپ چىققاندىن كېيىن جاراڭلىق ئاۋازدا، — ئىنجاتنىڭ ھېكايىسى گېزىتكە بېسىلدى، بۇ ھەممىمىزنىڭ شان-شەرىپى. مەن ئۆزەم پەرۋىش قىلغان كۆچەتنىڭ تۇنجى مېۋىسىنى كۆردۈم، بۇلار مېنىڭ ساۋاقداش ئىنجاتنىڭ تۇنجى قۇتلۇق قەدىمىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ھەدىيە قىلىدىغان سوۋغات!

تۇرسۇن مۇئەللىم ھېلىقى خاتىرە دەپتەر بىلەن چىرايلىق بىر قەلەمنى ئىنجاتقا ئىككى قوللاپ سۇندى. ئىنجاتنىڭ ۋۇجۇدىغا ئاجايىپ بىر ئىللىق ئېقىم تاراپ، يۈرىكى ھاياجاندىن دۈك - دۈك سوقۇپ كەتتى، كۆزلىرىدىن شادلىق يېشى تۆكۈلدى. ئۇ كۈچلۈك ھاياجان ئىلكىدە تىترەۋاتقان قوللىرى بىلەن خاتىرىنىڭ بىرىنچى بېتىنى ئاچتى. ئۇنىڭدىن: «قۇتلۇق قەدىمىڭىزگە مۇبارەك، تۇنجى مېۋە يۈرىكىمنى ياشارتتى. ئۇ تېخىمۇ ۋايىغا يەتسۇن، ئاۋۇسۇن!» دېگەن سۆزلەر ئىلھام ئاتا قىلغۇچى ئۆتكۈر نۇردەك چاقنىدى. ئىنجاتنىڭ يۇمران قەلبى شادلىق ئەۋجىدىن لەرزىگە كەلدى، ئۇ ئىرادە كەمىرىنى باغلاۋاتقاندەك قەددىنى رۇسلاپ، بەللىرىنى تۇتۇپ قويدى.

ساۋاقداشلارنىڭ «قۇتلۇق قەدىمىڭىزگە بارىكاللا!» دېگەن ياڭراق سادالىرى سىنىپ ئىچىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى...

# ھېكايىنىڭ تۈزۈلۈشى توغرىسىدا

تۈزۈلۈش — ئەسەرنىڭ شەكلىنى قۇرۇشتىكى ئامىللارنىڭ بىرى، مەيلى قايسى ژانىردىكى ئەدەبىي ئەسەر بولمىسۇن، ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى ئىپادىلەيدىغان، باش تېمىنى ئېچىپ بېرىدىغان مۇھىم بەدىئىي ۋاستە. يازغۇچى ئىجادىيەت جەريانىدا رېئال تۇرمۇشتىن مەلۇم ۋاقىئەلىكنى تاللاپ ئېلىپ ئۆز مېڭىسىدە ھەزىم قىلىشى ۋە ئەسەرنىڭ باش تېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش بىلەن بىر چاغدا، بۇ ماتېرىياللارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش، ئورۇنلاشتۇرۇش، تەشكىللەش ئارقىلىق ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى ئىپادىلەپ، مۇكەممەل ئەدەبىي ئەسەرگە ئايلاندۇرۇش مەقسىتىگە يېتىش ئۈستىدە ئويلىنىدۇ. مانا بۇ ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تۈزۈلۈش مەسىلىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھېكايىنىڭ تۈزۈلۈشى ھەر خىل ئەدەبىي ژانىرلاردىكى باشقا ئەسەرلەرگە ئوخشاش ئەسەر شەكلىنى قۇرۇشنىڭ بىر ئامىلى. ھېكايىنىڭ مەزمۇنى لىرىك ئەسەرلەرگە قارىغاندا بىر قەدەر مۇرەككەپ بولغاچقا، ئۇنىڭ يىپ ئۇچىمۇ كۆپرەك بولىدۇ. پېرسوناژ، ۋەقە، مۇھىت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ مۇرەككەپ، چوڭقۇر بولىدۇ. شۇڭلاشقا تۈزۈلۈش جەھەتتە تېخىمۇ ئىنچىكە، ئەتراپلىق، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ھېكايىنى پوۋېست، رومان بىلەن سېلىشتۇرۇپ قارىغاندا، ھېكايىنىڭ سەھىپىسى كىچىك، پېرسوناژلىرى ئاز بولىدۇ. يىپ ئۇچلىرىمۇ نىسپىي، نوقۇل بولىدۇ. ئۇ كىچىككىنە نەرسىدىن ئالەمنى كۆرسىتىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، ھەمىشە تۇرمۇشنىڭ بىر كەسمە يۈزىنى تەسۋىرلەيدۇ. مۇشۇنداق بولغاچقا، ئاپتور سەل دىققەت قىلمىغاندا، تۈزۈلۈش جەھەتتە كەمتۈكلۈك ۋە مۇۋاپىق بولماسلىق كېلىپ چىقىدۇ - دە، ئەسەر ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، كەڭلىكى تەسىرگە ئۇچرايدۇ ياكى پېرسوناژلار ئوبرازى ياخشى بولماسلىق ياكى ئەسەرنىڭ باش تېمىسى گەۋدىلىك بولماسلىق قاتارلىق ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەسەرنىڭ مۇكەممەللىكىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇڭا تۈزۈلۈش جەھەتتە ھېكايىنىڭ تەلىپى تېخىمۇ قاتتىق بولىدۇ، دېيىشكە بولىدۇ.

ھېكايىدا تۈزۈلۈش خىزمىتى ئاساسەن ئىپىزوتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. ئىپىزوت تۈزۈلۈشىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ۋە مەغلۇپ بولۇشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. قانداق بولغاندا تۈزۈلۈشنى ياخشى ۋە بىر قەدەر ياخشى تۈزۈلۈش دېگىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭدا بىر قانۇنىيەت بارمۇ يوق؟ ئومۇمەن قىلىپ



ئېيتقاندا، ھېكايىنىڭ تۈزۈلۈشى شەكلىنىڭ توپ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك. ئەسەرنىڭ تۈزۈلۈشى ئالدى بىلەن باش تېما ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك. ھېكايىدا ئەسەرنىڭ باش تېمىسى ئاساسەن پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ يارىتىلىشى، شۇنىڭدەك پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشى ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلىدۇ، شۇڭا ئەسەرنىڭ باش تېمىسىنى تېخىمۇ ياخشى ئىپادىلەش ئۈچۈن بىز يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاندا، ماتېرىياللىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، تەشكىللەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز، پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى، پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئېغىر-يەڭگىللىكى ئاساسلىق ياكى قوشۇمچە ئىكەنلىكى قاتارلىقلارغا ئاساسلىنىپ، پېرسوناژ، ۋەقە، مۇھىتنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشىمىز كېرەك. لۇشۈن ئەپەندىنىڭ «كۆكيىمجى» ناملىق ھېكايىسى بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە تېگىشلىك تىپىك ئۈلگە. ئۇنىڭدا بىر نەچچە پېرسوناژلار ئارقىلىق فېئوداللىق جەمئىيەتتە زەھەرلەنگەن زىيالىينىڭ ئوبرازى يارىتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆكيىمجىنىڭ ئاجايىپ خاراكتېرى ئېچىپ بېرىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يازغۇچى مەيخانىدىن ئىبارەت بۇ بىر تىپىك مۇھىتنى تاللاپ ئېلىپ، كۆكيىمجىنى مەيخانىدا بىر نەچچە قېتىم ئوخشىمىغان ئەھۋالدا مەيدانغا چىقىرىپ، كۆكيىمجىنىڭ ھاياتىدىكى مۇشەققەتلىك كەچۈرمىشلەر ۋە بەختسىزلىكلەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېچىپ بېرىدۇ. مانا بۇ جۇڭگو فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ ئەشەددىي ئاسارىتىدىن ئىبارەت بىر باش تېمىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىدۇ.

يەنە بىر جەھەتتىن ئەسەرنىڭ تۈزۈلۈشىنى ئۆزىگە خاس مۇكەممەللىككە، بىردەكلىككە ئىگە قىلىش كېرەك. ھېكايىدا پېرسوناژ، ۋەقە، مەيدان قاتارلىقلار ھامان مۇرەككەپ بولىدۇ، شۇڭا تۈزۈش خىزمىتىنى ئىشلىگەندە ئىشقا كىرىشىشتىن بۇرۇن ئاساسلىقى ۋە قوشۇمچىسىنى ئېنىق ئايرىۋېلىپ، ئاساسىي زىددىيەتنى دەۋر قىلغان ھالدا يىپ ئۇچلىرىنى ئېنىقلاپ، ھەر بىر تۈزۈلۈش قىسىملىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، ئاساسلىق تومۇر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك. نېمە ئۈچۈن مۇنداق قىلىمىز؟ چۈنكى بۇنى بىز ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولغان رېئال تۇرمۇشنىڭ ئۆزى بەلگىلىگەن، رېئال تۇرمۇشتا ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا، ۋەقە بىلەن ۋەقە ئوتتۇرىسىدا خىلمۇ خىل مۇرەككەپ باغلىنىشلار بولىدۇ. شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشىدە سەۋەب، نەتىجە قاتارلىق مۇناسىۋەتلەر بولىدۇ. بىز ھېكايە تۈزۈشكە كىرىشكەندە مانا مۇشۇ ئەھۋاللارنى ئويلىماي بولمايدۇ، مۇنداق بولغاندىلا ئاندىن مەلۇم بەدىئىي ۋاسىتىلارنى قوللىنىش ئارقىلىق ئەسەرنى مۇكەممەل تۈزۈپ چىققىلى بولىدۇ.

ھېكايىنى تۈزۈشتە مىللىي بەدىئىي زوق ئېلىش ئادىتى جەھەتلەردىمۇ ئويلىنىش كېرەك. مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت، مىللىي پسىخىك تەبىئىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن ئەسەر تۈزۈلۈشىدىكى زوق ئېلىش ئادىتىمۇ ئوخشىمايدۇ. شۇڭا بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مىللىي بەدىئىي زوق ئادىتىگە ھۆرمەت قىلغان ئاساستا قېرىنداش مىللەتلەر ۋە چەت ئەللەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى جەھەتتىكى ئۇزۇقلارنى

قوبۇل قىلىپ، بەدىئىي تۈزۈلۈش جەھەتتە يېڭى ئىجاد قىلىش نەتىجىلىرىگە ئىگە بولۇپ، خەلقىنىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولغان نۇرغۇن ياخشى ئەسەرلەرنى ياراتتى.

قانداق قىلغاندا ھېكايە تۈزۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ ؟

1. ئەجرىنى ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىچىگىلا سىڭدۇرمەستىن، ئەسەرنىڭ تېشىغىمۇ سىڭدۇرۇش كېرەك. ئۆزىمىزنى بەدىئىي جەھەتتىن تەربىيىلىشىمىز، تۈرلۈك بىلىملىرىمىزنى ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. بۇ ئۆزىمىزنىڭ بەدىئىي تەشكىللەش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق. ئەگەر سەنئەتنىڭ ھەر قايسى تۈرلىرى بىلەن مەلۇم چېتىشلىقىمىز بولسا، ئۇنىڭغا خېلى بەك قىزىقىدىغان بولساق ھېكايىنىڭ تۈزۈلۈش خىزمىتىدىكى ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈشكە زور دەرىجىدە پايدىسى بار. چۈنكى ئەدەبىي ئەسەردىلا تۈزۈش كېرەك بولۇپ قالماستىن، باشقا سەنئەت تۈرلىرىگە كىرىدىغان ئەسەرلەردىمۇ ئۆزىگە خاس بەدىئىي تۈزۈش بولىدۇ. قەدىمكى ۋە بۈگۈنكى، جۇڭگو ۋە چەتئەللەردىكى نۇرغۇنلىغان يازغۇچىلار دەل ئۆزىنىڭ كەڭ دائىرىلىك بىلىمى ۋە چوڭقۇر بەدىئىي تەربىيىلىنىشى بولغانلىقىدىن، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان شەكىل ئارقىلىق ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى ۋە باش تېمىسىنى ئېچىپ بەرگەن.

2. ئاپتور بىر پارچە ئەسەردە باشقا بىر خىل ئورۇنلاشتۇرۇشنى قوللانماي مۇشۇ بىر خىل تۈزۈشنى قوللىنىشى، كۆپ جەھەتتىكى سەۋەبلەرنىڭ ئاپتورنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرىغا نىسبەتەن ئوينىغان رولىنىڭ نەتىجىسى. ئاپتورنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرى ئەسەرنىڭ تۈزۈلۈش شەكلىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇنداق بولسا قانداق قىلغاندا ياخشى بەدىئىي تەپەككۇرنى پەيدا قىلغىلى بولىدۇ؟ بۇنى ئاپتورنىڭ ئىدىيىۋى سەۋىيىسى، تۇرمۇش تەجرىبىسى ۋە رېئاللىقنى كۆزىتىش، تۇرمۇشنى تونۇش ئىقتىدارى بەلگىلەيدۇ.

ئەگەر بىر ئاپتور بىر قەدەر يۇقىرى بولغان بەدىئىي تەربىيىلىنىشكە ئىگە بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ ئۆزى تۇرغان دەۋردە ئىلغار ئىدىيىسى بولسا مۇرەككەپ، چىگىش ھادىسىلەردە ھەر خىل شەيئىلەرنىڭ ئىچكى باغلىنىشلىرىنى كۆزىتىپ ئالالىسا، رېئال تۇرمۇشنى چىن كۆرگەن، چىن كۆزەتكەن بولسا ئۇ ھالدا ئۇ مۇستەقىل ئىجادچانلىق بىلەن تۈزۈش ئېلىپ بېرىپ، ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى مۇۋاپىق ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئەسەرنى كىشىلەر ياقتۇرىدىغان قىلىپ چىققىلى بولىدۇ.

3. نادىر ئەسەرلەرنى كۆپ ئوقۇش كېرەك. باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگىنىش ئىنتايىن مۇھىم. مۇۋەپپەقىيەت قازانغان نۇرغۇنلىغان يازغۇچىلار ئەجدادلىرىنىڭ ۋە زامانداشلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى ئوقۇشقا ئىنتايىن ماھىر ئىدى، ئۇنىڭدىن ئوزۇقلۇق ئېلىپ ئۆزىنى بېيىتاتتى. مەسىلەن: لۇشۈن ئەپەندى ئۆزىنىڭ تۇنجى ھېكايىسىنى ئىجاد قىلىشتىن بۇرۇن جۇڭگو ۋە چەتئەل يازغۇچىلىرىنىڭ نۇرغۇنلىغان نادىر ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ چىققان، ئۇنىڭدىكى ئوزۇقلۇق تەركىبلەرنى قوبۇل قىلىپ ھەزىم قىلغان. ئوقۇغاندا چايناپ ھەزىم قىلىنىدۇ، يازغۇچىنىڭ ئىدىيىسىنى، ھاياتىنى، دەۋر ۋە ئەسەرنىڭ ھەرقايسى جەھەتلىرى

نەتىجە قىلىنىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندىلا يازغۇچىنىڭ ئۇنداق يازماي، مۇنداق يازغانلىقىنى، لېكىن ئۇچۇن مۇشۇنداق يېزىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلگىلى بولىدۇ. مانا بۇ باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگىنىشتۇر. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، نادىر ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندا يازغۇچىنىڭ ۋەقەلىكنى رەتلەش، ئېپىزوتنى تاۋلاش، باش تېمىنى ئېچىپ بېرىش ئۇسۇللىرىنى تىرىشىپ ئىگىلەش كېرەك. مانا مۇشۇنداق بولغاندا بىزنىڭ ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقىشىمىزغا پايدىسى بولىدۇ.

4. يېزىقچىلىق ئەمەلىيىتى بەدىئىي تۈزۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى. بىز يېزىشتىن بۇرۇن ھەر خىل تەييارلىقلارنى ناھايىتى ياخشى ئىشلىگەن بولىمىز، يېزىش ئەمەلىيىتىدە تۈزۈش ئىقتىدارىمىزنى تەدرىجى ئۆستۈرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ بىرجەريان ناھايىتى مۇرەككەپ بىر جەريان. شۇنىسى بىر نۇقتا ناھايىتى ئايدىڭكى، يېزىقچىلىق ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئۇ ھازىرقى بۇنداق يېزىش، بۇنداق تۈزۈشنىڭ ئەسلى تەپەككۇر تۈزۈلۈشىدىن ياخشى بولغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

لېۋ. تولستوي «تىرىلىش» نى يازغاندا (بۇ رومان بولغان تەقدىردىمۇ) قانچە قېتىم تەكرار يازغانلىقىنى، قانچە قېتىم ئۆزگەرتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمىگەن (تۈزۈلۈش جەھەتتە زور تۈزىتىش ئېلىپ بارغان). فرانسىيە يازغۇچىسى موپاسسان داڭ چىقىرىشتىن بۇرۇن قانچىلىك مەشق ئەسەرلەرنى يازغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمىگەن، تەكرار-تەكرار تاۋلاش ئارقىلىق ئاخىرى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. مۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كۆپ يېزىش، ئەستايىدىل مەشق قىلىش، ئەمەلىيەت جەريانىدا چۈشىنىش، ئۆگىنىش — ھېكايە تۈزۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنىڭ بىردىنبىر يولى.

(پەرھات سىيىت تۈزگەن).

### تەپەككۇر ئۈنچىلىرى

ھەقىقىي يازغۇچى بولىمەن دېگەن كىشى ئۆزىنى پوتونلەي مۇشۇ ئىشقا ئاتىشى كېرەك. پۈرسەتپەرەستلىك بىلەن تەدانلىق باشقا ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتىمۇ ئەسقاتمىغانغا ئوخشاش، بۇنىڭدىمۇ ئەسقاتمايدۇ. سەنئەتتىمۇ باشقا ساھەلەرگە ئوخشاش ماھارەت زۆرۈر، كۆيۈپ - پىشىپ ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ.

— ئا.پ. چېخوپ

يېزىقچىلىقتا قاتتىق، قاتتىق، يەنىمۇ قاتتىق بولۇش لازىم. تېزلىكنى قوغلىشىش تاغقا يامىشىپ چىقىش بولماستىن، بەلكى ئېلىدىراشچىلىقتا تاغدىن پەسكە غۇلاپ چۈشۈپ، ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قېلىشتىن دېرەك بېرىدۇ.

— د.فورمانوپ

ھەقىقىي بەدىئىي ئەسەر سەنئەتكارنىڭ قەلبىدە تاسادىپىي ھاسىل بولىدۇ، بۇ خۇددى ئانىنىڭ ھامىلدار بولغىنىغا ئوخشاش ئۇلارنىڭ تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرىدىن قولغا كەلگەن نەتىجىدۇر.

— ل.تولستوي

كۈلسۇم ئوسمان

# سەھەردىكى سەبىي تۇيغۇلار

## سەھەر جىلۋىسى

قايرىدى كۈمۈش تاڭ تۈن لىباسىنى،
كۆز ئاچتى ھاياتقا تەلپۈنۈپ سەھەر.
ئويغىتىپ شېرىن چۈشتىن تەبىئەتنى،
سايرايدۇ خۇش ناۋا كۆيچى تورغايلار.
سۈبھىدە ئېچىلغان غۇنچە لېۋىنى
سۆيىدۇ چىن ئاشىق—مەسخۇش بۇلبۇللار.

نازلىق بېقىپ زېمىنغا تاڭ دىلبىرى،
كۈلكىسىدىن ھەر بىر جانغا ئوت ياقار.
كۆڭۈللەردە ئىزگۈ خىيال سەلكىنى،
ساما بويلاپ چاچتى تاتلىق خۇش ئىپار.
تارام - تارام نۇردىن ئۇپۇق سىزىقى،
مايسىلار قەترىدە چاقنايدۇ رەڭدار.

خىلمۇ خىل ھەۋەستە سەھەر جىلۋىسى،
كېلىدۇ ھاياتقا قوشۇپ مەزمۇنلار.
سەھەرنىڭ پەيزىدە ئىقبال ھېسلىرى،
ئۈمىدلىك پەر قاقتى، سەبىي نەپەسلەر.
بارچە شەيئىلەرگە زامانەم مېھرى،
تۇتتى پاك سۆيگۈدىن كۈمۈش قەدەھلەر.

يېيىلغان زېمىنغا گۈزەللىك سېھرى،
نى قەدەر كۆركەم باغ، ئېتىز - داللار.
ئەمگەكچان خەلقىمنىڭ سۆيگۈ ۋاپاسى،
مېھنەتكە قەلبىدە ئۆچمەس ئوتى بار.
زەپەرگە چىللايدۇ دەۋر ساداسى،
ساداقەت ئوچىقى باتۇرنى تاۋلار.

سۈبھىدەم كۈلكىسى، سەھەر جىلۋىسى،
مۇھەببەت ئۇزۇقىن يۇرتۇمغا چاچار.

شارقىراپ سۇلارنىڭ شوخ مۇزىكىسى،
ئانا يەر باغرىغا شەربەت قۇيۇلار.
ياشارتىپ ئۆمۈرنى، غايە، ئۈمىدنى،
ئېچىلسۇن ھەر تاڭدا مىڭلاپ غۇنچىلار.

## ئىسلاھات شامىلىغا

سالقىن شامال، يېيىپ كەڭ قانات،
ئۇچۇپ كەلگىن تاغلاردىن ھالقىپ.
جىمجىت دېڭىز، غۇۋا سۈكۈنات،
كۆيلىرىڭدىن كەتسۇن جانلىنىپ.
يېڭى ھېسلار ساڭا تىلەر قۇت،
كۆيلىرىڭگە قەلبىم مەھلىيا.
ئېلىپ كەلسۇن غايە ۋە ئۈمىد،
سالقىنىڭدىن پاكلىنار دۇنيا.
سالقىن شامال، يايغىن كەڭ قانات،
ساپ ھاۋاڭدىن ياشنىسۇن ھايات!

ۋادىلاردا يۈرسەن ئەركىن،
توختىماي يېسەن - تىنماي يېسەن بىر دەم.
كۆڭۈللەرنى سۆيۈندۈرسەن،
كۆزنەكلەرنى چېكىپ دەممۇ دەم.
سەيياھلاردەك ئالەم كېزىسەن،
خىسلىتىڭدىن شادلىنار دەۋرىم.
يوللار كەڭرى، قايتما نىشاندىن،
مەنزىل تامان تاشلا گاڭ قەدەم.
ئەل بەختىگە بولۇپ نەپەسداش،
زەپەر قۇچۇپ بولغىن سەپەرداش.

تەبىئەتنى كېزىپ سەيلانە،
سالقىنىڭدىن يېڭىلاپ ھاۋا؛
ئېچىلدۇرۇپ گۈل - غۇنچىلارنى،
بۇلبۇللارنى سايراتقىن راسا.

دەۋر روھىن قىلىپ نامايان،
ئىشچانلارنى چىللاپ چېلىشقا.
كۆلگە تولسۇن ياشناپ باياۋان،
ۋەتەن ـ خەلقىم ماڭسۇن بېيىشقا.
كەلگىن شامال، سەيلانە ئۇچۇپ،
ھاياتقا يېڭى شادلىق قوشۇپ.

## تۇمۇچۇق

تۇمۇچۇقۇم، تۇمۇچۇق،
زەپ چىرايلىق سايرايسەن.
خۇش ھاۋالىق باغلاردا،
سەيلى قىلىپ يايرايسەن.

جاراڭلىق شوخ ئاۋازىڭ،
مەپتۇن قىلار دىلىمنى.
ئىجاد، ئەمگەك، كۈرەشتە،
قوزغاپ ئىشىق ـ زوقۇمنى.

ساڭا ھەمدەم جۈر بولۇپ،
كۆلباغقا ئۇچاي دەيمەن.
بېرىپ مېھىر ـ ئىشقىمنى،
ئانا يۇرتنى كۈيلەيمەن.

تۇمۇچۇقۇم، مەدھىيىلە،
ئىسلاھاتنى، دەۋرنى،
تەك يېتەيلى مەنزىلگە،
چىڭ تۇتۇپ ھەر مىنۇتنى.

**نۇرمەھەممەت تۇرسۇن**

## «قەشقەر ئەدەبىياتى» غا قاراپ

ماڭا ئىلھام بەخش ئېتىسەن،
مەدەت بېرىپ سەبىي قەلبىمگە.
باشلاپ كىردىڭ ئىجاد بېغىغا،
ئاتلاندۇرۇپ مېنى بەيگىگە.

**ئابلىمىت ئىبراھىم**

## قار ئۇچقۇنلىرى

قاشتېشىدەك سۈپ-سۈزۈك ئاسمان،
شەپقىتىدىن تۆكۈلمەكتە زەر.
ئاق چېچەككە پۈركۈنۈپ ئورمان،
مامۇق لىباس يېپىنماقتا يەر.

قار ئۇچماقتا كېپىنەكسىمان،
كۆلنەپىشنىڭ تۇتقانىمۇ ئاھى.
سۆيۈشكىلى قالماپتۇ دەرمان،
مۇڭلىنىدۇ كۆلنەپشە گاھى...

شەپقىتىنى ئاسمان ئىلاھى،
ئۇچقاچلاردىن ئايىدىڭ قاچان؟
قاغىلارنىڭ نېمە گۇناھى،
داڭگاللاردا ئىزلىمەكتە دان.

قار ياغقاندا سەھراغا شۇدەم،
خۇشلۇقىدىن كۈلەركەن دېھقان.
ئوخشايدىكەن زىرائەت ـ كۆكلەم،
مۇرادىغا يېتەركەن جانان.

مۇڭلانمىغىن قاقشال كۆل ـ گىياھ،
قار كۆللىرى ياسايدۇ باھار.
ماختىۋەتتىم قار سېنى راسا،
بولغاچ ئاۋام، زامان بەختىيار.

## شېئىرلار

يېڭى ساننىڭ چىقىپ كەلگىچە،
تەشنا بولۇپ كۆزۈم تېشىلەر.
ئالسام قولغا سېنى سۆيۈنۈپ،
ئىجادىيەت بېغىم بېزىلەر.

شۇڭا يېقىن دوستۇمغا ئوخشاش،
ئايرىما يەن سېنى قېشىمدىن.
ساڭا بولغان ئەقىدەم - ئىشقىم،
ئورۇن ئالغاچ يۈرەك قېتىمدىن.

## شەبنەم

شەبنەم دېگەن ئۈنچە - مەرۋايىت،
قېزىلغان ھايات كانىدىن گويا.
شەبنەم — سۆيگۈ، شەبنەم — مۇھەببەت،
يۈرەكلەرنى قىلغان مەھلىيا.

شەبنەم گويا بەخت قۇياشى،
دىلغا تەكشى چېچىلغان نۇرى.
شەبنەم گويا چىن ئىنسانلارنىڭ،
پاك مۇھەببەت - سۆيگۈ غۇرۇرى.

شەبنەم گويا سۆيگۈ ئىلاھى،
دىلغا دىللار رىشتىنى چاتقان.
شەبنەم گويا ئۆتكۈر بىر شەمشەر،
جاھالەتنىڭ قولىچىنى چاققان.

شەبنەم گويا ھايات ساداسى،
چۇقان - سۈرەن سېلىپ ياڭرىغان.
شەبنەم گويا ئۈمىد مەشئىلى،
قۇياش كەبى يانغان - پارلىغان.

## رۇبائىيلار

دوستۇڭدىن ئازغىنە ھىممەتنى ئاياپ،
يۈرمىگىن ئۆزۈڭنى بىر ئادەم ساناپ.
دوستلۇقتا بولمىسا ۋاپا، ساداقەت،
چىن دوستلۇق گۈللىرى بولىدۇ خاراب.

ئالتۇن تاج كەيسەڭمۇ بېشىڭغا شاھلىق،
بۇ ئالەم كەلسىمۇ ساڭا بەك تارلىق.
ئۆزەڭنى يوقاتماي ۋىجدانلىق ياشا،
بولۇپ ئەل - خەلقىڭگە مېھرى - ۋاپالىق.

×

ئەجرىسىز بەختىنىڭ گۈلى ئېچىلماس،
خۇشپۇراق ھىدلىرى ھەريان چېچىلماس.
ئەل ئۈچۈن تەر تۆكۈپ باغ ياسايدىسەڭ،
ساڭا چىن بىلىمدەك نىگار تېپىلماس.

ئىبراھىم تاش

## ئوغلۇمغا

(تۇرسۇن ئىيازنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە مۇخەممەس)

خەلق سۆيگەن دىلى پاكلارغا خەلقتەك ئېتىبار ئەيلە،
سېنىڭ سۆيگەن نىگارىڭنى خازان قىلغاننى خار ئەيلە،
تۆكۈپ ساپ تەر پېشانەڭدىن ئېلىمڭنى لالىزار ئەيلە،
نەسىھەتىم ساڭا ئوغلۇم، گۈزەل ئەخلاقنى يار ئەيلە،
ئېلىم - ھېكمەت نۇرى بىرلە دىلىڭنى بەغۇبار ئەيلە.

ۋەتەن يادىڭدا يوق يۈرسەڭ ئۆتەر قانداق غەزا كالدىن،
يۈزۈڭنى كۆتۈرۈپ قانداق يۈرەلەيسەن كېيىن ئاندىن،
بولالماي كېتىمسەن، ھەيھات، ۋەتەن ئوغلانى پالۋانى،
ئانا مېھرى، ۋەتەن مېھرى ساڭا ئەلا ئېزىز جاندىن،
ئەگەر ئۆلمەي دېسەڭ مەڭگۈ ۋەتەنگە جان نىسار ئەيلە.

تۆكۈپ تەر ئىشلىسە باغۋەن قاقاس تاغدا بولۇر تەكلىك،
يارىتماق ئۇشبۇ تەكلىكنى جاپالىق ھەم مۇشەققەتلىك،
ئىرادەڭ گاڭ پولات بولسا، ئاسان مۇشكۇلنى يەڭمەكلىك،
ئۇمىد ـ ئارزۇ، جاھان چەكسىز سېنىڭ غۇنچە بېغىڭ چەكلىك،
كىچىكلىكتىن تىرىشماقنى ئۆزۈڭگە چىن خۇمار ئەيلە.

تەپەككۇر ئەيلىسەڭ ئوغلۇم، ھاياتتا يوق ساڭا ھېچ چەك،
كى يولۋاستەك ياشا بىر كۈن، چېلىش ـ جەڭدە كېرىپ كۆكرەك،
ھەزەر قىل ئۆز غېمى بىلەن ياشاشتىن خۇددى توشقاندەك،
قېزىپ تىلسىم سىرىنى ئاچ، ئىجاد كانىدا پەرھاتتەك،
ئىلىم ـ پەن كانىدا يانغىن، ئۇنى جانان نىگار ئەيلە.

ئېرىقتا ئاققۇچى سۇدەك ھايات ئۆتسە نېمە مەنا،
ئېچىلدۇرغىن پۇراقلىق خۇش ئېسىل گۈللەرنى باغىڭدا،
پۇشايمان ئەيلىمە ئوغلۇم ئۆلۈم كەلسە ھاياتىڭدا،
چىۋەر باغۋەن قولى تەگسە ئېچىلغاي ئۇز گۈلى رەنا،
چېكەڭدىن ئاققۇزۇپ ساپ تەر بېغىڭنى لالىزار ئەيلە.

ۋەتەن باغرى ــ سېنىڭ تەختىڭ، سېنىڭ تەختىڭ ــ مېنىڭ تەختىم،
ۋەتەنگە شان ـ شەرەپ كەلتۈر، پىداكارلىقنى دەپ «ھەققىم»،
ۋەتەنگە جان پىدا قىلساڭ ئۇنۇتمايدۇ سېنى خەلقىم،
ۋەتەن بەختى ــ سېنىڭ بەختىڭ! سېنىڭ بەختىڭ ــ مېنىڭ بەختىم،
«ۋەتەن» دەپ ياخشى ئىشلەشنى ئۆمۈرلۈك ئىختىيار ئەيلە.

بېسى ئۆتكۈر قىلىچ قىلغىن رەقىبكە سەن غۇرۇرۇڭنى،
بېغىشلا بەختىڭگە ئەلنىڭ ئاياپ قويماي ۋۇجۇدۇڭنى،
شەرەپ بىل جانىجان ئەلگە بەخىش ئەتكەننى ئۆمرۈڭنى،
نىيازى خوش بولۇر سەندىن، چوقۇم ئاقلا ئۇمىدىنى،
قۇچۇپ غەلىبە كۈرەشلەردە رەقىبىڭنى شەرمسار ئەيلە.

**شانىياز كەپەل** ( تاجىك )

# پامىر كۈيلىرى

## گۈزەل تاشقورغان

كۆك بىلەن بوي سوزغان تىك ئافەرسىياپ، ①
باغرىدا ياتماقتا فەرھاد ئۆستەڭى. ②
چۈگۈرى ③ قەدىمكى تاش قەلئە ④ بۈيۈك،
مۆھتەرەم ئاتىمىز — مۇز تاغ چوققىسى.
سەن بىلەن شەرق ۋە غەربكە تىكەن تۇتىشىپ،
سەن بۈگۈن ئازادە كارۋان ئۆتەڭى.

كۆك تامان ياڭرىسا «گۈزەل تاشقورغان...»
نەقىشتۇر دىللاردا شەرەپلىك نامىڭ.
دۇنيانىڭ ئۆگزىسىدەن ئالەمگە مەشھۇر،
مەرمەردەك يالتىرار بايلىقىڭ - كانىڭ.
يۈكسەلگىن كۈنسېرى ئالغا باس پامىر،
تارىخنىڭ بېتىدە چاقنىسۇن شانىڭ.

## تاشقورغان دەرياسى

مەنبەيىڭ كۆك سۆيگەن قارلىق چوققىلار،
مەۋج ئۇرۇپ ئاقىسەن چاچرىتىپ ئۈنچە.
دولقۇنۇڭ پامىرنىڭ كۈيىگە تەڭكەش،
زوق بېرىپ دىللارغا يېقىملىق شۇنچە.
سەن بىلەن مۇقەددەس ئانا زېمىندا،
ياشنايدۇ تا ئەبەد گۈل گىياھ - غۇنچە.

تاشقورغان دەرياسى دولقۇنلۇق دەريا،
كۈي قېتىپ ئاقىسەن يىراق - يىراققا.
ئانا يەر، ۋادىلار باغرىنى سۆيۈپ،
ئۆزۈڭنى ئۇرىسەن ئىككى قىرغاققا.
ياشنىغاچ سەن بىلەن يەر - زېمىن، كۆكلەم،
ھۇرمەتتە مەن سېنى قاتتىم قوشاققا.

## يايلاقتىكى ناخشا

تىك سىنان تاغ تامان پەرۋازدا بۈركۈت،
تاغلارنىڭ ئىشقىدا قاقىدۇ قانات.
كۆك سۆيۈپ تۇرىدۇ قارلىق چوققىلار،
كەيگەندەك سېستىرا، جەڭچى ئاق خالات.
جىسمىدىن كۈچ-قۇۋۋەت بەرگەچكە تاغلار،
سۈرمەكتە تاغلاردا بۈركۈت شوخ ھايات.

كەڭ ۋادا، يايلاقلار، ئارچىزار تامان،
ئاڭلىنار ئۇلاي ھەم كەكلىك كۈيلىرى.
بىپايان ئېكىنزار، يايلاقلىرىدا،
ئوتلىشار ئات، كالا، داڭباش قويلىرى.
پادىچى قىز - يىگىت ياڭرىتىپ ناخشا،
بەخت ئىچرە بولغۇسى كۈزدە قوش تويى...

**قەدەم دىرىبېن** ( تاجىك )

## قەبرە ناخشىسى

رۇخسارى كۆرۈنمەس كۆزۈمگە كۆركەم،
يان باغرى مىسالى ئېزىتتى ئېكران،
بىر سۆيگۈ پاجىئەسى ئۇندا مۇجەسسەم...
ماتەملىك كېلىدۇ بىناۋا مەشۇق،
قايغۇسى ئالدىدا تىزلىقتۇر ئالەم.

قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن

① ئافەرسىياپ — تاشقورغان دەرياسىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى تاغ.

② فەرھاد ئۆستەڭى — ئافەرسىياپ تاغ ئىتىكىنىڭ باغرىدا فەرھاد قازغان ئۆستەڭنىڭ ئىزى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

③ چۈگۈرى — تاشقورغاندىكى چۈگۈرى چوققىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

④ تاش قەلئە — تاشقورغاندىكى قەدىمكى تاش قەلئە.

دەرمانسىز پۈتلىرى ئەبرىشىم يەڭلىغ،
پۈكۈلگەن تىزلىرى تاش ئۈچۈن خۇنرىز.
تاش ئۆزرە چىچىلغان قەترە قانلارنى،
يالايدۇ ئاچ قالغان تاغدىكى يىلپىز.
ماتەملىك كېلىدۇ بىناۋا مەشۇق،
ئوق تەگكەن جەرەندۇر شۇل بىچارە قىز!

كۆزلىرى سۇر بەتلىك ھالاك بىلەن سىرداش،
ئاشىقى خۇراپىي خاك بىلەن پىنھان.
سۆيۈشكەن تىنىقلار ئەمدى يىگانە،
تىكىشايدۇ شۇم ھىجىر كۆيىنى ئاسمان.
ماتەملىك كېلىدۇ بىناۋا مەشۇق،
ھەقىقەت ۋەسلىدىن ئاختۇرۇپ ئىمكان!

دەريالار شاۋقۇنى — ھەسرەتلىك «پەلەك»،
دولقۇنلار تۆكۈلگەن ياش بىلەن ھەمدەم.
قىرغاقتا بىر دەردمەن تۇرىدۇ مىسكىن،
دەردىگە تاپالماي شاپائەت مەلھەم.
ماتەملىك كېلىدۇ بىناۋا مەشۇق،
غايىپتىن كۈلىمچۇ ھەمجۆرى بۇدەم!

ھارارەت سۆيگۈسى قالمىغان تەندىن،
زىرىككەن ئىزدىز جان قاقشار دەمبەدەم.
ئەتراپىنى مۇزلاتقان قەرەلسىز سوغۇق،
بۇ ھالغا چىرماشقان بىر يۈرەك مەھكەم!
ماتەملىك كېلىدۇ بىناۋا مەشۇق،
چۇۋۇلغان چىچىغا قوندۇرۇپ شەبنەم.

قارامتۇل گوكۇمنىڭ خائىن رەسسامى،
قۇندۇزنى سىزماقتا قېنى ئاق شۇڭقار؟!
ئاھ! ئېسىت!... كۆرۈندى ئاقارغان قەبرە،
مەشۇقنىڭ مەقسىتى شۇل تامان رەفتار.
ماتەملىك كېلىدۇ بىناۋا مەشۇق،
شادلىقى جۇدالىق دەشتىدە تارمار.

نەۋقىران قەبرىدىن چىقتى «مەرھابا!»،
ۋە لېكىن چىقمىدى رەھمىتى ئادەم.
ياش ھايات سەرۋىنى كىملەر يىقىتقان؟
قېنىدۇر سۆيگۈنىڭ دۈشمىنى ئۆكتەم!
ماتەملىك كېلىدۇ بىناۋا مەشۇق،
قەلبىنى ئۆرتىگەن دەھشەتلىك ئەلەم!

سۈكۈنات ھال بىلەن ياتىدۇ قەبرە،
قۇچاقلاپ ياتىدۇ ئۇنى يەك پۈرغەم.
ھەسرەتلىك مەشۇقنىڭ يادىدا سۆيگۈ،
زەر پىچاق بىسىدا ئىچىشكەن قەسەم.
ئاھ، كۆرەر بولدۇممەن بىر جۈپ قەبرىنى،
چىللىغاچ مەشۇقنى بۈگۈن جەھەننەم!

**باتۇرجان ئاتىخان** (تاجىك)

## ئېقىنلار

دەريالارنى ھاسىل قىلار ئېقىنلار،
ئېقىن شەكسىز دەريالارنىڭ ئانىسى.
داۋالغۇيدۇ دەريالاردا دولقۇنلار،
زەر شولىنى سۆيۈپ ئۆتەر تامچىسى.

ئېقىنلارنى يادلاپ كەلگەن ئۇزۇندىن،
شوخ كۆيىدە چاڭجياڭ، تارىم، زەرەپشان.
نۇرۇن ئېلىپ مەنزىللەرنىڭ قېتىدىن،
مېھرى بىلەن كەڭلىكلەردە گۈل ئاچقان.

ئىجادىينىڭ مەنبەئىنى ئوخشاتسام،
ئوخشاپ قالدى ئېقىنلارغا دەلمۇ دەل.
پات ئارىدا دەريا بولار كۆي - ناخشام،
بەھرىسىدىن ھوزۇر ئالار ۋەتەن - ئەل.

# ئاتا ۋەسىيىتى

(چۆچەك)

بۇرۇنقى زاماندا مەلۇم بىر شەھەردە بىر ئەر - خوتۇن ياشىغانىكەن، ئۇلار پەرزەنت تەلەپ قىلىپ كېچىلىرى ئۇخلىماي دۇئا - تەكبىر قىلغانلىقتىنمۇ خۇدا ئۇ ئەر - خوتۇنغا قېرىغان چېغىدا بىر ئوغۇل بېرىپتۇ. ئۇلار بالىنى بەكمۇ ئەتىۋارلاپ بېقىپتۇ، بالا چوڭ بولغانسېرى ئەركە - نايناق، بەتخەج ئادەم بولۇپ قاپتۇ، ئاتا - ئانىسى نەسىھەت قىلسىمۇ ئاڭلىماپتۇ.

بىر كۈنى ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. دورا - دەرمان ئۈنۈم بەرمەپتۇ، ھايات قالىدىغان ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ئاتا ئوغلىنىڭ كېيىنكى تەقدىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، يۈرىكى ئازابلانغان ھالدا ۋەسىيەت قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي ئوغلۇم، بىز سېنى «ئۆيىمىزنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەيدۇ» دېگەن ئۈمىدتە كۆز قارچۇقىمىزدەك ئاسراپ بېقىپ چوڭ قىلغانىدۇق. سەن ئۇنىڭ ئەكسىچە تۇرمۇش يولىنى ئۆگەنمەي يامان كىشىلەرگە ئەگىشىپ ئەتىدىن كەچكىچە «ئېشەك ھاڭرىغان، داپ داراڭلىغان» يەرلەردە يۈرۈيسەن، تەييار نان بولسا يەيسەن، نەق پۇل بولسا خەجلىسەڭ بولىدۇ. ئۇنداق قىلىۋەرسەڭ ئالتۇن تېغىڭ بولسىمۇ تۈگەپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقا مۇندىن كېيىن پۇلنى ماڭدۇرۇپ، سەرپ بىلەن خەجلىگىن، ئەگەر بۇ نەسىھەتلىرىمگە قولاق سالماي، بېشىڭغا مۈشكۈل كۈنلەر كېلىپ يورۇق دۇنيا سەن ئۈچۈن دوزاخ بولسا، ئاتاڭغا خاس ۋىجدانىڭنى ساقلاپ قازناق ئۆيىنىڭ تورۇسىدىكى ئارغامچىغا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغايسەن...

ئاتا - ئانا شۇنداق ۋەسىيەت قىلىپ «ئاھ! يېتىم قالغان بالام» دېگىنىچە تەڭلا جان ئۈزۈپتۇ. بالا ئاتا - ئانىسى ئۈچۈن قاتتىق قايغۇرۇپتۇ، بارا - بارا ئۇلارنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ، ئويۇن - تاماشاغا بېرىلىپ كېتىپتۇ. ئۇ، ئاتا - ئانىسى قان - تەر بەدىلىگە توپلىغان پۇللارنى سۇدەك خەجلەيدىكەن. كېيىنچە دوست - يارەنلىرى كۆپىيىپ، شەھەرنىڭ بىكار تەلەپلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۆيىگە يىغىلىدىغان بوپتۇ. ئۇلار كېچىلىرى تاڭ ئاتقىچە قىمار ئويناپ، كۈندۈزلىرى كەچ كىرگىچە بەزمە قىلىپ، قورساق باقىدىكەن. بىر كۈنى بالا ئاتا - ئانىسىنىڭ نەسىھەتىنى ئاغىنىلىرىگە سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاغىنىلىرى: «بۇ ناھايىتى ئاقىل مەسلىھەت ئىكەن، پارچە خەجلىگەندىن ئالتۇن تىللالارنىڭ ھەممىسىنى ھارۋىغا بېسىپ، شەھەر كوچىلىرىدا ماڭدۇرۇپ، خەجلىگەن ياخشى ئەمەسمۇ...» دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. بالا شۇنىڭ بىلەن ئاتا - ئانىسىدىن قالغان دەپسى - دۇنيانى ھارۋىغا بېسىپ شەھەر كوچىلىرىدا ماڭدۇرۇپ، دوست - يارەنلىرى بىلەن خەجلەپ، ھەش - پەش دېگۈچە تۈگىتىپتۇ. بالىنىڭ پۇلى تۈگىگەندىن كېيىن، دوستلىرىنىڭ بىرەرسىمۇ ئۇنى يوقلاپ قويماپتۇ.

## خەزىنە

بالا بىر كۈنى يەيدىغانغا بىر نەرسە يوق، ئاچ قورساق ئولتۇرسا، تۆت - بەش قىمارۋاز ئاغىنىلىرى كىرىپ كەپتۇ. بالىنىڭ ئۆيىدە ئۇلار تاڭ ئاتقىچە قىمار ئويناپتۇ. دوستلىرىنىڭ ھە-ھۇ دېيىشى بىلەن بالىمۇ ئۆزىنى تۇتالماي، ئىككى كالىنىڭ پۇلىنى ئۇتتۇرۇۋېتىپتۇ. تاڭ ئاتقاندا جەزىنخور بالىنىڭ تىلىدىن: «قەرزىمنى بىر ئايدا قايتۇرۇپ بېرىمەن، ئەگەر شۇ مۇددەتتە قايتۇرۇپ بېرەلمىسەم، ئاتامدىن قالغان ئۆي-جاي، قەرزىم ئۈچۈن رەنىگە قالىدۇ» دېگەن مەزمۇندا ھۆججەت ئېلىپ قايتىپ كېتىپتۇ. بالا قەرز سوراپ ھەممە دوس-يارەنلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ، ئۇلار ھېچقايسىسى بىر تىيىن بەرمەپتۇ. بالا بىر كۈنى غەم-ئەندىشە بىلەن كېتىپ بارسا، بەزمە خىراجىتى ئۈچۈن قەرز بەرگەن جازانىخور ئالدىنى توسۇۋېلىپ «پۇلۇمنى ھازىر بېرىسەن» دەپ قىستاپتۇ. ئۇ «ئەتە بېرەي» دەپ مىڭ تەسلىكتە قۇتۇلۇپ ئۆيىگە كەپتۇ. تاڭ ئاتسا جەزىنخور بەرگەن مۇددەت توشىدىكەن.

بالا ئاچ قورساق ئىشىكنى تاقاپ يېتىپتۇ، دەل شۇ پەيتتە ئىشىك تاراقلاپ بىر كىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ، قولاق سالسا ھېلىقى جازانىخور ئىكەن. يەنە بىردەمدىن كېيىن دۇپۇرلىگەن ئاۋاز بىلەن بىر توپ كىشىلەر يېتىپ كېلىپ تۇۋلاشقا باشلاپتۇ:

— ھەي، ئىشىكنى ئېچىپ دەرھال ئۆيدىن چىق! ئەمدى سېنىڭ بۇ ئۆيدە تۇرۇشقا ھەققىڭ يوق...

ئىككى كېچە-كۈندۈز تاماق يېمەي ئاچ قورساق ياتقان بالا، جەزىنخورنىڭ نەشتەردەك گەپلىرىنى ئاڭلاپ، يورۇق دۇنيانىڭ ئۆزى ئۈچۈن زىندان بولغانلىقىنى چۈشىنىپ، ئۆلۈۋېلىپ، بارلىق دەرد-ئەلەمدىن قۇتۇلۇشنى ئويلاپ، ئاتىسىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا قىلغان ۋەسىيىتىنى ئېسىگە ئاپتۇ-دە، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ قازناق ئۆيگە كىرىپتۇ. قارىسا، ئۆينىڭ تورۇسىغا ئارغامچا باغلاپ قويۇلغانىكەن. بالا ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسى قىلغان سەممىي نەسىھەتكە قۇلاق سالماي، ئاخىردا مۇشۇ ئاقىۋەتكە قالغانلىقىنى ئويلاپ، مىڭ پۇشايمان قىپتۇ، پايدا بەرمەپتۇ. ئامالسىز ھېلىقى ئارغامچىنى سىرتماق قىلىپ كۆزىنى مەھكەم يۇمۇپ بويىنىغا ساپتۇ، بالىنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن «قاراس» قىلغان ئاۋاز چىقىپ، ئارغامچى ئۈزۈلۈپ بالا يەرگە يىقىلىپتۇ-دە، بورىنىڭ ئارىسىدىن چىرىڭلاپ تىللالار باش-كۆزلىرىگە چۈشۈشكە باشلاپتۇ. بالا بىر ھازادىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ سانىسا مىڭ تىللا ئىكەن، دەرھال ئىشىكنى ئېچىپ قەرزلىرىنى بېرىپتۇ.

بالا بېشىدىن ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئېسىدىن چىقارماي، ئاقكۆڭۈل كىشىلەرنىڭ مەسلىھەتى بىلەن توي قىلىپ، بىر قىز بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپتۇ، ئۇ شۇندىن كېيىن دادىسىدىن قالغان پۇللارنى تىجارەت بىلەن ماڭدۇرۇپ، كېيىنكى ئۆمرىنى باياشات ئۆتكۈزۈپتۇ.

(چۆچەكنى 110 ياشلىق داۋۇت ئېلى سۆزلەپ بەرگەن، سەيىت ئېلى، ئابدۇرشىت موللا خاتىرىلىگەن).

# ئەقىللىق ئەزىمەت

(چۆچەك)

بار ئىكەنۇ، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەنۇ، توق ئىكەن. زامانلارنىڭ بىرىدە بىر ئايال ئۆتكەنىكەن. ئايالنىڭ ئۈچ ئوغلىدىن باشقا ھېچ نېمىسى يوق ئىكەن. ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ. ئايال قېرىپتۇ، ئىشلەپ ھېرىپتۇ. ئوغۇللىرى كۈندىن - كۈنگە چوڭ بوپتۇ.

بىر كۈنى ئايال ئۆيىدە ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ، كۆڭلىنى خىيالغا تولدۇرۇپ: «بېشىم ئاقاردى، چىشىم سارغايدى، بىر پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىدى. ياخشى كۈنلەرنىڭ يامىنى بولۇپ، ئوغۇللىرىم مەندىن ئايرىلىپ قالسا، بىزار كۈنگە قالماستىن، ھالال تەرى بىلەن كۈن كەچۈرسۇن» دېگەن ئويغا كەپتۇ - دە، ئوغۇللىرىنى ھۈنەرگە بەرمەكچى بوپتۇ.

ئەنە شۇ مەھەللىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدە «داڭلىق موزدۇز» دەپ نام چىقارغان بىر باي بولغانىكەن. باينىڭ ناھايىتى يوغان بىر بېغى بولۇپ، باغدا ئالما، ئانار، ئەنجۈر، ئۈزۈم، نەشپۈت دېگەنلەر يازدىن تارتىپ كۈزگىچە پىشىپ، ساپىقىدىن ئايرىلىپ، يەرگە چۈشۈپ تۇرىدىكەن. باي ئەتىيازدىن تاكى كۈزگىچە ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدا سايىداپ، سېمىزلىكتىن ھاسىراپ ياتىدىكەن. ئۇ يىل بويى بىكار ئولتۇرغاچقا، يالغاندىنلا «مەن موزدۇز» دەپ، باشقىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى شاگىرتلىققا ئالىدىكەن - دە، ئامال قىلىپ ئۆلتۈرۈپ، كىشىلەرگە تۇيدۇرماستىن، مېۋىلىرىنىڭ تۈۋىنى كولاپ كۆمۈۋېتىدىكەن.

ھېلىقى بىچارە ئايال بىر كۈنى چوڭ ئوغلىنى باينىڭ ئالدىغا باشلاپ كېلىپ:

— ۋاي جېنىم ئۇستام، مەن بىر خوش بولۇپ قالاي، مۇشۇ بالامغا بىر ھۈنەر ئۆگىتىپ قويسىلا، - دەپ تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. ئايالنىڭ ئوغلى باينىڭ ئۆيىدە موزدۇزلۇقنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرمەي، سۈيىنى توشۇپ، ئوتۇنىنى يېرىپ، ھويلىسىنى سۈپۈرۈپ، ئىككى - ئۈچ ئاينى ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ.

بىر كۈنى «ئۇستام» بالىنى چاقىرىپ:

— مەن بۈگۈن، بىر يەرگە بارماقچى ئىدىم، قايتىپ كەلگىچە قۇمدىن يىپ ئېشىپ، سېغىزدىن چەم كېسىپ قوي. - دەپتۇ.

كەچكىچە بىچارە بالىنىڭ بېشى قېتىپ، ئۇستامىنىڭ تاپشۇرۇقىنىڭ ئامالىنى تاپالماي، راسا قېيىنىلىپتۇ. ئاخشىمى ئۇستام كېلىپ سورىغانىكەن، بالا تىرناق تاتىلاپ تۇرۇپتۇ.

— ئۇنى قىلالمىغان بولساڭ ئاۋۇ يەردىن بىر ئازگال كولا! - دەپتۇ ئۇستام بىر تۈپ ئانار دەرىخىنىڭ تۈۋىنى كۆرسىتىپ.

بېشىدىن ئىش ئۆتمىگەن گۆدەك بالا چوڭ كەتمەننى ئاپتۇ - دە، ئانار دەرىخى تۈۋىدىن بىر ئازگال كولاپتۇ. كولىغان ئازگىلى ئۆزىنىڭ بويى بىلەن تەڭ بولغاندا، ئۇستام كەينىدىن كېلىپ، بالىنىڭ ئارقا ھېڭىسىگە كالتەك بىلەن بىرنى ساپتۇ - دە، جېنىدىن جۇدا قىلىپ، كولىغان ئازگىلغا كۆمۈۋېتىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، ئايال ئوغلىنى سېغىنىپ كۆرگىلى بارسا، باي:

— بالىڭىز بەك ئوباش بالىكەن، مېنىڭ دېگىنىمگە كۆنمەي، سىز كېتىپ بىر ھەپتە ئۆتە - ئۆتمەيلا قېچىپ كەتكەن، - دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئايال ئۆيگە قايتىپ، خىيالغا پېتىپ، ئىككىنچى ئوغلىنى ئەكىلىپ بەرمەكچى بوپتۇ - دە، ئۇنىمۇ ئۇستامغا شاگىرتلىققا بېرىپتۇ.

ھېلىگەر ئۇستا بۇ بالىنىمۇ مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن باپلاپ، ئايالنى قورقۇپ - سۆزلەر بىلەن ئالداپ يولغا سالپتۇ. ئايال گەرچە ئىككى ئوغلىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆز نىيىتىدىن يانماي، كەنجى ئوغلى ئەزىمەتنىمۇ ھۈنەرگە بەرمەكچى بوپتۇ. ئايالنىڭ كەنجى ئوغلى ئىككى ئاكىسىغا قارىغاندا قاۋۇل، زېرەك، چاققان ھەم ئەقىللىق بولغاچقا، مەھەللىدىكى دوستلىرى ئۇنى «ئەقىللىق ئەزىمەت» دەپ چاقىرىشىدىكەن. ئۇ شوخ، قىزىقچى بولغاچقا، ناخشا - سازغا، ھېكايە - چۆچەكلەرگىمۇ ئۇستا ئىكەن.

ئايال ئەزىمەتنى باينىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ:

— ئۇستام، دۇنيالىقتا مۇشۇ بىرلا ئوغلۇم قالدى. مەندەك تۇل ئايالنىڭ تەلىپىنى يەردە قويماي، مۇشۇ ئوغلۇمنى بىر ھۈنەرۋەن قىلىپ قويسىلا، مەندىن يانمىسا ئوغلۇمدىن، ئوغلۇمدىن يانمىسا ئاللادىن يانار، خوش بولۇپ قالاي ... دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن باي ئەزىمەتنى ئېلىپ قېلىپ، ئايالنى ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. ئادەم قېنى بىلەن سەمرىگەن بۇ قانخور ئۇستامنىڭ پاتمە ئىسىملىك تولۇن ئايدەك ھۆسنىگە تولغان، ئۆزى ئەقىللىق، زېرەك، مېجەزى يېقىملىق، چېچەن بىر قىزى بار ئىكەن. ئۇ ئەزىمەتنى بىر كۆرۈش بىلەنلا كۆڭلى چۈشۈپ قاپتۇ. ئەزىمەتمۇ بۇ قىزنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پۇرسەت بولسىلا ئىككىسى ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىدىغان، ناخشا ئېيتىپ، ساز چېلىپ، ئۇسسۇل ئوينىشىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

ئەنە شۇنداق خۇشال ئۆتۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، پاتمە زالىم ئاتىسىنىڭ سەرىنى، سېھىرىنى ئەزىمەتكە تۆكۈپتۇ ۋە ئىككەيلەن بىر بولۇپ ئۇنىڭ ئىككى ئاكىسى ھەم نۇرغۇن گۇناھسىز كەتكەن قېرىنداشلىرىنىڭ قىساسىنى ئېلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. ئەزىمەت پاتمىدىن بۇ ئىشلارنى ئاڭلاپ، قاتتىق قايغۇرۇپ ئۇلار ئۈچۈن چوقۇم قىساس ئالماي قويمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پاتمە ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، قىساس ئالىدىغان ۋاقىتنىڭ يېتىپ كېلىشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈش ھەققىدە نەسىھەت قىپتۇ ۋە ئاتىسىنىڭ نۇرغۇن سېھىرلىك ئويۇنلىرىنى ئۆگىتىپ قويۇپتۇ.

بىر كۈنى ئۇستام يەنە شۇ كونا ئۇسۇلى بىلەن ئەزىمەتكە ئىش بۇيرۇپ قويۇپ، سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ. باي سىرتقا چىقىپ كېتىشى بىلەنلا قىز بىلەن ئىككىسى باغ سەيلىسى قىلىپ ئويناپ يۈرۈپتۇ. كەچ بولغاندا ئۇستام قايتىپ كېلىپ: «قېنى يىپ، قېنى چەم ؟» دەپ سوراپتىكەن، ئەزىمەت ھودۇقماستىن: «ئۇستام، سىرتتىن ھېرىپ-ئېچىپ كەللە، ئاۋۋال سىلىگە داستىخان سالاي، غىزالىنىۋالسىلا، ئاندىن بۇيرىغان ئىشلىرىنى ئالدىلىرىغا قوياي، تاپشۇرۇپ ئالسىلا» دەپ، ئۇستىسىنى تۆرگە باشلاپ داستىخان سالپتۇ. ئاندىن، ماۋۇ قېتىق، پۈزىنى بۇزماي ئىچسىلە، ماۋۇ قاتلىما، پارچە قىلماي يېسىلە، قېنى مەزىگە باقسىلا ... »

دەپ بىر تاۋاق قىيتىق بىلەن لەگەنگە تىزىلغان قاتلىمىلارنى باينىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ئۇستام توڭكەي چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، چىقىر كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ: «ئانىنى پارچىلىماي يېگىلى، قىيتىقنىڭ يۈزىنى بۇزماي ئىچكىلى بولامدىكەن؟» دەپتىكەن، ئەزىمەتمۇ بوش كەلمەي دەرھال: «ئۇنداقتا، سىغىزدا جەم كەسكىلى، قۇمدا يىپ ئەشكىلى بولامدىكەن؟» دەپتۇ.

سۆز تاپالماي زۇۋانى تۇتۇلغان باي قاپاقتەك ئىششىپ، ئۆلگەن ئىشەكنىڭ ئۆپكىسىدەك قىزىرىپ كېتىپتۇ ۋە «بۇ مېنىڭ بېشىمغا چىققىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ خىيالغا پېتىپتۇ، ئۆز ئۆزىگە ھاي - ھاي بېرىپ ئۆزىنى بېسىپتۇ، ھازىر ۋاقتى ئەمەسكەن دەپ پۇرسەت كۈتۈپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى ئەزىمەت ئۇستىسىنىڭ سىرتقا چىقىپ كەتكەن ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز ھۈنىرىنى سىناپ كۆرگەچ، ئاڭلىغانلىرىدىن ئانىسىنى خەۋەرلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئۇ ئۆيىگە بىرىش بىلەنلا، ئانىسى يۈز - كۆزلىرىگە قانماستىن سۆيۈپ كېتىپتۇ. ئەزىمەت بولغان ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىنى ئانىسىغا بىر - بىرلەپ ئېيتىپ، ئەمدى قىساس ئېلىش كېرەكلىكى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئۆگەنگەن سېھىرلىك كارامەتلىرىنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇۋاتقانلىقى ئۈستىدە مەسلىھەت بەرگەنىكەن، ئانىسىمۇ قوشۇلۇپتۇ. بىر كۈنى ئەزىمەت بىر «سۇف» دەپلا قاملاشقان بىر ئارغىماقنىڭ سىياقىغا كىرىپتۇ. ئانىسى ئارغىماقنى ئېلىپ بازارغا بېرىپتۇ. پۈتۈن خېرىدارلار بۇ ئارغىماققا مەھلىيا بولۇشۇپ چۆرىسىگە ئولىشىپتۇ.

— ئارغىماق قانچە تەڭگە؟

— ئوشۇق - كېمى يوق مىڭ تەڭگە.

— ......

— ......

— مانا مىڭ تەڭگە، ئارغىماقنى ئۆزۈم ئالىمەن، ئۇ ماڭا لازىم، — ئايال قارىسا، ھېلىقى موزدۇز شۇ ئىكەن.

— ئۆزلىرى؟

— شۇنداق، مەن ئوغۇللىرىنىڭ ئۇستىسى بولىمەن. ماڭا ساتماي كىمگە ساتىتىلە؟ مانا ماۋۇ مىڭ تەڭگە.

ئايال ئارغىماققا قارىغانىكەن، ئارغىماق بېشىنى لىڭشىتىپ، ماقۇللۇقىنى بىلدۈرۈپتۇ. ئۇستام ئايالغا مىڭ تەڭگىنى بېرىپ، ئارغىماقنى ئېلىپ كېتىپتۇ. ئايال بولسا ئوغلىغا چىدىماي، دەرد - ھەسرەت ئىچىدە كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ، ئوغلىنىڭ كەتكەن يولىغا قاراپ تۇرۇپ قاپتۇ.

قانخور ئۇستام بۇ ئارغىماقنىڭ سېھىرلىك ئارغىماق ئىكەنلىكىنى بىلگىنى ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈرۈپ مېۋىلىرىنىڭ تۈۋىگە كۆمۈۋېتىش نىيىتىدە ئۆيىگە ئاپىرىپلا، پۇتلىرىنى باغلاپ، گېلىغا پىچاق سۇرۇپتۇ، لېكىن پىچاق كەسمەپتۇ. بۇ ئىشتىن ئاچچىقى كەلگەن ئۇستا «پاتىمە، قىڭراقنى ئېلىپ چىق! ماۋۇ ئاتنى ئۆلتۈرۈپ، ئانار تۈۋىگە كۆمىمىز» دەپ چاقىرغانىكەن، پاتىمە پىچاق ئۆتمىدى دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، قىڭراقنى تىقىپ قويۇپ «تاپالمىدىم» دەپ چىقىپتۇ. ئۇستا: «ماڭ تاغارنىڭ تۆپىدە پالتا بار، شۇنى ئېلىپ چىق»

دەپتىكەن، پالتىنى كاتىنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويۇپ، «پالتىمۇ يوق!» دەپ يەنە قۇرۇق قول چىقىپتۇ. ئۇستامىنىڭ قاتتىق سەپرايى ئۆرلەپ: «مانىڭغا قاراپ تۇر نان قېپى، ئۆزۈم ئېلىپ چىقاي!» دەپ ئۆزى ئۆيگە كىرىپ كەتكەندە، پاتىمە ئارغىماقنىڭ پۇتلىرىنى يېشىپ تاشلاپتۇ ۋە «تېز قېچىڭ، ئۇ سىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، تېز بولۇڭ!» دەپ ئارغىماقنى قېچىشقا ئۈندەپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇستام ئۆيدىن پالتىسىنى كۆتۈرۈپ چىققىچە ئەزىمەت بىر سىلكىنىپ، كەپتەر سۈرىتىدە بوپتۇ-دە، ئۇستامىنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۇچۇپ بېرىپ، ئۆگزىنىڭ تېمىغا قونۇپتۇ. بۇ ئىشلاردىن سەپرايى ئۆرلىگەن قانخور ئۇستامىنىڭ كۆزىگە قىزىللىق تولۇپ، كۆتۈرۈپ چىققان پالتىسى بىلەن پاتىمىنى بىر ئۇرۇپتىكەن، پالتا پاتىمىنىڭ ئوڭ چېكىسىگە تېگىپ شۇ يەردىلا جان بېرىپتۇ. ئاچچىقىدا قىزىنى ئۆلتۈرۈپ قويغان ئۇستام، بىر سىلكىنىپ، لاچىن سىياقىغا كىرىپتۇ-دە، ئۆگزىدە كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ تۇرغان كەپتەرگە قاراپ ئېتىلىپتۇ. ياۋۇز ئۇستىسىنىڭ لاچىن سىياقىدا ئۆزىگە قاراپ ئېتىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئەزىمەت، ئورنىدىن قوزغىلىپ هاۋاغا پەرۋاز قىپتۇ. لاچىن بولسا كەينىدىن تاپ باستۇرۇپ قوغلاپتۇ، كەپتەر بولۇشقا قېچىپتۇ. لېكىن لاچىن كەپتەرگە زادىلا يېتىشەلمەپتۇ. شۇنداق بولۇشقا قارىماي كەپتەرنىڭ ئارقىسىدىن قارا كۆرۈنە - قاراكۆرۈنە ئۇچۇپتۇ. كەپتەر ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ، يەر يۈزىدە ئاجايىپ گۈزەل بىر باغنى كۆرۈپتۇ ۋە هېرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن باغ ئىچىگە ئۆزىنى ئېتىپتۇ. ئۇ باغ ئىچىدىكى كۆركەم شاھ راۋىقىنىڭ ئۈستىگە قونۇپ، باغقا قايتىدىن نەزەر تاشلىغۇدەك بولسا، بۇ باغ شۇنداق گۈزەل، شۇنداق كۆركەم، هاۋالىق كۆرۈنۈپتىكى، ئەيھاننىاس! رەڭگا - رەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن، بۇلبۇللار سايرىشىپ كەتكەن، ئېرىقلاردا بولسا، سۈزۈك بۇلاق سۇلىرى شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان، ئالما - ئانار، ئەنجۈر - ئۈزۈم، نەشپۈتلار پىشىپ ساپىقىدىن ئايرىلىپ يەردە ياتقان، خۇددى جەننەتنىڭ ئۆزى. ئەزىمەت بىر سىلكىنىپ، قىزىل ئەتىر گۈل سىياقىغا كىرىپتۇ ۋە مىسكىن كۆڭلىنى تىندۇرۇپ، باغ پەيزىنى سۈرۈپتۇ.

ئەزىمەتنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەن ئۇستام بولسا باغ ئىچىگە چۈشەلمەي، باغ ئۈستىدە بىر هازا لەيلەپ يۈرۈپ، ئەزىمەتنىڭ هەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپتۇ. ئاندىن ئۇ داۋۇ دەرەخسىز بىر سايغا چۈشۈپ، ئەتراپقا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن، بىر سىلكىنىپ، ياپياش بىر يىگىت سىياقىغا كىرىپتۇ. ئەپسۇن ئوقۇپ راۋابتىن بىرنى پەيدا قىلىپ، ئۇنى قولىغا ئېلىپ، مۇڭلۇق پەدىلەرگە چېلىپ، هېلىقى گۈزەل باغ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپتۇ.

بۇ باغ ئەسلىدە، مۇشۇ دىيار شاھى ئىسكەندەرنىڭ بېغى بولۇپ، باغنى شاھ ئۆز مەلىكىلىرىگە ئاتاپ ياساتقانىكەن. شۇڭا مەلىكىلەر هەر كۈنى دېگۈدەك مۇشۇ باغدىلا سەيلە-ساياھەت قىلىپ يۈرىدىكەن، ئەمما سىرتلارغا زادىلا چىقالمايدىكەن.

بۈگۈنمۇ ئۇلار ئادىتى بويىچە باغ ئارىلاپ سەيلە قىلىپ هېرىپ، شاھ راۋىقىغا كېلىپ ئولتۇرۇشىغىلا، ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا سىرتتىن مۇڭلۇق چېلىنىۋاتقان راۋاب ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەلىكىلەر ئاتىسىغا راۋابچىنى باغقا كەلتۈرۈپ راۋاب چالدۇرۇپ بېرىش ھەققىدە ئەلچى قويۇپتۇ. شاھ مەلىكىلىرىنىڭ رايىغا بېرىپ، راۋابچىنى ئالدۇرۇپ كەپتۇ - دە، ئۇنى چارباغقا باشلاپ سورۇن هازىرلاپتۇ.

راۋابچى راۋابنى سايرىتىپ، مەلىكىلەرنىڭ كۆڭلىنى شادلاندۇرۇپتۇ. شاھنىڭ خانىشى ۋە ساراي ئەمىر — مەمۇرلىرىمۇ چەكسىز ئالقىش ياڭرىتىپ، سورۇننىڭ پەيزىنى سۈرۈپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن ھەممە ئىشلار يىغىشتۇرۇلۇپ، داستىخان تەييارلىقى باشلىنىپتۇ. لېكىن گۈلدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرغان ئۇستام بولسا، پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ھېلىقى گۈلنىڭ يېنىغا كەپتۇ — دە، گۈلنى ئۈزۈپ تاشلىماق بوپتۇ. لېكىن گۈل لىپ قىلىپلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن يوقىلىپتۇ — دە، نېرىراقتا بېرىپ ئۆز ئەكسىگە كىرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن قانخور ئۇستام بىرلا سىلكىنىپ چوڭ بىر دىۋىگە ئايلىنىپتۇ ۋە ئەزىمەتكە قاراپ ئېتىلىپتۇ. ئەزىمەت تېزلىك بىلەن چېچىدىن بىر نەچچە تالنى يۇلۇپ ئېلىپ، بىر نەرسىلەرنى دەپ پىچىرلىغانىكەن، چاچ تاللىرى ئۆتكۈر قىلىچقا ئايلىنىپ دىۋە بىلەن ئېلىشىپتۇ، ئاخىرىدا دىۋىنى ئىككى پارە قىلىپ تاشلاپتۇ. بىراق دىۋىنىڭ بېشى چايانغا ئايلىنىپ ئەزىمەتكە يامىشىپتۇ. ئەزىمەتمۇ دەرھال چوڭ بىر يىلانغا ئايلىنىپ، چايانغا ھۇجۇم قىپتۇ. چايان قارچۇغىغا ئايلىنىپ، يىلان بۈركۈتكە ئايلىنىپ يەنە ئۇرۇشۇپتۇ. قارچۇغا قارا مۈشۈك، بۈركۈت بۆرە سۈرىتىگە كىرىپتۇ. كۆپ ئېلىشىپتۇ، ئاخىرى مۈشۈك يېڭىلىپتۇ. ئۇ بىر چوڭ قىزىل ئانارغا ئايلىنىپ، شەربەت كۆلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ چۈشۈپتۇ. بۆرە دەرھال ئانارنى ئېلىپ، يەرگە ئاتقانىكەن، ئانار يېرىلىپ، دانلىرى يەرگە چېچىلىپتۇ. بۆرە خورازغا ئايلىنىپ ئانار دانلىرىنى تېرىپ يېيىشكە باشلاپتۇ. بىرەر تالمۇ ئانار دانىسى قالمىغاندىن كېيىن، خوراز ئاللىقانداق بىر نەرسە يېتىشمىگەندەك، بويۇنلىرىنى ئۇيان — بۇيان سوزۇپ، قانات قېقىپ قىچقىرىپتۇ — دە، توساتتىن كۆلنىڭ بۇرجىكىدە قالغان بىر تال ئانار دانىسىنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ئۇنىمۇ تېرىپ يەۋېتىش ئۈچۈن كۆلگە سەكرەپ چۈشۈپتۇ. لېكىن ھېلىقى ئانار دانىسى سۇ ئاستىغا كىرىپ بېلىققا ئايلىنىۋاپتۇ. خورازمۇ ناھايىتى چوڭ بىر بېلىقنىڭ سۈرىتىگە كىرىپ، ھېلىقى بېلىقنىڭ كەينىدىن سۇغا چۆكۈپتۇ. ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي سۇ ئاستىدىن قىقاس — سۈرەن كۆتۈرۈلۈپتۇ. بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ تۇرغان شاھ، خانىش، مەلىكىلەر ۋە باشقىلار ئايلىنىپ كەتكىلى تاسلا قاپتۇ.

ئۇستام دىۋىنىڭ شولىسى شەكلىدە پەيدا بوپتۇ ۋە ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئەزىمەتكە ئوت پۈركۈپتۇ، ئەزىمەتمۇ خۇددى يانار تاغدەك بىر پارچە چوغ ھالىتىدە ئۇستام بىلەن ئېلىشىپتۇ، بىر — بىرىگە ئوت چېچىشىپتۇ. ئوت ئۇچقۇنلىرى تەرەپ — تەرەپكە چاچراپتۇ. ئەزىمەتتىن چاچرىغان ئوت باشقىلارغا زىيانسىز بولغىنى بىلەن، ئۇستامدىن چاچرىغان ئوت ئەتراپتىكىلەرگە زىيان ساپتۇ. بىر ئوت پارچىسى شاھنىڭ يۈزىگە يېپىشىپ، يۈزىنىڭ تۆۋەنكى يېرىمىنى، تۆۋەنكى چىشلىرىنى، ساقاللىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپتۇ. بىر ئوت خانىشنىڭ كۆكرىكىگە تېگىپتۇ — دە، شۇ ھامان ئۇنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن قاتتىق قىقاس — سۈرەن كۆتۈرۈلۈپتۇ — دە، ئەزىمەت قاتتىق نەرە بىلەن كۈچەپ بىر ئوت چاچقانىكەن، ئۇستام بەرداشلىق بېرەلمەي شۇ يەردىلا بىر تۇتام كۈلگە ئايلىنىپتۇ. ئەزىمەت ھالسىزلىنىپتۇ، پۇت تىرەپ تۇرالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىرلا « ئۇف » دەپ باغدىن ئۆزىنى چەتكە ئاپتۇ ۋە بىر خالى جاينى تېپىپ ئارام ئاپتۇ.

ئارىدىن خېلى ۋاقىتلار ئۆتۈپ، ئەزىمەت يەنە ھېلىقى ئىسكەندەر شاھنىڭ ئوردىسى ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ ئوردىغا كىرىشنى ئىلتىجا قىلسا، ئىشىك باقارلار رەت قىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ قولىغا بىر نەينى ئاپتۇدە، بولۇشىغا چېلىپ شاھنىڭ چار بېغى ئەتراپىدا چۆگىلەيدىغان بولۇپتۇ.

ئەمدى گەپنى شاھنىڭ چار بېغىدىن ئاڭلاڭ:

ئەزىمەت باغدىن غايىپ بوپتۇ، «راۋابچى» مۇ يوقاپتۇ، شاھنىڭ خانىشىمۇ كۆيۈپ كۈل بوپتۇ. مەلىكىلەر ۋە كېنىزەكلەر ئاللا - چۇقان سېلىپ يىغا - زارە قىلىشىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ساراي مەمۇرلىرى، ئەمىرلەر، ۋەزىرلەرمۇ ھەيران قېلىشىپتۇ. ھوشسىز ياتقان شاھنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشۇپتۇ. ئاخىرىچە ئىسكەندەر شاھ ھوشىغا كەپتۇ. بولغان ۋەقەلەر بايان قىلىنىپتۇ. ئاڭلىغۇچىلارنىڭ يىغانى كۆككە ئۆرلىگەن بولسا، كۆرگۈچىلەرنىڭ ھەسرىتى جاھاننى بىر ئاپتۇ. ئوردا ئىچىدە يەتتە كۈن ماتەم تۇتۇلۇپتۇ. ئىسكەندەر شاھ چوڭ گۈمبەز ياسىتىپ، خانىشىنىڭ كۈلىنى گۈمبەز ئىچىدىكى قەبرىگە قويۇپتۇ، گۈمبەزگە شامدانلار يېقىلىپتۇ.

بىر كۈنى شاھنىڭ ئۈچ مەلىكىسى ئادىتى بويىچە چار باغ ئىچىدە تاماشا قىلىشىۋېتىپ، سىرتتىن يېقىملىق بىر نەينىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قاپتۇ ۋە نەي ئاۋازىغا خۇشتار بوپتۇ. ئىشىك باقارغا بۇيرۇپ نەيچى يىگىتنى ئالدۇرۇپ كەپتۇ. ئەزىمەت باغقا كىرىشىلا شاھنىڭ كەنجى مەلىكىسىگە ئاشىق بوپتۇ - دە، ئاشىقلىق دەردىدە، نەينى بولۇشىغا چاپتۇ. مەلىكىلەر باغ ئارىلاپ يۈرۈپ قىزىرىپ پىشقان ئالمىلارغا نەزەر سېپتۇ، ئېغىزىغا سېرىق سۇ يىغىلىپ ئالما يېگۈسى كەپتۇ. لېكىن ئالما شېخىغا بويى يەتمەي ئەزىمەتنى ئالما ئېلىپ بېرىشكە بۇيرۇپتۇ.

ئەزىمەت بۇ پۇرسەتنى قاتتىق پەملەپ، قىزىرىپ پىشقان ئالمىدىن بىرنى ئېلىپ شاھنىڭ كەنجى مەلىكىسىگە، قۇرۇتلۇق ئالمىدىن بىرنى ئېلىپ ئوتتۇرانجى مەلىكىگە، يەرگە چۈشۈپ تېگى سېسىپ قالغان ئالمىدىن بىرنى ئېلىپ چوڭ مەلىكىگە بېرىپتۇ. مەلىكىلەر قولىدىكى ئالمىغا بىر قاراپ، ئەزىمەتكە بىر قاراپ، ئوردىغا يۈگرەپتۇ - دە، شاھقا بۇ ھەقتە ئەرز قىلىشىپتۇ. شاھ ئەزىمەتنى ئالدىغا چاقىرتىپ ئەھۋالنى سورۇشتۇرگەنىكەن، ئەزىمەت: «شاھ ئالىيلىرى، ئالدىلىرىدا گۇناھكارمەن. لېكىن قىلغان ئىشىم توغرا، بۇنىڭ سەۋەبى چوڭ قىزلىرىنىڭ نىكاھلىنىش مۇددىتى بەش يىل، ئوتتۇرانجى قىزلىرىنىڭ ئۈچ يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. لېكىن كەنجى قىزلىرىنىڭ نىكاھلىنىش مەزگىلى دەل يېتىپ كەلگەنىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلدىم» دەپتۇ.

شاھ بولسا ئەزىمەتنىڭ بۇ سۆزلىرىگە ناھايىتى دىققەت قىپتۇ ۋە بۇرۇن چار بېغىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئەزىمەتنى دەرھال ئوردىدىن قوغلاپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ ۋەزىر - ئەمىر ۋە ئۆلىمالىرىنى يىغىپ، قىزلىرىنىڭ مەرىكە ئىشى ئۈستىدە توختالغاندا، ئوڭ قول ۋەزىرى: «ئەڭ ياخشى چارە — ئالدى بىلەن پۈتۈن شەھەر خەلقىنى يىغايلى، ئاندىن مەلىكىلەرگە بىردىن قىزىل ئالمىنى تۇتقۇزۇپ: ‹كۆڭلۈڭ كىمنى خالىسا شۇنىڭغا ئات› دەيلى، ئۇلار كىمنى تاللىسا، شۇنىڭ بىلەن نىكاھلاپ قويايلى. شۇ چاغدا بىزمۇ ئارتۇق ئاۋارىچىلىقلاردىن خالى بولىمىز» دەپتۇ. ھەممەيلەن بۇ مەسىلىھەتكە قوشۇلۇپتۇ. ۋەزىرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مۇراسىم باشلىنىپتۇ. چوڭ مەلىكە بولسا، سالۋا تۇماقلىق، تولغۇما بۇرۇتلۇق، مەڭزىلىرى توغاچتەك قىزىل، ئۇچىسىغا قارا تون كەيگەن، بېلىگە قىزىل تاۋار بىغلاق باغلىغان گۆرەنلىك بىر يىگىتنى تاللاپتۇ.

ئوتتۇرانجىسى بولسا، تۇلكە تۇماقلىق، ئىككى مەڭزىدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان، ساقال - بۇرۇتلىرى پاكىز قىرىلغان، شىم - كەمزۇر كەيگەن، يېشىل تاۋاردىن بىغلاق باغلىۋالغان ئوتتۇرا بويى بىر يىگىتنى تاللاپتۇ. كەنجىسى: «مېنىڭ تاللايدىغىنىم كەلمەپتۇ

دەپ ئويناپتۇ. ئۇلار ئوردىغا قايتىپ كېتىۋاتسا، باشلىرىدىن يىرىڭلىك ئارىلاش قان ئېقىپ تۇرغان، شۇنداق سەت، شۇنداق كۆرۈمسىز بىر تاز ئۇچراپتىكەن، كەنجى مەلىكە: «مەن ئەشۇ يىگىتنى تاللىدىم!» دەپ ئالمىنى تازغا ئېتىپتۇ. بۇنىڭغا شاھ ئامالسىز قاپتۇ. ئۈچ مەلىكىنىڭ ئۈچ جۈرىسى تاللانغاندىن كېيىن، پادىشاھنىڭ كۆڭلى بىر ئاز بولسىمۇ خاتىرجەم بوپتۇ ۋە خاسىيەتلىك كۈننى تاللاپ توي مەرىكىسىگە تۇتۇش قىپتۇ. توي كۈنى داش قازانلار ئېسىلىپ،، كالا - قويلار سويۇلۇپ، ناغرا - دۇمباقلار چېلىنىپ، بەزمە ئاخىرلىشىپتۇ. پۈتۈن شەھەر خەلقى خۇشاللىققا چۆمۈپتۇ. مەلىكىلەر جۈپلىرى بىلەن جۈر بوپتۇ. تويدىن كېيىن شاھ كۈيئوغۇللىرىنى يىغىپ، ئۇلارغا بىردىن ئايماقنى بۆلۈپ بېرىپ، ئۇ يەرنىڭ مەمۇرىي ھەربىي ئىشلىرىنى تاپشۇرۇپتۇ. پۈتۈن خەلققە يارلىق چۈشۈرۈپ، ئۇلارغا بۇ ئىشنى ئۇقتۇرۇپتۇ. لېكىن شاھ كەنجى كۈيئوغلىغا كەلگەندە، بۇ ئىشنى ئۇقتۇرغۇسى كەلمەي، ئۇنى ئات باقار قىلىپ تەيىنلەپ، ئات ئېغىلىدىن بىرنى ئۆي قىلىپ جابدۇپ بېرىپتۇ. ئەزىمەت بۇنىڭغا غىڭ قىلماپتۇ.

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ، كۈيئوغۇللار شاھ ئاتىسىنى زىياپەتكە چىللاپتۇ. چوڭ كۈيئوغۇللىرىنىڭ ئۆيىدە داستىخانغا قولى تەگمەي قورسىقى تويۇپ قالغان شاھ، كەنجى قىزىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، ئۇنىڭ ئەكسىچە داستىخاندىن بېشىنى كۆتەرمەپتۇ. كەنجى كۈيئوغۇل بولسا پاقلان سويۇپ شورپا سېلىپ، گۆشىنى بېسىپ مانتۇ، پولۇ ئەتكەنىكەن. شاھنىڭ داستىخاندىن باش كۆتەرمەي غىزالىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن كۈيئوغۇل پولۇنىڭ ئارىسىغا بىر تال ئات تېزىكىنى سېلىپ شاھنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. شاھ ئىشتىھا بىلەن غىزالىنىۋاتسا، ئاشنىڭ ئارىسىدىن ئاتنىڭ تېزىكى چىقىپتۇ.

— بۇ نېمە گەپ!؟

— بۇ ھېچقانداق گەپ ئەمەس، ئارىلىشىپ قالغان ئوخشايدۇ......

ئەمىر - ۋەزىر، ئۆلىمالىرىنىڭ ئارىسىدا بۇ ئاھانەتكە قالغان شاھ، زىياپەتتىن كېيىنلا كەنجى قىزى بىلەن كەنجى كۈيئوغلىغىمۇ كاتتا ئىمارەت سالدۇرۇپ، ئۇلارغىمۇ بىر ئايماقنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن ئايرىپ بېرىپتۇ.

— ئەمدى بۇنچىلا قېيىلانماي، ئۆز ئەسلىڭىزگە كېلىۋېلىڭ، ئۇنچىلا نىقابلىنىۋېلىشىڭىز نېمە ھاجىتى؟ سىزنىڭ يەنىلا شۇ نەيچى يىگىت ئىكەنلىكىڭىزنى كىم بىلمەيدۇ؟ — دەپتۇ مەلىكە تازغا بىر كۈنى.

ئەزىمەت بولغان ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىنى مەلىكىگە سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقان شاھ خۇشال بولۇپ، ئۆز ئورنىغا ئولتۇرىدىغان ۋارىسىنىڭ ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولغانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇپتۇ ۋە ياراتقان ئاللاغا مىڭ تەشەككۇر ئېيتىپتۇ.

بىر كۈنى شاھ پۈتۈن شەھەر خەلقىنى يىغىپ، ئۇلارغا ئەزىمەتنىڭ ئۆز ئورنىدا يۇرتقا ئىگە بولۇپ، خەلققە باش - پاناھ بولالايدىغانلىقى، تۈرلۈك بولغۇنچىلىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئادىللىق بىلەن ئۇلارنى ئىدارە قىلىپ كېتەلەيدىغانلىقى، پۈتۈن خەلقئالەمنىڭ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشى كېرەكلىكى ھەققىدە يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەقىللىق ئەزىمەت شاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ، ئادىللىق بىلەن يۇرت سوراپتۇ. «ئەقىللىق— يۇرتنىڭ خوجىسى» دىگەن تەمسىل مانا شۇنىڭدىن قالغانىمىش.

(ئېيتىپ بەرگۈچى: قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى بارىن يېزا يولتايرىش كەنتىدىن، ئېزىز مۇھەممەت.
رەتلىگۈچى: يېڭىشەھەر ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسىدىن تالىپجان ئابدۇمۆمىن).

## قۇتلۇق ھاجى شەۋقى



ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى ۋەكىللىرىدىن بىرى، ئاتاقلىق شائىر ۋە نەسرىياتچى قۇتلۇق ھاجى شەۋقى 1876 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. دەسلەپكى مەلۇماتنى قەشقەر مەدرىسىلىرىدە ئالغاندىن كېيىن، 1908 - يىلىدىن باشلاپ «ئەزھەر» دارىلفۇنۇنىدا، ئىستانبۇل ۋە بۇخارادىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئۇزاق مۇددەت ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن، ئۆز دەۋرىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى مۇتەپەككۇر ئالىملىرىدىن بىرى بولۇپ يېتىشكەن. ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىلغار پىكىرلىك ئىجتىمائىي پائالىيەتچى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپ، خەلق ئارىسىدا مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلغان. 1933 - يىلىدىن باشلاپ «يېڭى ھايات گېزىتى»نى نەشر قىلىپ، ئۇنىڭدا ھەر خىل سىياسىي، ئىجتىمائىي مەزمۇندىكى ماقالىلەر، خەلقئارالىق خەۋەرلەر، تىل، تارىخ ۋە ئەدەبىياتقا دائىر ئەدەبىي ئىلمىي ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىش بىلەن، خەلق ئېڭىنى ئويغىتىش رولىنى ئوينىغان.

قۇتلۇق ھاجى شەۋقى ئەدەبىي ئىلمىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان 40 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە خەلقچىللىق، مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسى بىلەن سۇغۇرۇلغان كۆپلىگەن شېئىرلارنى، جەڭگىۋار مەزمۇندىكى پۇبلىتسىستىك ماقالىلەرنى يازغاندىن تاشقىرى، تارىخشۇناس ئالىم بولۇش سۈپىتىدە «تارىخىي ئەسەر ۋاقىئىي كاشغەر» ناملىق يىرىك تارىخىي ئەسىرىنى يېزىپ قالدۇرغان. 1937 - يىلى ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيەت تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ، شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە پاجىئەلىك يوسۇندا ئۆلتۈرۈلگەن.




## ئابلىمىت ھاجى

يازغۇچى ئابلىمىت ھاجى 1937 - يىلى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ ئوڭقىرىق يېزىسىدا مەرىپەتپەرۋەر دىنىي ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. 1956 - يىلى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنى پۈتتۈرۈپ، 1981 - يىلغا قەدەر ئانا مەكتەپتە تىل ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولغان. ھازىر قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا ئىشلەيدۇ.



ئابلىمىت ھاجى 1953 - يىلىدىن ئېتىبارەن ئۆز شېئىرلىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سەھنىسىدە كۆرۈنۈشكە باشلىغان. ئۆتكەن 30 يىل مابەينىدە ئۇنىڭ كۆپلىگەن شېئىر، داستان، ھېكايە، پوۋېست ۋە ئەدەبىي ماقالىلىرى ھەر قايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، «چېلىش تەنتەنىسى» (ھوشۇر ئىبراھىم بىلەن بىرلىكتە)، «ئاتا ئىزىدىن»، «خەت - چەكلەر ساۋاتى»، «تۇتىيا»، «قەمبەرنىسا»، «چىن مۇھەببەت ئۈچۈن» قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىندى. «گۈلباغ قىزى»، «ساداقەت» ناملىق ھېكايىلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1988 - يىلى ئۇنىڭغا كاندىدات ئالىي مۇھەررىرلىك ئۇنۋانى بېرىلدى. ئابلىمىت ھاجى ھازىر جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى جەمئىيىتىنىڭ، يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ، شىنجاڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.



قەشقەرنىڭ ئومۇملاشقان سودا بازىرى (ئادىل ئابدۇراخمان فوتوسى)


قەشقەر ئەدەبىياتى (19-يىل نەشرى)

«喀什噶尔文学»（双月刊）

KASHGAR LITERATURE
IN UIGHUR LANGUAGE JOURNAL

1990 - يىل 4 - سان (قوش ئايلىق ژورنال)
نەشر قىلغۇچى: قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى
تۈزگۈچى: «قەشقەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى
«قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى؛
قەشقەر ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار ۋاكالىتەن تارقىتىدۇ
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب - ژۇرنال سودىسى باش شىركىتى
(بېيجىڭ 2820 - خەت ساندۇقى)
(O.P. BOX 2820 BIEJING CHINA)
فورماتى 787 × 1092 مم، 1/16 8 باسما تاۋاق
دۆلەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: GN 65—1081/1

پوچتا ۋاكالەتەن نومۇرى: 62 — 58
باھاسى 1.00 يۈەن
تېلېفون نومۇرى: 23186